# BULAK



# بۇلاق

5

2000 源泉

ISSN 1005-0876

ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن.

«بۇلاق» ژۇرنىلىدا ئەجداتلىرىمىز ياراتقان كلاسسىك ئەدەبىيات ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنىدۇ، بۇ ھەقتىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى تونۇشتۇرۇلىدۇ. «بۇلاق» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنىۋاتقان ئەسەرلەر بىزنى ئاتا - بوۋىلار ياراتقان ئەقىل - پاراسەت، بىلىم - ھېكمەت خەزىنىسىگە باشلاپ كىرىدۇ. خەلقىمىزنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى ۋە تارىخىي سەرگۈزەشتىلىرىدىن مەلۇمات بېرىدۇ.

«بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 2001 - يىللىق سانلىرى ئۆزىنىڭ رەڭگارەڭ سەھىپىلىرى ۋە مول مەزمۇنلىرى بىلەن سىزنى مەمنۇن قىلىدۇ. ئەگەر سىز ئەجدادلىرىمىز ياراتقان مەدەنىيەت بايلىقلىرىدىن ئىپتىخار، ھوزۇر ۋە غۇرۇر ئالاي دېسىڭىز «بۇلاق» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولغايسىز. ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ بىزگە قالدۇرغان بۇ قىممەتلىك مەنىۋى مىراسلىرىنى قەدىرلەپ، ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈش ئىشى ھەممە كىشىنىڭ غەمخورلۇقى، ياردىمىگە موھتاج. مۇشتەرى بولۇش بىز ئۈچۈن ئەڭ زور قوللاش، ئەڭ ياخشى ياردەمدۇر.

«بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 58 - 108،
يەككە باھاسى: 4.50 يۈەن، يېرىم يىللىق باھاسى: 13.50 يۈەن.
جايلاردىكى پوچتىخانىلاردا مۇشتەرى قوبۇل قىلىنىدۇ.

تېلېفون: 0991-2826857

# بۇلاق

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىنىڭ

## قوش ئايلىق ژۇرنىلى

21 - يىل نەشرى

ئومۇمىي 74 - سان

**2000**

باش مۇھەررىر:  ئابلەت ئىمىن
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:  مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت
مەسئۇل مۇھەررىر:  مىرھايات مىرسۇلتان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# بۇلاق

## 2000 ـ يىللىق 5 ـ سان

## مۇندەرىجە

### ئۇيغۇر كلاسسىك خاتىرە ئەدەبىياتىدىن


تارىخى رەشىدىي ................................ مىرزا ھەيدەر كۆرەگان(5)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەتتوردى مىرزىئەخمەت


### ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن


كىتابى ئابدۇللاھ.............. ئابدۇللاھ ئىبنى خەتىب پوسكامى(12)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت ئەھەت، ئىلھام ئابدۇللا


### تارىخ ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى


بۇخارا ياكى ماۋەرائۇننەھر تارىخى ................. ھېرمان ۋامبېرى(39)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: باۋۇدۇن نىياز


### خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن


تارانچى ناخشىلىرى ...................................................... (49)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ھۇسەيىن كېرىم

## ئەدەبىي مۇھاكىمە

چاغاتاي ئەدەبىياتى .............................. ك٠م٠ فۇئاد(73)
تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى

## تىل - يېزىق تەتقىقاتى

چاغاتاي تىلىدا يېزىلغان نەزمىي ئەسەرلەردىكى جۈملە تەركىبلىرىنىڭ ئورنى........................
............................... ............................. ئايسىما مىرسۇلتان(86)

## تارىختىن ئىزلار

گۈلەمخان .............................. ئىبراھىم نورۇز(100)


*          *


خەتتات: نىياز كېرىم شەرقى
نەققاش: تۇردى قادىر نازىرى
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ


*          *


مۇقاۋىنىڭ بىرىنچى بېتىدە: ئىسمائىل ھاجى پورتېرىتى (رەسسام: جالالىدىن بەھرام)
مۇقاۋىنىڭ ئۈچىنچى بېتىدە: «كىتابى ئابدۇللاھ» نىڭ قولىيازما نۇسخىسىدىن ئېلىنغان فوتو سۈرەت.
مۇقاۋىنىڭ تۆتىنچى بېتىدە: قۇمتۇرا مىڭ ئۆيىنىڭ سىرتقىي كۆرۈنۈشى.

# تارىخى رەشىدى

## مىرزا ھەيدەر كۆرەگان

### موللا مۇھەممەدنىياز ئىبن ئەبدۇلغەفۇر تەرجىمىسى

### نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

«زەپەرنامە» دىن ئېلىنغان نەقىل:

## ھەزرىتى ساھىبقىراننىڭ بەشىنچى نۆۋەت موغۇلىستانغا يۈرۈش قىلغانلىقىنىڭ بايانى

نۇسرەت قۇچقان لەشكەرلەر موغۇلىستاندىن ھېسابسىز ئولجا غەنىمەتلەرنى ئېلىپ كەلدى. ھەزرىتى ساھىبقىران شۇ يىلى موغۇلىستانغا يۈرۈش قىلماقچى بولدى. ئەمىر مۇسانىڭ ئوغلى مۇھەممەد بەگ ھەزرىتى ساھىبقىرانغا كۈيئوغۇللۇق شەرىپى بىلەن بەختىيار ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن ئەمىر ئابباس ۋە ئاقتېمۇر باھادىرنى ئالدىن يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتتى. بۇلار پەرمانغا بىنائەت كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرۈپ، بۇغام ئىسسىغكۆلدە ئەمىر قەمەرىددىنگە يەتتى. ئۇلار بىرلا مەردانە جەڭ بىلەن قەمەرىددىننى قاچۇرۇپ، ئەل ئۇلۇسىنى بۇلاپ ـ تالاپ ئەسىر قىلدى. بەختىيار ساھىبقىران مەدەتكارلىق ئۈچۈن ئۆزى تاكى قوچقار دېگەن جايغىچە باردى. ئۇ جايدا ئۇنىڭ مۇبارەك قۇلىقىغا ئاڭلاندىكى، توختامىش ئوغلان ئۇرۇس خاندىن ۋەھىمە قىلىپ ئۈمىد يۈزىنى ئالىي دەرگاھقا قويۇپ كەلدى. ھەزرىتى ساھىبقىران ئىستىقبال رەسمىيەتلىرىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئۆزبېك ئەمىرلىرىدىن ئەمىر تۈمەنگە پەرمان قىلىپ: «توختامىش ئوغلاننىڭ ئىستىقبالىغا چىقىپ، ئۇنى ئىززەت ۋە ئىكرام بىلەن ئېلىپ كەلگەي» دەپ ئەۋەتتى. ساھىبقىران ئۆزى يۇمغال يولى بىلەن يۈرۈش قىلىپ ئۆزگەندكە چۈشتى. ئۇ يەردىن يۈرۈپ بەخت ۋە ئىقبال بىلەن سەمەرقەندكە قايتتى. ئەمىر تۈمەن توختامىش ئوغلاننى باشلاپ ئېلىپ كەلدى ۋە ئۇنىڭ دۆلەت ئۇلۇغلىرىنى ساھىبقىران بىلەن كۆرۈشتۇردى. ھەزرىتى ساھىبقىران ئۇنىڭ يېتىپ كەلگەن كىشىلىرىنى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن كۈتتى. ئۇلارنى ئېزىزلاپ، ئىھتىرام قىلىشتا ھېچبىر دەقىقىنى نەزەرىدىن ساقىت قىلمىدى. مەجلىس رەسمىيىتىنى ئادا قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارغا نۇرغۇن مال، ئالتۇن ـ جاۋاھىر، كىيىم ـ كېچەك، كېمەر، جابدۇق، ئاقچە، ئات، تۆگە، چېدىر، بارىگاھ، دۇمباق، بايراق ۋە باشقا شاھانە ھەيۋەت ھەشەمەت ئەسلىھەلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىنئام قىلدى. مىسرائ:

---

① بېشى ئۆتكەن ساندا

ۋەسفىن دىيەئالماس بەيان، شەرھىن قىلائالماس قەلەم.

ھەزرىتى ساھىبقىران غايەت ئىشەنچ ۋە ئىھتىرام تۇيەيلىدىن توختامىشنى «ئوغلان» دەپ ئاتىدى.

## ئەمىر قەمەرىددىنىڭ ئاخىرقى ئەھۋالىنىڭ بايانى

ئەمىر قەمەرىددىنىڭ ئاقىۋىتى ھەققىدىكى ئەھۋالنى پەقىر مۇھەممەد ھەيدەر ئىشەنچىلىك موغۇل ئۇلۇغلىرىدىن مۇنداق ئاڭلىغانىدىم: ئەمىر قەمەرىددىن تاغدا قېچىش جەريانىدا ئىستىسقا كېسىلىگە دۇچار بولۇپتۇ. كېسەل شۇ دەرىجىگە يېتىپتۇكى، ئۇنىڭ دوۋسىنى ئىششىپ ئۇستىدىن يېرىلىپ زەرداپ ئاققىلى تۇرۇپتۇ. مۇشۇ ئەھۋالدا تۇرغاندا، ئەمىر تېمۇرنىڭ لەشكىرى كېلىۋاتقانلىق خەۋىرى ئاڭلىنىپتۇ. لېكىن ئەمىر قەمەرىددىندە ئاتتا ئولتۇرغۇدەك ماجال ۋە قۇۋۋەت قالمىغانلىقتىن، خەلقى ئۇنى جاڭگال ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ، ئىككى چاكارنى ۋە بىر مۇنچە ئوزۇق-تۈلۈكنى قېشىدا قالدۇرۇپ قويۇپ، قېچىپ كېتىپتۇ. ئەمىر تېمۇرنىڭ لەشكىرى قەمەرىددىننى تاپالماي يېنىپ كەتكەندىن كېيىن، قەمەرىددىنىڭ قېچىپ كەتكەن خەلقى يېنىپ كېلىپ جاڭگالنى ئىزدەپتۇ. لېكىن نە ئەمىر قەمەرىددىن، نە ھەمراھلىرىدىن ئەسەرمۇ تاپالماپتۇ. ئۇلارنىڭ يا ئۆلۈكى يا تىرىكىدىن خەۋەر بولماپتۇ. شۇنداق قىلىپ خالايىق ئۇنىڭ يامانلىقىدىن خالاس بولۇپتۇ. ئەمىر قەمەرىددىن يوقالغاندىن كېيىن، ئەمىر تۆمۈر موغۇلىستان تەرەپتىن خەتىرجەم بولۇپتۇ ۋە ئالتىنجى نۆۋەت موغۇلىستان ئۇستىگە كېلىپتۇ. شۇندىن ئېتىبارەن موغۇلىستاندا تىنچلىق ھاسىل بولۇپتۇ.

### «زەپەرنامە» دىن ئېلىنغان نەقىل:
## خىزىر خوجەخاننىڭ بايانى

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، خىزىر خوجەخان تۇغلۇق تېمۇرخاننىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ئاخىرقىسى ئىدى. ئۇ سۈت ئىمىۋاتقان ۋاقتىدا ئاتىسىدىن ئايرىلدى. خىزىر خوجەخاننىڭ يېشى 12 گە يەتتى. ئەمىر قەمەرىددىنىڭ ئاپىتىدىن قورقۇپ ئۇنى قەشقەردىن قاچۇرماقچى بولدى. ئەمىر خۇدايداد ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك كىشىلىرىدىن ھەمراھ قىلىشنى ئويلىغانىدى. لېكىن مىر ئاغا مەنئىي قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئۇنىڭغا ئۆز مۇلازىملىرىڭنى ھەمراھ قىلمىغىن. چۈنكى خىزىر خوجەخان قاچانكى خانلىق تەختىدە ئولتۇرسا، بۇ ھەمراھ بولغانلار ئەلۋەتتە مۆتىۋەر ۋە ئەزىز بولغۇسىدۇر. ئۇلار ساڭا ۋە پەرزەنتلىرىڭگە دۈشمەن بولۇر. چۈنكى ئۇلار بىزنى ئەمىر خودايداد ۋە ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى مەنسىتمەيدۇ دەپ ئويلاپ، ئەلۋەتتە سىزلەرگە دۈشمەن بولۇر. ئەڭ ياخشىسى ناتونۇش كىشىلەرنى ھەمراھ قىلغىن».

شۇنداق قىلىپ ئەمىر خۇدايداد ئادەتتىكى خەلقتىن 12 كىشىنى خىزىر خوجەخانغا ھەمراھ قىلدى. كېيىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەمىر بولدى. ھازىرمۇ ئەمىرلەر شۇلارنىڭ نەسىللىرىدىندۇر. ئۇلارنىڭ بىرى خارەزملىق بىر سودىگەر ئىدى. كۆنچى ئەمىرلىرى ئۇنىڭ

نەسلىدىندۇر. يەنە بىرى چالىشلىق بىر ئوۋچى ئىدى. ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىمۇ ئەمىرلەردىن بولدى. ئۇلارنىڭ لەقىمى قۇشچىدۇر. ئەمما كۆڭۈلداشىمۇ دېيىشەتتى. ئەمىرلەر ئاشۇ قەۋمدىن ئىدى. 12 كىشىدىن قالغانلىرىمۇ مەنسەپدار بولدى.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ھەزرىتى خىزىر خوجەخاننى بەدەخشان ۋە قەشقەر ئارىسىدىكى تاغلارغا ئېلىپ باردى. بۇ چاغدا ئەمىر قەمەرىددىننىڭ جاسۇسلىرى بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپتى. خىزىر خوجەخاننى مەزكۇر 12 كىشى ئۇ تاغلاردىن ئېلىپ قېچىپ، خوتەن تاغلىرىغا باردى. ئۇ يەردىمۇ ۋەھىمىگە چۈشۈپ قالدى. شۇندىن كېيىن ئۇ يەردىن سېرىق ئۇيغۇر چەرچەن، لوپ، كىتىك تەرەپلىرىگە باردى. 12 يىل شۇ تەرەپلەردە كۈن كەچۈردى. ئەمىر قەمەرىددىن بۇ ئالەمدىن كەتكەندىن كېيىن، خالايىق خاننى ئىزدىدى. ئەمىر خۇدايداد خىزىر خوجەخانغا كىشى ئەۋەتىپ ئېلىپ كەلدى. خالايىق يىغىلىپ كېڭەش مەسلەھەت قىلىپ ئۇنى خان قىلىپ كۆتەردى. شۇنداق قىلىپ موغۇل خانلىقىدا بىرلىك ھاسىل بولۇپ سەلتەنەت ئىشلىرى راۋاج تاپتى. موغۇلىستاننىڭ تۈرلۈك ئىشلىرى روناق تاپتى. ئەمىر تېمۇر بىلەن سۈلھى قىلىشىپ، دوستلۇق ئورنىتىلدى. تەۋەككۇل خېنىم ھەزرىتى خاننىڭ ھۆجرىلىرىدىكى پاك بىر مەسۇمە ئىدى. ئۇنى ئەمىر تېمۇرگە ياتلىق قىلىپ بەردى. «زەپەرنامە» دە بۇلار بايان قىلىنغان بولۇپ، تەپسىلاتى ناھايىتى ئۇزۇن.

سۆزنىڭ خۇلاسىسى شۇكى، خان شۇ كۈنلەردە خىتاي تەرىپىگە غازاتقا باردى. تۇرپان ۋە قارا خوجا شۇ ۋاقىتلاردا خىتاي مەملىكىتىگە قوشۇۋېلىنغان ئىدى. بۇ شەھەرلەر شۇ ۋىلايەتلەردىكى شەھەرلىرىنىڭ چوڭراقى ئىدى. خىزىر خوجەخان ئۆزى غازات قىلىپ ئۇ دىيارنى ئىشغال قىلىپ، ئىسلامغا كىرگۈزدى. ھازىرمۇ ئۇ يەرلەر ئىسلام يۇرتلىرىدۇر. موغۇل خانلىرىنىڭ پايتەختى قەشقەردىن قالسا تۇرپاندۇر. نەقىل قىلىنىشىچە، شۇ قېتىمقى غازاتتا چۈشكەن مال غەنىمەتلەرنى ھەزرىتى خان شەرىئەت ھۆكۈمى بىلەن تەقسىم قىلدى. خانغا بىر ئەتلەس ۋە بىر كۆك كالا تەقسىم قىلىندى. بۇنىڭدىن مەقسەت شۇكى، خىزىر خوجەخان تۇغلۇق تېمۇر خاننىڭ ئىسلام دۆلىتىنى يېڭىلىدى ۋە ئەمىر تېمۇر زامانىدا ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلدى.

يەنە «زەپەرنامە» دە بايان قىلىنىشىچە، ئەمىر تېمۇر مەغرىب ۋە شىمال تەرەپتىكى مەملىكەتلەردىن خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن، شەرق تەرەپتىكى دىيارلارغا يۈزلەندى. ئۇ دىيارلارنىڭ ئۇلۇغى خىتاي مەملىكىتى ئىدى. خىتايغا لەشكەر تارتىشنىڭ تەپسىلاتى ئۇزۇن. ئەمما، قىسقىچە ئەھۋال شۇكى، ئۇ سەپەرگە سەككىز يۈز مىڭ لەشكەر تەييارلاندى. بارلىق لەشكەرلەرگە يەتتە يىللىق يەم - خەشەك بېرىلدى. ئىراق ۋە رۇمغا لەشكەر تارتىلغاندىمۇ يەتتە يىللىق ئاش - ئوزۇق بېرىلگەنىدى. لېكىن خىتاي بىلەن ماۋەرائۇننەھر ئارىسىدا ئاۋاتلىق كەم بولغانلىقى ئۈچۈن، ئوزۇق - تۈلۈك ۋە ئەسلىھەلەر جەھەتتە ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇپ ھازىرلىق كۆرۈلدى ۋە يەنە مۇنداق تەييارلىق قىلىندى: ھەر ئادەم بېشىغا ئۆزىنىڭ ئوزۇقىدىن باشقا ئىككى سېغىن كالا، ئون سېغىن ئۆچكە تەييارلاندى. چۈنكى ئوزۇق تۈگىگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ سۈتى ئوزۇق قىلىنىدۇ. سۈتىمۇ تۈگىگەندە ئۇ ھايۋاناتلارنىڭ گۆشى ئوزۇق بولىدۇ. شۇنداق تەييارلىقلاردىن كېيىن، سەمەرقەندتىن راۋان بولدى. شۇ يىلى قىشتا تۈركىستاندا قىشلاق قىلدى ۋە ھەزرىتى خىزىر خوجەخانغا كىشى ئەۋەتىپ: «ئىمكانىيەتىنىڭ بارىچە زىرائەتكە تىرىشچانلىق قىلىڭلار ۋە لەشكەرلەرگە ئوزۇق - تۈلۈك تەييار قىلىڭلار» دەپ پەرمان قىلدى. پەقىر ئاتام (تەڭرى ئۇنىڭ قەبرىنى نۇرلۇق قىلغاي) دىن كۆپ قېتىم مۇنداق ئاڭلىغانىدىم: «دەسلەپكى باھار ۋاقتىدا موغۇلىستاننىڭ مەشھۇر

www.uyghurkitap.com



جايلىرىدىن بىرى بولغان كۆكتۆپەدە يېڭى قىمىز چىققان چاغ ئىدى. موغۇلنىڭ قەدىمىي ئادەتلىرى بويىچە شۇ كۈنلەردە توي قىلىنغانىدى. خان ئەمىر خۇدايداد بىلەن بىللە كاسىدا قىمىز تۇتۇپ تۇراتتى. شۇ ئەسنادا دۆلەت ئۇلۇغلىرىدىن بىرى ئەمىر تېمۇرنىڭ ئەلچىسىنىڭ خەۋىرىنى ۋە ئېلىپ كەلگەن سۆزىنىڭ مەزمۇنىنى خانغا بايان قىلدى. خىزىر خوجەخان كۆڭلىدە: «ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش، قونالغۇ ۋە سورۇن بېرىپ، خىراجىتىنى ئۈستىمىزگە ئېلىشنىڭ ئار - نومۇسىنى كۆتۈرىدىغان بولدۇق. ئەجەپ قاتتىق ئەھۋالغا يولۇقتۇق» دەپ ئويلىدى ۋە بۇ ئەندىشە بىلەن خاننىڭ قولىدىكى قىمىز يەرگە تۆكۈلۈپ كەتتى. ئەمىر خۇدايداد بۇنى كۆرۈپ ئەرز قىلدىكى: «ھازىرچە راھەت - پاراغەت كاسىسىدىن ئىچىپ تۇرۇش كېرەك. شۇنداق ئېيتىلغانكى، نەزم:

كېلۇر غەمنى يېمەك بۇ ئەيشى نەقدىمغە بېرۇر بەرھەم،
ئۇشۇل بېھراقىكى، تاڭلەنىڭ ئىشىن تاڭلەغە قويغايسەن.

يەنە شۇنداق ئېيتىلغانكى، بىر ئالىمنى ئاسمانغا ئاتساڭ تاكى ئۇ چۈشۈپ بولغۇچە پاك تەڭرىنىڭ يۈز قىسمى رەھمىتى چۈشۈپ بولىدۇ. تاكى يەنە بىر يىلغىچە ئۇلۇغ ۋە قۇدرەتلىك تەڭرىنىڭ نەچچە مىڭ تۈرلۈك رەھمەتلىرى باردۇر. شۇڭا، بۇ ۋاقىتنى خۇشاللىق بىلەن ئۆتكۈزمەك كېرەك.»

ئەمىر خۇدايداد بۇ سۆزنى تېخى تۈگىتە - تۈگەتمەيلا خاننىڭ بارگاھى تەرەپتىن قارا ئاتقا مىنگەن ئاق كېيىملىك بىر كىشى ئات چاپتۇرۇپ چىقىپ كەلدى - دە، خالايىق ئاتتىن چۈشىدىغان جىلاۋخانىدىمۇ ئاتتىن چۈشمەي يۈگۈرۈتۈپ ئۆتۈپ، خالايىق سەپ تۈزۈپ تۇرغان يەرگە يېتىپ كەلدى. ياساۋۇللار ھەر تەرەپتىن ئۇنى توسۇشقا باشلىدى. ئۇ كىشى پەرۋا قىلماي ئاتنى چاپتۇرۇپ خانغا يېقىن كەلدى. ئاندىن: «ئەمىر تېمۇر ئوتراردا ئۆلدى!» دەپ ۋاقىرىدى - دە، ئارقىسىغا яندى ۋە كەلگەندىكىدەك ئات چاپتۇرۇپ چىقىپ كەتتى. ئۇنى ھەرقانچە چاقىرىپ: «توختىغىن، خەۋەرنى تولۇق ئېيتقىن!» دەپ ۋارقىراشقان بولسىمۇ، ئۇ كىشى ھېچ ئىلتىپات قىلمىدى. ئارقىسىدىن نەچچە كىشىنى ئەۋەتتى. ئۇلار قانچە قوغلىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ چاڭ - توزانلىرىغىمۇ يېتىشەلمىدى. شۇندىن كېيىن ئۇ كىشىدىن ياكى ئەمىر تېمۇرنىڭ ۋاپاتىدىن ھېچ خەۋەر مەلۇم بولمىدى. تاكى 40 - 45 كۈنلەردىن كېيىن خەۋەر كېلىپ، ئەمىر تېمۇرنىڭ ئوتراردا ئۆلگەنلىكى ئايان بولدى. ئۇ خەۋەر بەرگۈچىنىڭ سۆزى راست بولۇپ چىقتى. ھەر ھالدا ھەزرىتى خان ئۇ مېھنەت ۋە غەمدىن خالاس بولدى. خىزىر خوجەخان تارىخقا 770 - يىلدىن ئىلگىرى تۇغۇلغان ئىكەن. مەزكۇر ۋەقە 808 - يىلىدا[①] بولغانلىقى مەلۇم. ئەمما، خىزىر خوجەخاننىڭ ئەمىر تېمۇردىن نەچچە يىل كېيىن ۋاپات بولغانلىقى مەلۇم ئەمەس. تەڭرى ئەڭ بىلگۈچىدۇر.

خىزىر خوجەخان خانلىق تەختىدە بەرقارار بولۇپ سەلتەنەت سۈرگەندىن كېيىن خانلىق ئاساسىدا ئەمىر قەمەرىددىننىڭ پاراكەندىچىلىكى ۋە ئەمىر تېمۇرنىڭ تەھلىكىسىدىن پەيدا بولغان تەۋرىنىشلەر يېڭىباشتىن تىنجىدى. سەلتەنەت ئۇسلۇبى ۋە قەدىم قائىدىلىرى پۈتۈنلەي بۇزۇلغان ئىدى. ئۇنى ئالاھىدە پەرمان بىلەن تۈزىدى. مەملىكەت ئىشى ۋە دۆلەت ئەركانلىرى ھۆكۈمەت ئەھكاملىرىنى چىڭ تۇتۇپ، تەرتىپكە سالدى. شۇ جۈملىدىن بىرى ئەمىر خۇدايداد ئەمىرلەرنىڭ مۇھىمى ئىدى. ئۇنىڭ ئوراتوبۇرا ئاتلىق بوۋىسىغا چىڭگىزخان يەتتە مەنسەپ

① رۇسچە نەشرىدە «807 - يىلى» دېيىلگەن.

بەرگەن ئىدى. بۇ يەتتە مەنسەپنىڭ تەپسىلاتى تۆۋەندىكىچە، بىرىنچى: تەبل، ئىككىنچىسى، ئەلەم. بۇلارنى تۈركىي تىلىدا تۇمەنتۇغ ۋە ناغرا دەيدۇ. ئۈچىنچىسى، مۇلازىملىرىدىن ئىككى كىشىگە قوشۇن تۇغ بەرگەي. تۆتىنچىسى، قۇر كۆتەرگەي، يەنى موغۇلنىڭ قائىدىسى بويىچە خاننىڭ مەجلىسىدە ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ كىشى ئوقيايىنى قولىدا كۆتۈرۈپ يۈرەلمەيدۇ. بەشىنچى، شىكار پەيتىدە ھەرقانداق كىشى ھەتتاكى توشقان ئۆلتۈرگۈچى كىشى بولسىمۇ ئۇ كىشىنىڭ نۆكىرى بولغاي. بۇ مەنانى تۈركىي سۆزدە مۇنداق ئىپادە قىلغان. بۆدۈنە تۇتقان، توشقان ئۆلتۈرگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ سىزىقىدىن چىقمىسۇن. ئالتىنچىسى شۇكى، پۈتكۈل موغۇل ئۇلۇسىغا ئەمىر بولغاي. نىشاندا ئۇنىڭ ئېتىنى موغۇل ئۇلۇسىنىڭ سەردارى دەپ يازغاي. يەتتىنچىسى، دىۋان خانىدا ئەمىرلەر ئۇنىڭدىن بىر ياي بويى يىراقتا ئولتۇرغاي. چىڭگىز خاننىڭ ئۇراتۇبۇراغە بەرگەن يەتتە مەنسىپى شۇلار ئىدى. ئەمىر بولاجى تۇغلۇق تېمۇر خاننى قالماق يۇرتىدىن ئېلىپ كېلىپ، خانلىق تەختىدە ئولتۇرغۇزغاندا، تۇغلۇق تېمۇر خان ئەمىر بولاجىنىڭ بۇ خىزمىتى ئۈچۈن يۇقىرىقى يەتتە مەنسەپكە يەنە ئىككى مەنسەپنى قوشۇپ توققۇز مەنسەپنى بەردى. بۇ ئىككى مەنسەپنىڭ بىرى، قوشۇن ئەمىرلىرىدىن ھەربىر ئەمىرنىڭ مىڭ نۆكىرى بولسا ئۇنى مەنسەپتىن چىقىرىش ۋە مەنسەپ بېرىشتە ئىختىيارىغا ئىگە بولغاي ۋە خاننىڭ ھۆكۈمىگە مۇھتاج بولمىغاي. ئىككىنچىسى شۇكى، ئەمىر بولاجىنىڭ نەسلىدىن بولغان ھەربىر كىشى تاكى توققۇز خىل گۇناھ قىلمىغىچە ئۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈرۈلمىگەي. گۇناھى توققۇزغا يەتسە ئۇنىڭ سورىغىنى قىلماقچى بولسا، ئۇنى ئىككى ياشار بولغان ئاق ئاتقا مىندۈرگەي ۋە ئۇنىڭغا ئىززەت قىلىپ ئېتىنىڭ ئاستىغا ئاق كىگىز سالغاي. ئۇنىڭ سۆزىنى خانغا بارلاستىن بولغان ئەمىر يەتكۈزگەي ۋە خاننىڭ سۆزىنى ئۇنىڭغا ئەركىنۇتتىن بولغان ئەمىر يەتكۈزگەي. دېمەك يارغۇ - سوراقنى مۇشۇ ئۇسۇلدا قىلغاي. گۇناھى ئۆلۈمگە تېگىشلىك گۇناھ بولسا، توققۇز گۇناھىنىڭ ھەممىسى ئېنىق بولسا، ئۇنىڭ ئىككى شەرىكىدىن قان ئالغاي. ئۇنىڭ بەدىنىدە قان قالمىغۇچە قان ئاققاي. يۇقىرىقى ئىككى ئەمىر ئىككى يېنىدىن ئۇنى يۆلەپ تۇرغاي. پۈتۈن قېنى چىقىپ ھالاك بولغاندىن كېيىن، بۇ ئىككى ئەمىر يىغلاپ ئۇنى تاشقىرىغا ئېلىپ چىققاي، دەپ بۇ توققۇز مەنسەپكە خەت نىشانە قىلىپ بەرگەنىدى. تۇغلۇق تېمۇرخاننىڭ ئۇ نىشانىنى پەقىر كۆرگەنىدىم. چۈنكى بوۋىلىرىمىزدىن قالغان بۇ خەت قولىدىن قولغا قېلىپ ئاتام (تەڭرى ئۇنىڭ جايىنى نۇرلۇق قىلغاي) غا تەگكەنىدى. ئۇ نىشان شاھىبېكخاننىڭ پاراكەندىچىلىكىدە يوق بولدى. ئۇنىڭ سۆزلىرى ۋە خېتى موغۇل ئۇسلۇبىدا ئىدى. مەن مۇنداق ئاڭلىغانىدىم، ئۇ نىشاننىڭ ئاخىرىدا: «توڭغۇز يىلى باھار ۋاقتىدا قۇندۇز ۋىلايىتىدە يېزىلدى» دەپ پۈتۈلگەنىكەن. بۇ سۆزلەرنى خەلق تاكى قۇندۇزغىچە بولغان جايلارنىڭ ھەممىسى تۇغلۇق تېمۇزخاننىڭ تەختى تەۋەلىكىدە ئىكەنلىكىگە دەلىل قىلاتتى. ئەمما ئۇلار تۇغلۇق تېمۇرخاننىڭ ئەھۋاللىرىدىن بىخەۋەر ئىدى. پەقىر بۇ كىتابتا تۇغلۇق تېمۇرخاننىڭ ئەھۋاللىرىنى يۇقىرىدا بايان قىلدىم ۋە «زەپەرنامە» دىن نەقىل كەلتۈردۇم.

خىزىر خوجەخان ئەمىر بولاجىنىڭ ئوغلى ئەمىر خۇدايدادنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ئەمىر قەمەرىددىننىڭ بالايى ئاپىتىدىن قۇتۇلۇپ، خانلىق تەختىدە ئولتۇردى. ئۇمۇ ئۇلۇغ بوۋىسىنىڭ قائىدىسى بويىچە ئۇ توققۇز مەنسەپكە يەنە ئۈچ مەنسەپ قوشۇپ 12 مەنسەپ قىلىپ، ئەمىر خۇدايدادقا بەردى. بۇ ئۈچ مەنسەپنىڭ بىرى شۇكى، توي كۈنلىرىدە خاننىڭ ئۈچ ياساۋۇلى سەپلەرنى راسلىغاي. ئەمىر خۇدايدادنىڭ بىر ياساۋۇلىمۇ سەپلەرنى راسلىغاي. ئىككىنچىسى، توي كۈنلىرىدە مەجلىستە ئوڭ قول تەرەپتە بىر كىشى خاننىڭ پىيالىسىنى

www.uyghurkitap.com



كۆتۈرۈپ تۇرغاي، سول قول تەرىپىدە بىر كىشى ئەمىر خۇدايدادنىڭ پىيالىسىنى كۆتۈرۈپ تۇرغاي. بۇ ئىككى پىيالە خانغا ۋە ئەمىر خۇدايدادقا خاس بولغاي. ئۈچىنچىسى شۇكى، خەت نىشانلارغا مۆھۈر باسقاندا سۆز تامام بولغان يەرگە ئەمىر خۇدايداد مۆھۈر باسقاي ۋە شۇ قۇرنىڭ ئۈستىگە خان مۆھۈر باسقاي.

بۇ 12 مەنسەپ ئىنئام قىلىنغاندىن كېيىن، خىزىر خوجەخان ئەمىر خۇدايدادنىڭ ئىسمىغا نىشان خېتى قىلىپ بەرگەنىدى. بۇ 12 مەنسەپ ئەمىر خۇدايدادتىن كېيىن ئوغلى مۇھەممەد شاھ كۆرەگانغا قارار تاپتى. ئەمىر مۇھەممەد شاھتىن كېيىن ئۇنىڭ قېرىندىشىنىڭ ئوغلى مىرسەئىد ئەلى كۆرەگانغا قالدى. ئاندىن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىغا قالدى. ئۇنىڭدىن ئوغلى مۇھەممەت ھۇسەيىن مىرزا كۆرەگانغا قالدى. مۇھەممەت ھۇسەيىن مىرزا پەقىر مۇھەممەت ھەيدەرنىڭ ئاتامدۇر. ئاتام شەھىد بولغاندىن كېيىن، تاغام سەيىد مۇھەممەت مىرزا سۇلتانى شەھىد سۇلتان سەئىدخان (ئاللاھ ئۇنىڭ جايىنى نۇرلۇق قىلغاي) نىڭ خىزمىتىدە بولغان ئىدى. سۇلتان سەيىدخان بۇ مەنسەپلەرنى تاغامغا ئىلتىپات قىلغانىدى. بۇ ۋەقەلەر بۇ «تارىخى رەشىدىي» نىڭ ئىككىنچى دەپتىرىدە زىكىر قىلىنغۇسىدۇر.

مەزكۇر مەنسەپنىڭ قارار قىلىنغان دەسلەپكى ۋاقتى تارىخقا 625 ـ يىلىدىن ئىلگىرى چىڭگىزخاننىڭ زامانىدا ئىدى ۋە ئاخىرى سۇلتان سەيىدخان ۋاپات بولۇپ تاغام قەتلى قىلىنغان ۋاقىت، يەنى تارىخقا 940 ـ يىلى مۇھەررەم ئېيىنىڭ دەسلىپىگىچە بۇ قائىدە داۋام قىلغان، بۇ دەۋر ئاخىرلاشتى. نۆۋەت رەشىد سۇلتانغا يەتتى. ئەجدادلار قائىدىسىنىڭ ئورنىغا ئەۋلادلارنىڭ زىدىيىتى ئالماشتى. ھەممىنى بارلىققا كەلتۈرگەن ئۇلۇغ ۋە پاك تەڭرىگە تەشەككۇركى، نۆۋەت پېقىرگە يەتتى. مەخلۇقنىڭ بەندىلىكىدىن بۇ بەندىنى ئازاد قىلدى. خانغا ۋە مەنسىپىگە مۇھتاجلىقتىن پەقىرنى خالاس قىلدى. ئەي تەڭرىم، پەقەت سېنىڭ ئىنايىتىڭلا نۇقسانسىزدۇر. ئۇنىڭ ھەربىر زەررىچىسى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە نىجاتلىققا سەۋەبتۇر. زاھىرىمنى مەخلۇقنىڭ بەندىلىكىدىن ئازاد قىلغاندەك باتىنىمنىمۇ باشقىلارنىڭ باغلىقىدىن ئازاد قىلغايسەن ۋە ھەممىدىن خالاس ئەتكەيسەن، ئۆزۈڭگىلا گىرىپتار قىلغايسەن. نەزم:

يا رەب، ھەمە خەلقنى ماڭا بەدخۇ قىل،
ئالەم ئېلىدىن ھەممە مېنى نىكۇ قىل.
كۆڭلۈم يۈزىنى ھەممە جىھەتدىن ياندۇر،
ئۆزۈڭ سارىغە يەكجىھەتۇ يەكرۇ قىل.

## خىزىر خوجەخاننىڭ ئوغلى مۇھەممەدخاننىڭ زىكرى

مۇھەممەدخان خىزىر خوجەخاننىڭ ئوغلىدۇر. خىزىر خوجەخاننىڭ مۇھەممەدخاندىن بۆلەك يەنە شەمئى جاھان خان، نەقشى جاھان خان دېگەندەك باشقا ئوغلانلىرىمۇ بار ئىدى. ئىسان بۇغا خاندىن كېيىن موغۇل يۇرتى ئىچىدە چاغاتاي خانلىرىدىن تۇغلۇق تېمۇر خاندىن باشقا كىشىلەر قالمىغىنىغا ئوخشاش، يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك تۇغلۇق تېمۇر خاندىن كېيىن ئەمىر قەمەرىددىن تۇغلۇق تېمۇر خاننىڭ تامام پەرزەنتلىرىنى ئۆلتۈرۈپ پەقەت خىزىر خوجەخاندىن باشقا كىشى قالمىغانىدى. بۇ ۋەقەلەر زىكىر قىلىنىپ ئۆتتى. خىزىر خوجەخاندىن كېيىن پەرزەنت ۋە نەۋرىلەر تولا بولدى. ئەمما ئۇلارنىڭ ھەربىرلىرىنىڭ ئەھۋالاتى ۋە ئۇنىڭ تەپسىلاتى موغۇل ئۇلۇغلىرىنىڭ خاتىرىدە قالماپتۇ. موغۇل خانلىرىنىڭ

ئەجدادلىرى ئەھۋالاتىدىن پەقىرگە ئېنىق بولغانلىرىنىڭ ھەممىسى زىكىر قىلىندى. ئەمما، ئۇلارنىڭ كىم ـ كىملەر ئىكەنلىكى تەپسىلىي مەلۇم ئەمەس. شۇڭا، خىزىر خوجەخاننىڭ پەرزەنتلىرىدىن مۇھەممەدخاننىڭ زىكرىلا بايان قىلىنىدۇ.

مۇھەممەدخان دۆلەتمەن، مۇسۇلمان سۈپەت، ئادالەتلىك، يۈرەكلىك خان ئىدى. دىن، شەرىئەت ۋە ئادالەتكە شۇ قەدەر جىددىي تىرىشچانلىقلار قىلدىكى، موغۇل ئۇلۇسىنىڭ كۆپىنچىسى ئۇنىڭ مۇبارەك زامانىدا ئىسلامغا مۇشەررەپ بولدى. موغۇل ئەھلىگە ئىسلام ھۆكۈملىرىنى جارىي قىلىشتا ناھايىتى قاتتىق سىياسەتلەرنى قىلدى. شۇنداق دەپ مەشھۇر بولغان ئىدىكى، مۇھەممەدخان ئەگەر موغۇللاردىن بېشىغا دەستار كىيمىگەن كىشى كۆرۈلسە ئۇنىڭ بېشىغا مىخ قاقتۇراتتى. پۈتۈن شەرىئەت ھۆكۈملىرىدە ئەنە شۇنداق تىرىشچانلىقلارنى كۆپ كۆرسىتىپ ئاللانىڭ ياخشى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

موغۇل خەلقىنىڭ ئارىسىدا شۇنىسى مەشھۇركى، ئەمىر خۇدايداد ئالتە خاننى خانلىققا ئۆز قولى بىلەن ئولتۇرغۇزۇپتۇ. ئۇ ئالتە خاننىڭ بىرى ئاشۇ مۇھەممەدخاندۇر. بۇ خان چادىركۆل دېگەن جاينىڭ شىمال تەرىپىدە بىر رابات بىنا قىلىپتۇ. ئۇ راباتقا شۇ قەدەر چوڭ تاشلارنى ئىشلىتىپتۇكى، كەشمىر ئىمارەتلىرىدىن باشقا يەردە مۇنداق مۇستەھكەم ئىمارەتتىن يەنە بىرىنى كۆرمىدىم. ئۇ ئىمارەتنىڭ پەشتىقى ماتا گېزىدە 20 گەز كېلىدۇ. ئۇنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرسە ئوتتۇرىسىدا بىر كوچا بار، تەخمىنەن 30 گەز بولسا كېرەك. ئۇ يەردە يەنە بىر گۈمبەز بولۇپ، 20 گەز ئەتراپىدا. بۇ گۈمبەز ناھايىتى كۆركەملىكى بىلەن باشقا گۈمبەزلەردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. كىچىك گۈمبەزلەرنىڭ ئەتراپىدا ناھايىتى ئەپچىل ھۇجرىلار بىنا قىلدۇرۇلغان. غەرب تەرىپىدە بىر مەسچىت بار، 20 گەز ئەتراپىدا. بۇ ئىمارەتلەرنىڭ ھەممىسى تاشتىن قىلىنغان ۋە ئىشىكلىرىنىڭ ئۈستىگە بىر پارچىدىن پۈتۈن تاش قويۇلغان. پەقىر كەشمىر ئىمارەتلىرىنى كۆرمىگەن چاغدا ماڭا بۇ راباتنىڭ ئىمارەتلىرى ناھايىتى ئاجايىپ ـ غارايىپ كۆرۈنەتتى. چادىركۆل شۇ راباتنىڭ ئىسمى بىلەن تاش رابات مەھەللىسى دەپ مەشھۇر بولغان.

مۇھەممەدخاننىڭ زامانىدا ماۋەرائۇننەھردە شاھرۇخ مىرزا تەرىپىدىن مىرزا ئۇلۇغ بەگ رەسەت باغلىغان. ئۇ دانىشمەن پادىشاھ ئىدى. ئىراق ۋە خۇراسانغا مىرزا شاھرۇخ پادىشاھ ئىدى.

مۇھەممەدخاننىڭ تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان تارىخى مەلۇم ئەمەس. ئەمما، ئۇ زاماننىڭ تارىخلىرىنى ھېسابقا ئالغاندا، مۇھەممەدخاننىڭ ۋاپاتى تارىخىنىڭ تەخمىنەن 860 ـ يىلىدىن ئىلگىرى ئىدى (تەڭرى ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر).

## مۇھەممەدخاننىڭ ئوغلى شىرمۇھەممەدخاننىڭ زىكرى

مۇھەممەدخاننىڭ نەچچە ئوغۇللىرى بار ئىدى. ئۇلار ئىچىدىن شىرمۇھەممەدخان ئاتىسى مۇھەممەدخاندىن كېيىن ئىستىقلالىغا ئىگە خان بولدى. ئۇنىڭ زامانىدا ناھايىتى ئەمىنلىك بولدى. خالايىق ناھايىتى خاتىرجەم، ئازادە ھالەتتە ئىدى. ئۇنىڭ ئىنىسى شىر ئەلى ئوغلاندىن ئۇۋەيسخان ئاتلىق بىر ئوغۇل قالدى. شىر مۇھەممەد خان بىلەن ئۇۋەيسخان ئارىسىدا زىدىيەت بار ئىدى. بۇ كېيىن زىكىر قىلىنغۇسىدۇر. شىرمۇھەممەدخاننىڭ سەلتەنىتى مۇھەممەدخاندىن ئۇزاقراق داۋام قىلدى. ئۇمۇ مىرزا شاھرۇخ بىلەن زامانداش ئىدى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# كىتابى ئابدۇللاھ[1]

## ئابدۇللاھ ئىبنى خەتىب مۇھەممەد سادىق ئاخۇند فوسكامى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت ئەھەت، ئىلھام ئابدۇللا

## ئۈچىنچى باب كاسىبلارنىڭ ۋە نىئمەتچىلەرنىڭ بەيانى

[ئاچقۇچ سۆزلەر]: قەسساب، نانباي، ئاشفەز، كاللافەز، ھېسىبچى، كەبابچى.

بىرۇ بارىمغە سەنا ئايتتىم مەنىڭ كۆڭلۈم ئېرىپ،
ئېرىگەچ ھەق سۇنىئىدىن كۆڭلۈمگە كۆپ كۈلكۈم كىرىپ.
كىردى بۇ كۆڭلۈمگە كۈلكۈم، كۈلكۈدىن مەن كۈلمەگۈم،
كۈلمەگۈم كۈلگۈم بۇ كۈلگۈنچەكلىكىم تۆكتۈم يىرىپ.
كۈلسە كۈلمەكلىك كەرەملىك كىردىگارىم كارىغە،
كارى كۆپ كۆرمەككە يەر - كۆكنى كۈلۈپ يۈركۈم قىرىپ.
قىرىسام ئۆلمەي ئەگەر كۆرگۈم تولا ھەق سۇنئىنى،
قىلدى ھەق قەسسابۇ نانباينى، يۈرۈپ كۆرگۈم ھىرىپ.
يەنە بىر ئۇستامۇ بار ئاشفەز ئۆزى ئۇستە تەئام،
كاللافەز بىرلە ھېسىپچىلىقنى مەن كۆردۈم غەرىب.
بار شۇبۇ خورەكچىلەردىن بىر كەبابچىلىق ھۇنەر،
ئېتەدۇر ئېلنى باغىر قۇرتلۇقغە كۈندۈردۈم بېرىپ.
سەنمۇ قىلساڭچۇ يۈرەكنى ھەقغە، ئابدۇللاھ، كەباب،
مەن كەبابغە كۆپ مۇھەببەتلەرنى ئۈندۈردۈم تېرىپ.

## مارتاڭچى ۋە شىينە - شەربەتچىلەرنىڭ بەيانى

[ئاچقۇچ سۆزلەر]: لەڭمەنچى، مارتاڭچى، ماشئۇگرەچى، ئاچچىقسۇچى، رەخابچى، شەربەتچى، قايماقچى، مەيچى.

ھەق جەنابىغە سەنا ئايتماق ئۈچۈن بولدى بۇ باب،

---

① بېشى ئۆتكەن ساندا

نەزم ئەيلەي نىئمەتنى مەن شۆبۆ بابغە قوشاب.
بەندەلەرگە بىلدۆرۆپ هەق نازۆ نىئمەت ئەتكەلى،
نەچچەسى لەززەتچىلىق قىلدى خېمىرلارنى سوزاب.
بەئزىسى مارتاكچىلىق قىلدى ئۆۋاقنى ئۆن قىلىپ،
ئاڭا قوشتى لوبىيا، كۆنجود، ياڭاقلارنى سوقاب.
يا ئۆزۆم قاتتى ۋەيا قاتمايمۆ ئاق مارتاڭ ئېتىپ،
شىينە مارتاڭ دەپ بىرى بار تىشىنىڭ تۆبىدىن ئوراب.
قالماسۆن ماشئۆگرەچى، ئاچچىقسۆچى بۆ هەم هۆنەر،
دىگەر ئەيلەي مەن رەخابچىنى، قىلۆر مۆزدىن دوغاب.
شىينە - شەربەتچى بىلەن قايماق - قېتىقچىلار قېنى،
ئالىپ ئىچمەي چارە يوق، ئالسە نىسى فۆلدىن بوغاب.
بىر بەرادەر بار يەنە كەسبى ئانىڭ ئوتياشچىلىق،
سەي تېرىپ، گۆل بىرلە ئول يەر تۆرغۆسى يىدلىق پۆراب.
تېرىسە گۆل بىرلە ئوتياش يەرگە هەم جان كىرگۆزۆر،
قوللىرى ئوتياشقە مەشغۆل قارغەدەك ئاندا قوناب.
ئۆنسە چامغۆر هەم تۆرۆپ، بەيسەي، فىيازۆ كۆدەلەر،
سەبز دەپ بىر ئاشقى ئاش بار يېمەك رەسمى يوناب.
زىكر قىلسام مەن بۆلارنىڭ ئىسمى نەچەند قىسمدۆر،
قانچە زەهمەتدۆر بۆ نىئمەتنى تېرىپ، تۆبدىن ئوتاب.
هېچ نىئمەتقۆ تېرىماي يۆردۆڭ، ئابدۆللاه، بىكار،
تېرىساڭ ئاخىر ئوراپ ئالغاي ئىدىڭ قالدىڭ بوشاب.

## گوشتغە پەنتى بار كاسىبلارنىڭ بەيانى

[ئاچقۆچ سۆزلەر]: فوكانچى، زەيتاب، تارىچى، سەييياد.

مەن هەقغە كۆپ سەنا بىرلە سەلات دەپ،
دېدى بىزگە: سەلات بىرلە زەكات دەپ.
زەكات بەرمەي يېگەن قان بىرلە تەڭدۆر،
دېگەيكىم كۆرسە قان: ئىتغە يالات دەپ.
فوكانچىدۆر كىشى مالىن بۆغۆزلار،
دېگەيمىز ئانى: كۆڭلى قاتمۆ قات دەپ.
ئالۆر زەيتاب ئۆچەي، فوقلۆق كۆتەننى،
ئاتىلماس بۆ هۆنەرسىز فاختە فات دەپ.

بۆ زەيتابنىڭ ياندا تارىچى بار،
بىلۆر تارى ئۆننى ئىسمى زات دەپ.
بۆ ئۆچ كاسىبغە سەييادلىق بەرابەر،
دېگەي: بۆ ئۆلسە، مەن قالسام هەيات دەپ.
سەبەب سەيياد كىيىپ بىز قاما تەلفەك،
قاما بەرمەي، خوتۆن يەرسىز كاچات دەپ.
كاچات بەرمەي سەن ئابدۆللاهغە تۆتتۆڭ،
سۆيەر تاتلىق خوجام نۆقلە نەبات دەپ.

## دېهقان، تىككۆچى ۋە باشقا كاسىبلارنىڭ بەيانى

[ئاچقۆچ سۆزلەر]: دېهقان، بابكار، سەيفۆڭ، مۆزەدۆز، چورۆقچى، جۆببەچى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەلفەكچى، بۆكچى، جىيەكچى، ئەبرىشىمكار، بەقەسەمچى، شاھىچى، چىتفۇرۇش، كىمخابچى، تاۋارچى، دودۇنچى، مووۇتچى، مەخمەلچى؛ باغلىق، قەۋاب؛ بەلباقچى، سەرگەزچى، بوياغچى، ساغراچى، ئۇشتەگىر.

ھەمدى بىھەد ئەھكەمۇل ـ ھاكىمغەدۇر ئالىيجەناپ،
ئۇشبۇ ھاكىم ھىكمەتىنى نە كىشى بولغاي ساناپ.
زاھىر ئەيلەپ ھىكمەتىدىن ئەندىكى بىز بەندەگە،
بەئزىلەر دىھقان بولۇپدۇر رىزق ئۈچۈن يەرنى چاناپ.
رىزقدىن سۈڭ ئىنسۇ جىنلارغە لىباس ھاجەت ئېرۇر،
نەچچەسى بابكارچىلىق قىلدى سەرەنجاملار ياساپ.
يەنە سەيفۇڭ، موزدۇز، چورۇقچى ھەم فايفاقچىدۇر،
جۇببەچى، تەلفەكچى، بۆكچى ھەم جىيەكچىغە تاقاپ.
ئەبرىشىمكار، بەقەسەمچى، شاھىچى ھەم چىتفۇرۇش،
نەزمىگە كىمخاب، تاۋار، دودۇنچىنى ئايتقان سەۋاپ.
قالماسۇن مووۇتچى، مەخمەلچى بىلەن ياغلىقچىلار،
ھەم قەۋاب، بەلباقچى، سەرگەزچى، بوياغچىغە جەۋاب.
ساغراچىيۇ ئۇشتەگىر نىچۈن قالىپدۇر ئايرىلىپ،
خاتىرىمغە ئەمدى كەلدىلەر سۈڭالچاقنى غاجاپ.
سەن بۇ كاسىب ـ ئۇستالارنى دىمە، ئابدۇللاھ، يامان،
ھەممىسى كەسبىنى كۆڭلىدە ساڭا قىلدى ئاتاپ.

## كۆرۈكچى ھۈنەرمەندلەرنىڭ بەيانى

[ئاچقۇچ سۆزلەر]: تۆمۈرچى، كەتمەنچى، قۇلفچى، مىخچى، قاداقچى، يىڭنەچى، فىچاقچى، قازانچى، زەرگەر، مىسكەر.

ھەمد ئايئاي تەڭرىنىڭ زاتىغە ئەشئار سۆز قىتىپ،
سۆز قىتىپ مەنكىم مۇبادا قالماغايمەن يۈز كىتىپ.
يۈز كىتىپ قالماغلىق ھەمدۇ سەنانىڭ يۈزىدىن،
يۈزىدىن بۇ سۆزنى ئالدىم زىھنىم ئاندا تۈزىتىپ.
تۈزىتىپ كۆڭلۈم نەچە كاسىب سۆزىگە كۆپ قىزىق،
كۆپ قىزىقلىقدا تۆمۈرچى ئۇستامىزنى سۆزلەتىپ.
سۆزلەتىپ كۆڭلۈم تۆمۈرچى يەنە كەتمەنچى بىلە،
قۇلفچى، مىخچى، قاداقچى، يىڭنەچىغە كۆز ئېتىپ.
كۆز ئېتىپدۇرمەن فىچاقچى ھەم قازانچى ئۇستەغە،
ئۇستەغە زەرگەرۇ مىسكەرنى ھەممىشە دوزلاتىپ.
دوزلاتىپ خەلق بۇ ئىكى ئۇستامنى ئەمما دوز ئېمەس،
دوز ئېمەس دونياداكىلەر ئۇشبۇ سۆزگە دوز چىتىپ.
دوز چىتىپ قويمە فوتوسەڭ خەتكە، ئابدۇللاھ، تۆزۈڭ،

ئۆزۈڭ ئانداغ سۆزنى قىلماق بىرلە مۇنداغ مۇز فىتىپ.

# ياغاچ بىلەن قىلۇر (مەشغۇل بولىدىغان) كاسىبلارنىڭ بەيانى

[ئاچقۇچ سۆزلەر]: ياغاچچى، ئاياقچى، قوشۇقچى، گۆگۈتچى، ئەررەچى، يىكچى، شالچى، ئىگەرچى، ماشنەچى، گۇلچى، سۇبەتچى، دۇتارچى، شىناچى، چەرخچى، ئۇتانچى، جۇۋازچى، نەغمەچى، چىغرىقچى، ئافتۇتچى، سىرچى، بوراچى، غەلبىرچى، ئەلگەكچى، سەھافچى، ئەربەكەش، كىمەچى، تۆگۈرمەنچى.

تۆمەن مىڭ ھەمد ئايتاي ھەقغە مەن ئۆزۈمنى زار ئەيلەپ،
ئىچۇككىم ئافەرىدە قىلدى ئۇل بىزلەرنى بار ئەيلەپ.
بارىغە كەسبىسىنى نازۇ نىئمەتغە قىلىپ بائىس،
بۇ بائىس بىرلە بارچە ئۆزگەنى ئۆزگە يار ئەيلەپ.
يارانلار بەئزى خورەكچىيۇ بەئزى كاسىبى ئەسباب،
قىلۇر بەئزى لىباس لازىملىقىنى ئانچە كار ئەيلەپ.
بۇلاردىندۇر ياغاچچى يا ئاياقچى يا قوشۇقچىلار،
گۆگۈتچى، ئارىچى① يىكچىيۇ شالچىنى قاتار ئەيلەپ.
ئىگەرچى، ماشناچى، گۇلچى ھەم سۇبەتچىلەر بىرلە،
دۇتارچى، شىناچى، چەرخچى، ئۇتانچى قالدى خار ئەيلەپ.
جۇۋازچى، نەغمەچى، چىغرىقچى، ئافتۇتچى بىلەن سىرچى،
يەنە ھەم بوراچى، غەلبىرچى، ئەلگەكچى كەنار ئەيلەپ.
سەھافچى، ئەربەكەش بىرلە كېمەچى ھەم تۆگۈرمەنچى،
تۆگەرمۇ بىلمەگەنلەرنى دېسەم سۆز مىڭ تەغار ئەيلەپ.
بۇ ئۇستاملار سەبەب بولغاچ تاپىپ دۇنيا يۈزى زىينەت،
جەھاننى قىلدى مەئمۇر كەسبىنى لەيلۇ نەھار ئەيلەپ.
سىنىڭ كەسبىڭ نەدۇر نەزم ئەيلەمەكدىن ئۆزگە، ئابدۇللاھ،
سۇنۇق مۇزدىن ساۋۇق كۆڭلۈڭنى ئۆزۈڭچە بەھار ئەيلەپ.

# يىپ بىلەن قىلۇر (مەشغۇل بولىدىغان) ھۇنەرمەندلەرنىڭ بەيانى

[ئاچقۇچ سۆزلەر]: خەلىلباب، زىلچەباب، زەردۇز، نۇختەچى.

خۇداغە نەزم ئايتىم نەزم ئەيلەپ ھەرزەمان فات - فات،
مۇنى فات نەزم قىلماقغە كۆڭۈلدە خۇشلۇقۇم قات - قات.

① قولىيازمىنىڭ ھاشىيەسىدە «ئەررەچى» دەپ يېزىلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بۇ قاتلاشلىقدا نەچە ئۇستە ھەرقايدا بولۇپ قاتلاش،
قاتىلماسدىن كىگىزچىلەر مەمەلالەتدىن قىلىپ خات ـ خات.
خاتىلداپ خوب مەلۇل خاتىر ئىكەننى مەنمۇ خوب بىلگەچ،
قاتاي ئەمدى خەلىلبابىنى تەغار ئەتسۇن توقۇپ شات ـ شات.
شاتىلداپ بۇ تەغارچىلار يەنە ئاندىن توقۇپ خۇجۇن،
خۇجۇنچى ھەم گىلەمچىلەر توقۇغۇنچە قىلىپ غات ـ غات.
يەنە ھەم زىلچەباب، زەردۇز قاتىلسۇن نۇختەچى بىرلەن،
قاتىلماق سۆزىگە ھەرگىز بۇرۇن مىشقىرماسۇن مات ـ مات.
بۇلارگە سۆز قاتىپ ئۆزۈڭنى قاتماق يوقمۇ، ئابدۇللاھ،
قاتىلساڭچۇ ئۆزۈڭ مۇنچە ۋتىلداپ يۈرگۈچە ۋات ـ ۋات.

## فاختە بىلەن قىلۇر (مەشغۇل بولىدىغان) ھۈنەر ۋە كاغەزچىلەرنىڭ بەيانى

[ئاچقۇچ سۆزلەر]: فاختەچى، ئاتقۇچى، كاغەزچى.

ياراتقان تەڭرىغە شۈكر ئايتقالى كۆڭلۈم قىلىپ ئادەت،
بۇ ئادەتلەرنى قىلماغلىق مۇسۇلمان ئەھلىگە تائەت.
بەرابەر بولغۇسى تائەت بىلەن كەسبى ھەلال قىلماق،
ھەلال كاسىبغە تائەت بولدى كەسبىنى قىلۇر ھالەت.
بۇلارنىڭ جۈملەسىدىن بىرنى بىزلەر فاختەچى دەرمىز،
بىرىنى ئاتقۇچى ئۇل فاختەنى ئاتقان ئەجەب ئالەت.
يەنە ھەم فاختە لازىم ئۇستالارنىڭ بىرى كاغەزچى،
بۇ كاغەز ئادەمىزاد ھەم فەرزىنداغە ئېرۇر ھاجەت.
كىشىكىم بىر رەۋىش قىلسە بولۇر كاغەزگە ھاجەتمەند،
خۇسۇس كۆپ خاسىيەت مۇندا دۇرۇد بىرلە ھەدىس، ئايەت.
شەھەنشاھلار ھەمە ئەسرارىنى كاغەزگە ئايتۇرلار،
كۆڭۈل دەردىنى كاغەزدەك بىلۇرگە كىمدە بار تاقەت.
ھۈنەرنىڭ ئۇلۇغى كاغەزچىلىق دەپ بار خىيالىمدا،
سەبەب كاغەز بولۇپ ئالەمنى شەيتان قىلماغاي غارەت.
قۇتۇپ كاغەزچىنى بارچە بىلە كاغەزگە، ئابدۇللاھ،
ئۇقۇپ ئىشتمەك ھەۋەس بىرلە دېدى بۇ يوقلۇقى ئافەت.

## تىبىب، ئەتتار، سەرتەراش، سابۇنچىلارنىڭ بەيانى

[ئاچقۇچ سۆزلەر]: تىبىب، ئەتتار، سەرتەراش، سابۇنچى.

خۇداغە ھەمد ئايتۇرمەن ئەجەلدىن بولسەلەر مۇھلەت،

بۇدۇر مۇھلەت يۈز ئۆيرۈپ بۇ جەھاندىن قىلماسام رىھلەت.
ياراتىپ خەلقنى پىنھان ئۆزى زاھىر ئانىڭ سۈنئى،
بۇ سۈنئىنى خەلايىقلارغە كۆرسەتكەچ بېرىپ مېھنەت.
خۇدا ئۆز لۇتفى بىرلە بەئزىنى بىزگە تىببىب ئەيلەپ،
خەلايىق دەفئى ئەيلەرگە كېلىپدۇر بولسەلەر زەخمەت.
زەرەر - زەخمەت ئىلاجىنى ساتۇرلار دارۇ دەپ ئەتتار،
كېسەلگە دە فئى بەردى ھەق ئانىڭ بىرلە ئىدى ئەخلەت.
ئەجەبدۇر سەرتەراش تىغ بىرلە باشدىن ساچنى ئالغايلار،
تۇشۇرگەن باش كېسىلگەندىنمۇ يوق كۆڭلىدە بىر ۋەھشەت.
سابۇنچى ئۇستە دەيدۇرمىز ئالىپ ياغ ھەم شاخالارنى،
ئۇلارنى ئېرىتىپ سابۇن قىلۇرغە ئەتكۈسى شەربەت.
بۇ شەربەتدە ئېتەر سابۇن ئالۇر خەلق بارچە ئەر - خاتۇن،
سابۇندا ئىگنى ئاق بولغاننى كۆرسە قوزغالۇر شەھۋەت.
جەھاندا ئۇستالار قىش - ياز سەن ئابدۇللاھغە ئىشلەيدۇر،
جەفاسىغە ئېچىڭ ئاغرىپ دېگۈڭ ھېچ بارمۇدۇر رەھمەت.

# لاي بىرلە قىلۇر (مەشغۇل بولىدىغان) ھۈنەرمەندلەرنىڭ بەيانى

[ئاچقۇچ سۆزلەر]: خىشتچى، تۇزچى، تامچى، گىلكار، كوزەچى.

خۇداغە ھەمد ئايتسام خوب فەزىلەت،
فەزىلەتسىز ماڭا تاڭلا غەزىلەت.
غەزىلەت كۆرمەسەم دېگەن كىشىلەر
كىشىلەردىن بولۇر ئەھلى شەرىئەت.
شەرىئەت ھەم تەرىقەتدە ھەلال خوب،
خوب ئېرمىشدۇر ئەگەر قىلسە ھەقىيقەت.
ھەقىيقەت بىرلەكىم ھەقنى تاپىپدۇر،
تاپىپدۇر ھەقنى ئول ئەھلى تەرىقەت.

تەرىقەت ھەم شەرىئەتدە رەۋش چوڭ،
رەۋش چوڭ دېسەلەر كەسبى غەنىيمەت.
غەنىيمەت خىشچى، تۇزچى، تامچى، گىلكار،
بۇ گىلكار كوزەچى ياخشى مەئىيشەت.
مەئىيشەتدۇر سەبەب رىزقى ھەلالغە،
ھەلالغە كۆڭلىنى قىلغاي دەلىيلەت.
دەلىيلەت قىلسە ئابدۇللاھ ئۆزىنى،
ئۆزىنى راست ئېتىپ قىلغاي ئەقىيدەت.

# ئاتغە لازىملىقنى قىلۇركاسىبلارنىڭ بەيانى

[ئاچقۇچ سۆزلەر]: سەرراج (ئىگەرچى)، توقامچى، قامچىباب.

سەنا رەززاق ئىگەمگە رىزىق بەردى فۇل بىلەن يامۇت،
دەرەختلەرنى ياراتىپ ھەم قىلىپدۇر ئۈجمەدىن شاتۇت.
جەھان خەلقى بۇ نېئمەت قىسمىنى يەپ - دەپ تۆگەنمەيدۇر،

بىرىپدۇر بىر دەرەختدىن ھەق يەنە نەشۋىت بىلە ئامۇت.
تەڭ ئىرمەس كۆز، قولاق بىرلە ئاغىز، بۇرنىغە ھىچ نىئمەت،
مىنەرگە ئات ـ ئۇلاغ بەردى، فىيادە يۇرگەلى يا فۇت.
نەچە كاسىب ـ ھۇنەرمەندلەر ئۇلاغ مىنگۇچىگە ئىشلەر،
قىلىپ سەرراج، ئىگەر، قۇشقۇن، يۇگەن، ئات بولمادى نابۇت.
توقامۇ ئۇچالىق، جەزلىك، مۆلە تىكتىكى داناالار،
ۋە بەئزى قامچى ئەتتى ئاتدا ئانى تۇتماغىل يا تۇت.
ئانى تۇتقان كىشى ئۇرسە خۇدا مەخلۇقىنى ناھەق،
قىساسى ھەق ئەگەر ھەرقانچە بايدۇر قامچىسى ياقۇت.
شىكايەت قىلمە، ئابدۇللاھ، ساڭا كۆپ قامچىمۇ ۋاجىب،
ھەن ھەم ئات ئۇرغانىڭغە ئەسلا كارناي تارتمادىڭ تاتۇت.

## سىتىقچى، دەللال، بىدىك، فىيكى، چىلىمچىلارنىڭ بايانى

[ئاچقۇچ سۆزلەر]: سىتىقچى، دەللال، بىدىك، فىيكى (تاماكــــچــــى، تاماكا قاتارلىقلارنى ياسىغۇچى)، چىلىمچى.

خۇداغە ھەمد، ئانىڭ رەسۇلىغە سەلەۋات،
دىسەم ھەمىشە ئاڭا بىتىلگۇسى ھەسەنات.
بىرىپ بۇ خەلقى جەھانغە رىزقىنى سەبەب بىرلە،
ئانىڭغە قۇدرەتى يەتمەسكە يەتكۇزۇپ سەدەقات.
سالىپ خۇدايىتەبارەك بەندەلەرنى ھەر يولغە،
ۋە بەئزى بولدى سىتىقچى تىلدا ھەر نىچۇك كەلەمات.
بۇ جۇملەدىن بىرىنى دىگۇمىز ھەمە دەللال،
بىدىكمۇ داخىل ئاڭا ئۆرلەشىپ قىلۇر ئەرەفات.
بىلىپ ھۇنەرى فىيكى نارس، تەماكۇ ئەتمەكنى،
بۇلارنى چەكتى نە ياخشى زات يا بەرەكات.
يەنە بىرىنى دىسەم بۇ ئۇلۇغ ھۇنەرلەردىن،
چىلىمچىلىقغە يىتەرمۇ ھىچ ۋەلىي كۇنى ئەرەسات.
ھەۋەسمۇ قىلمە ئۇلارنى دوراماقغە، ئابدۇللاھ،
چىلىمدا تافتى مەقام ئەھلى مەرتەبەئۇ دەرەجات.

## تۆتىنچى باب فەرىشتە ۋە جىنلارنىڭ بەيانى

[ئاچقۇچ سۆزلەر]: فەرىشتەلەر.

سەنا ئايتماق خۇدا ئىززۇ ۋە جەلگە دىل ـ زەبان بائىس،

زەبان گويا بولۇرغە تەندە بىرجان ئىنجەنان بائىس.
بېرىپ جان بىرلە ئىمان جۇملە بىجانلارغە ئۇل رەھمان،
تەرەھھۇمغە مەلائىكلەر بىلەن ئەھلى جەھان بائىس.
ياراتتى مالىكۇل - مۇلك ئۇل مەلائىكلەرنى ھەر قىسمى،
ياراتىلماقدا ئېرمەسدۇر پەدەر - مادەر، زەنان بائىس.
ئۇلارنى ئاڭلاسام ئۇستىدە ئەسلا بىر ئىگىنمۇ يوق،
ساۋۇق ئۆتمەسلىكىگە بولمادى كوڭلەك - چەفان بائىس.
خىيال قىلسام بۆلارنىڭ ئاش - ئىگىنگە ئېھتىياجى يوق،
تىرىكلىك قىلغالى بولماس مەئىيشەت ھېچقاچان بائىس.
مەلائىك باي دېسەم يوق بىر شەخا چەندىن خەبەر ئەسلا،
فەقىر دېسەم گۆھەرنى ھەم كۆزىگە ئىلماغان بائىس.
يېمەك - ئىچمەكۇ كىيمەك، خاتۇن ئالماقغە نېدۇر ھاجەت،
ئىبادەت قىلماقى ئاللاھ ئۇچۇندۇر ھەر زەمان بائىس.
بۆلار دەرگەھى ھەقدە فەزلى بىر - بىردىنمۇ ئارتۇقدۇر،
كۆزۇم ھەم كۆرمەدى يالغان دېمەك بىزگە يامان بائىس.
كىتابلاردىن رىۋايەتدۇر ئانى يالغان دېگەن كافىر،
مۇنى كافىر دېمەك بىزلەرگە قۇرئاندا بەيان بائىس.
مەلائىكلەرنى، ئابدۇللاھ، بىلىپ راست ئىئتىقاد ئەيلە،
كەرامەن كاتىبىننىڭ زىكرى سەندەك بىر نادان بائىس.

## ئەھلى فەرى تايىفەلەرىنىڭ بەيانى

[ئاچقۇچ سۆزلەر]: دېۋ، فەرى، جىن، ئالباستى (ئالۋاستى).

خۇداغە ھەمد ئايتماقغە بولۇپ كۆڭلۈم ئارا مۇھتاج،
ھەقىقىي پادىشاھدۇر بارچەلەر بىچۇن چەرا مۇھتاج.
ياراتىپ ئىنسۇ جىننى قىلدى ھەق ئۆز مۇلكىگە مالىك،
جىن ئەھلى ھەم نەچە فىرقە ئاڭا كۆڭلى قارا مۇھتاج.
ئۇلارنى ئاڭلادىم لېكىن كۆزۇم ھېچ كۆرگەنى يوقدۇر،
كۆرەي دېگەن بىلەن ھەم بىر ۋەزىفە نارەۋا مۇھتاج.
دېسەم بۇ فىرقەلەرنى: دېۋ، فەرى بىرلە جىنۇ ئالباستى،
بۇ جىن - ئالباستىلار قول - فۇتلۇق ئېرمىشكىم ئاڭا مۇھتاج.
ھەۋادا دېۋ - فەرىلەر سەير قىلمىش دەپمۇ ئاڭلاندى،
ئۇچارلار دېۋ - فەرى دەيدۇر ئەگەر ئۇچسە ھەۋا مۇھتاج.
بۆلارنىڭ جىسمى، مەزكۇر ئىسمىنى كىم زىكر ئەيلەپدۇر،
ئەسەر قىلسە كېلىپ باخشى ئاڭا نەغمە - نەۋا مۇھتاج.
ئىشىتسەم بىزگە ئوخشارمىش، يەنە ئۆزگە بولۇر ئېرمىش،
كېلىپ بوغىسە ئۇلار بىزلەرنى ئەلبەتتە دەۋا مۇھتاج.
بار ئېرمىش دېۋلارنىڭ ئەللىك - ئاتمىش قول بىلەن مۆڭزى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كىشىنى ئۇسمەگەيكىم، كۆرسە ئۇسكەندەك بەلا مۇھتاج.
ئەكابىرلىق قىلىپ سەن كۆرمەگەننى ئايتمە، ئابدۇللاھ،
سۆزۈڭ يالغان چىقىپ قالسە بولۇر بەدنام ساڭا مۇھتاج.

## بەشىنچى باب ئاسمانغە تەئەللۇقلارنىڭ بەيانى

[ئاچقۇچ سۆزلەر]: يەتتە ئاسمان، مەلائىك (پەرىشتىلەر).

خۇداغە ھەمدى ئەدا قىلدى بۇ تەنىمدە رۇھ،
بۇ رۇھۇم ھەمدى بىلە قانچە يەتتى فەيز ـ فۇتۇھ.
قىلىپ خۇدايى جەھان يەتتە كۆكنى بىپايان،
ئىشىكمۇ قويدى ئاڭا فەرىشتەلەرگەدۇر مەفتۇھ.
بۇ كۆكنى يەتتە ئېرۇر دەپ دىلۇ ئىئتىقادىم بار،
چىقاي دېسەم يىقىلىپ فۇتلارىم بولۇر مەجرۇھ.
خەبەرمۇ بەردى خۇدا ئاسمان تەباقا دەپ،
ساناپ باقارمۇ كىشى كۆرسە ئۇمرى ھەزرەت نۇھ.
بۇ ئاسمان يۇزىدە كۆپ ئىمىش مەلائىكلەر،
خۇدانى ئايتقۇسى دايىم قۇددۇسۇ ۋەيا سۇببۇھ.
بەلەندلىكى ھەمە كۆك بىر ـ بىرىگە بەش يۈز يىل،
دېسەم تۈگەرمۇ ئانىڭ جۆرەسى بولۇپ مەھدۇھ.
مەن ئاسماننى ئىشىتسەم ئۇن ئىككى بۇرجلۇقدۇر،
دەلىلمۇ يوق ئاڭا لېكىن خەلق ئاراسىدا مەۋزۇھ.
ئەگەرچە سەبئى سەماۋاتغە ھەر كىشى تانسە،
بۇ كۇفر ـ مۇنكىر ئايەتۇ يوق بولۇر مەڭگۇھ.
ئۆزۈڭمۇ يەتتە دېگىل ئاسماننى، ئابدۇللاھ،
سەن ھەقغە زىد بولۇشىڭغە قىلغىل ئەمدى تەۋبە نەسۇھ.

## بۇ بەيت ئاي، كۈن، يۇلدۇز، بۇلۇتلارنىڭ بەيانى

[ئاچقۇچ سۆزلەر]: ئاي، كۈن، يۇلدۇز، بۇلۇت.

ھەقتەئالا زاتىنىڭ ھەمدى كۆڭۈلدە بولدى بىخ،
بىخ سۇرۇپ ئاخىر ئۈنۈپ چىقتى كەباب يا بولدى سىخ.
سىخ كەباب بىرلە كەباب سىخ بىرلە ئۇلفەتلىك ئېرۇر،
ئايۇ كۈن، يۇلدۇزلار ئاسمانغەمۇ سىخ ئورنىدا مىخ.
چۈن بۇلارنى مىخ ئاتاپدۇر مىختالىپ قالغانمۇ يوق،
مىخقە ئوخشار ھەممە يۇلدۇز ياكى بىر يۇلدۇزى مىرىخ.
يەتتە كۈن، ئون ئىككى ئاي بىر ـ بىرگە دۇشمەن ياكى دوست،

قوغلاشۇر ياكىم قاچار كۆزگە تىكەنلىك بولدى زىخ.
يەرۇ ئاسمان ئاراسىدا بار بۇلۇت دەپ بىر نېمە،
ئافتاب توسماقدا گويا شۇمبۇرا تەربوز بەتىخ.
دېمە، ئابدۇللاھ، ئۆزۈڭنىڭ غەيرىنى سەن شۇمبۇرا،
شۇملۇقۇڭدىن ئۆزگەنى شۇم دەپ بۇغوزلارسەنمۇ فىخ.

# ئالتىنچى باب يەتتە زېمىننىڭ بەيانى

[ئاچقۇچ سۆزلەر]: سېغىز، شور، ئەت، قۇم، دۆڭ، چوقۇر، كەڭ، تار، ئۇزۇن، قىسقە، چەھارسۇ، يۇمالاق.

يارانقان زۇل ـ جەلال ھەمدىگە تىل ئاچتىم بولۇپ ھامىد،
بۇ ھەمد ئايتماغلىقىمغە ھەق ئۆزى مەھمۇدۇ ھەم شاھىد.
ياراتىپ يەتتەقات يەرنى بېرىپ مۇئمىنۇ كافىرغە،
بارىغە رەھمەتى ئامدۇر يۇرۇر فاسىق بىلەن زاھىد.
رەۋا ئېرمەس ئىدى ئىلگىر يالاڭ يەردە نەماز قىلماق،
تۇفەيلى مۇستەفا يەر فاك ئېرۇر سەجدە قىلۇر ئابىد.
زېمىننى يەتتە دەرمىز ئالتەنى كۆرگەن كىشى بارمۇ،
مۇنى يەتتە دېمەكلىككە كىتابلاردا بولۇر ۋارىد.
قالىنلىق ـ كەڭرۇلۇكدە يەتتە يەر ھەربىرسى بەش يۇز يىل،
ۋە ھەر بىرىنىڭ ئاراسى شۇنچەدۇر نې كەمۇ نې زايىد.
بۇ يەر ئۇستىدەكى كۆرگەن ئەجايىبنى دېگەيلىكمۇ،
دېمەك لازىم ئېمەس بىزنى ئەجايىب تۇغدىكىم ۋالىد.
قاراپ باقساق زېمىن ـ تۇفراقلارى ھەم نەچچە قىسمىدۇر،
سېغىز، شور، ئەت ۋەيا قۇمدۇر مۇۋافىق ھەربىرى يازىد.
بۇ دۇنيا دۆڭ ـ چوقۇر بولماقغە بائىسنى كىشى بىلمەس،
ئانى بىلسەم دېگەن ئەھمەق خيال قىلغانلارى فاسىد.
جەھان كەڭ ـ تار، ئۇزۇن ـ قىسقە ۋەيا چەھارسۇ ۋەيا يۇملاق،
ئانى مەندە بىلىڭ يوق، ئول بىلىڭ بار ئۆزىدۇر ۋاھىد.
سەن، ئابدۇللاھ، بۇ دەم توختە، سۆزۈڭگە سالغىل ھەم نۇختە،
بۇ يەردىن سۆز قىلىپ ئول ھەق ئىگەمگە بولماغىل جاھىد.

# يەتتىنچى باب ئەناسىرى ئەربەئەنىڭ بەيانى

[ئاچقۇچ سۆزلەر]: تۇفراق، سۇ، شەمال، ئوت.

خۇدا ھەمدىگە تىل سۇردۇم بولۇپ ھامىدۇ ھەق مەھمۇد،
ئانىڭ زاتى مۇنەززەھ جىسمىدىن دايىم ئۆزى مەۋجۇد.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ياراتىپ جىسىملىق بىزنى ئەناسىر ئەربەئەدىن ئول،
ئەناسىر ئىسمى: تۇفراق، سۇ، شەمال، ئوت جىسىمدۇر مەۋجۇد.
بۇ تۆرتىنىڭ بىرى تۇفراق، بۇ تۇفراقغە ھەمە ئامراق،
مۇنىڭ بىرلە زېمىن ئۇستىدەكىلەر بولمادى فەرسۇد.
ئىكىنچى سۇ، ھەمە زىيجانغە ئۆلمەسدە تىرىكلىك بۇ،
سۇدىن قالساق ئەگەر بىزلەر بۇجاندىن ئايرىلىپ دەمخۇد.
ئۇچۇنچىدۇر شەمال، ھەق ئافرىيدە ئەيلەگەن بىر يەل،
ياراتتى يەل قوشۇپ بىزنى مۇنى رەد قىلغۇچى مەردۇد.
يەنە تۆرتۇنچى ئوتدۇر، قىلدى ھەق كۆيدۇرگەلى قادىر،
بۇ قۇدرەتى ئوتدىن ئېرمەسكە دەلىلدۇر ئاتەشى نەمرۇد.
بۇ تۆرتۆلەننى، ئابدۇللاھ، ئەناسىر ئەربەئە دەپ بىل،
خۇسۇس ئوت بىرلە ئاش ـ نان پىشقۇسى سامسۇ بىلەن فەرمۇد.

# سەككىزىنچى باب سۇ مەۋزىئلەرىنىڭ بەيانى

[ئاچقۇچ سۆزلەر]: زېمىن، دەريا، ئۆستەڭ، ئارىق، كۆل، بۇلاق، قۇدۇق.

ھەقغە ھەدسىز ھەمدۇ سەفى قۇلھۇۋەللاھۇ ئەھەد،
ئول ئەھەد ھەم فەرد ھەم ۋىتەرۇ ئەھەد ئەللاھۇس ـ سەمەد.
لەميەلىد بىزگە نىگەھدار ھەم ۋەلەميۇلەد تەخى،
ھەم ۋەلەميەكۇنلەھۇ كۇفۇۋەن ئەھەد بەردى مەدەد.
لەفزى ئەللاھ ئىسمى زاتدۇر ئۆزگەسى ئىسمى سىفات،
سىفەتىدىن بىرى قادىر ھەق ئەزەلدىن تا ئەبەد.
قۇدرەتى قادىر زېمىننى قىلدى سۇنىڭ ئۇستىدە،
ھەم زېمىنىنىڭ ئۇستىدە دەريا ياراتتى بىئەدەد.
يەنە ھەر دەريادىن ئايرىلغان سۇلار ئۆستەڭ بولۇپ،
ئاقادۇر بىھەد سۇنىڭ ھەددىنى بىلمەكلىك نېھەد.
ھەربىر ئۆستەڭدىن بۇ سۇ نەچەند ئارىقغە ئايرىلىپ،
بۇ ئارىقلارنىڭ ھېسابىنى بىلىپ بولماس فەقەد.
ئارىق ـ ئۆستەڭ بىرلە سۇ كۆل يا ئېتىزلارغە كىرىپ،
قانچە سۇ ئاقسە خەلايىق بىلدى بۇ سۇنى سەنەد.
سۇ ئاناسى يا بۇلاق ياكىم بۇ يامغۇردىنمىكىن،
ئەسلى سۇ قايدىن ئېرۇر ھېچ بىلمەدىم مەن ياش ۋەلەد.
بار بۇلاق دەپ بىر نېمەرسە سۇ چىقار ئاندىن مۇدام،
راستى شولدۇر بۇ سۆزۈمنى ھەر كىشىكىم قىلسە رەد.
سۇ مەكاندىن يەنە باردۇر قۇدۇق دەپ بىر نېمە،
يەر سىزىپ چىققان سۇدۇر بەئزى گورۇستاندىن جەسەد.
جىسمى ئادەم بولماقى سۇ بىرلە تۇفراقدىن ئىكەن،
ئەسلىمىزگە يانغۇمىز تۇفراق قىلۇر ياتقان لەھەد.

سەنمۇ، ئابدۇللاھ، ئۆلۈپ ياتساڭ لەھەددە تەلمۈرۈپ،
ئۆزگەلەر ئۆلمەي تىرىك يۈرگەيمۇ دەپ قىلمە ھەسەد.

# توققۇزىنچى باب زېمىن مەۋزىئىلەرىنىڭ بەيانى

[ئاچقۇچ سۆزلەر]: ھۇدۇد، يەئنى ئەترافى دۇنيا، بۇرجى ھەمەل، بۇرجى سەۋر، بۇرجى جەۋزا، بۇرجى سەرەتان، بۇرجى ئەسەد، بۇرجى سۇنبۇلە، بۇرجى مىزان، بۇرجى ئەقرەب، بۇرجى قەۋس، بۇرجى جەددى، بۇرجى دەلۋە، بۇرجى ھۇت، ئالەم، دەشت، شەھەر، سەھرا، تاغ، باغ، تام، بۇتخانە، تاق، رەۋاق، ئوردا، خانەقا، مەدرىسە، مەسجىد، ئۆي، ھاۋلى (ھويلا)، سەراي، دەڭ.

ھەقغە مەن زىكرى سەنا ئايتقۇم ھەبىبىغە دۇرۇد،
بۇيرۇدى ئىبلىسكە ھەق ئادەم ئۈچۈن قىل دەپ سۇجۇد.
قىلمادى ئول سەجدەنى لېكىن مەلائىك قىلدىلار،
بەردى ئادەمگە جەھاننى ھەق بۇ ئون ئىككى ھۇدۇد.
بۇ ھۇدۇدنىڭ ھەربىرى بىر فەسلگە مەنسۇب ئېرۇر،
فەسلى ئەۋۋەلدۇر ھەمەل، ئاخىردا ھۇت ئايتماق نىسۇد.
چۇن تەسەررۇف قىلدى ئالەمنى بەنى ئادەم ھەمە،
دەشتلەرنى شەھرۇ سەھرا قىلدىلار ھىندى جۇھۇد.
تاغلاردا باغ ـ راغ، تاملارنى قىلدىلار ئۇلار،
تالاشىپ دۇنيانى بىر ـ بىردىن بۇلار تەڭلەپ ئۇمۇد.
بۇتخانە، تاقۇ رەۋاق، ئوردا، ئىمارەتنى سالىپ،
تام ـ تەمام ئايىنەلىكدە يەپ تەئام ئەھلى يەھۇد.
خەنەقاۋۇ مەدرىسە، مەسجىدنى مۇئمىنلار ئېتىپ،
ۋەقف قىلدى بەئزى مۈلكىنى ئاڭا ئىندەش ـ شۇھۇد.
ئۆي بىلەن ھاۋلى تەئەللۇقدا كۇن ئۆتكەزگەنمۇ كۆپ،
بۇمۇ ھەم يوقدىن غەرىبلەر يەپ قۇناق بىرلە نۇخۇد.
شۈكر قىلمايسەنمۇ، ئابدۇللاھ، سېنىڭ ھاۋلىڭمۇ بار،
تابىئى ياركەندەدە فوسكام يۇرتىدا تافتىڭ ۋۇجۇد.

# ئونىنچى باب ھەلال ھەيۋانلارنىڭ بەيانى

[ئاچقۇچ سۆزلەر]: قوي، ئەچكۇ، كالا، تۆۋە (تۆگە)، ئات، گاۋمىش (قوتاز)، كىيىك، تۇخا.

كۆپ سەنا ئايتسام خۇداغە بارمۇ ھېچ ئاندىن لەزىز،
يادى ھەق مۇئمىن مۇسۇلمانلارغە ئاش ـ ناندىن لەزىز.
ياراتىپ بىزلەرنى رەھمان بەردى ئاش ـ نان بىھىساب،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



نادىن ھەم ئارتۇقنى ئايتسام بارمۇدۇر قاندىن لەزىز.
ئىنسۇ جىن ھەم بەلكى ھەيۋانلار تەمام قان بىرلەدۇر،
بارچە قانلىقلارغە يوقدۇر ھېچنىمە جاندىن لەزىز.
جان بىلەن قان بىر ئېمەس جانلىق مەگەر قانسىزمۇ بار،
قايدا بار بۇ ئىككىسىغە گوشت ھەيۋاندىن لەزىز.
گوشت ھەيۋان جۇملەسىدىن نەچچە قىسمىدۇر ھەلال،
يېسە تىش، تامغاق ــ كېكىردەكلەرگە ھەر ياندىن لەزىز.
مەن ھەلالنىڭ قىسمىسىدىن زىكر قىلسام ئىسمى بۇ،
ئەچكۈ، قوي بىرلە كالا قەن دەپ قەرىغاندىن لەزىز.
تىۋە، ئات، گاۋمىش ــ قوتاز باردۇر كىيىك دەپ بىرنېمە،
تاققى يوقمۇ تۇخنىنىڭ چوقۇپ يېگەن داندىن لەزىز.
بارمۇ، ئابدۇللاھ، ھەلال ھەيۋان بۇ سەككىزدىن بۆلەك،
بولسەمۇ لېكىن بۇلارنىڭ قايسى ئىماندىن لەزىز؟

# ئون بىرىنچى باب ھەرام ھەيۋانلارنىڭ بەيانى

[ئاچقۇچ سۆزلەر]: فىل، خەچىر، شىر، ئىشەك، بۆرى، ئايىغ (ئېيىق)، مەيمۇن، قاما، ئۇسر، تۈلكى، يولباسۇن.

ھەمدى ھەق ئىززۋۋەجەلگە يادى بۇ كۆڭلۈمدە نۇر،
ئۇشبۇ نۇرنىڭ شۇئلەسىدىن كۆرمەگۈم كۆزۈمدەدۇر.
كۆرسە كۆز لېكىن كۆرۈنگەن نەرسەلەر كۆڭلى بىلە،
جان كېتىپ كۆڭلىدىن ئايرىلغان كىشىنىڭ كۆزى كور.
كور ئېمەس كۆزلۈككە مەن قىلغۇم بەيان ھەق سۆنئىنى،
سۆنئى ھەقنىڭ بىرى ھەيۋان زىكر قىلغۇم بولسە زور.
كىچىك ئېرمەس جىسمى زور گوشتى ھەرام ھەيۋان بۆكىم،
فىل، خەچىر، شىر، ئىت، ئىشەك، بۆرى، ئايىغ مەيمۇننى سور.
قاما، ئۇسر، تۈلكى بىرلە يولباسۇنلاردۇر ھەرام،
كىم ھەلال دەر ئاغزىغە پەيدا بولۇر ئەلبەتتە شور.
يەنە ھەم بۇغى ــ مارال دەيدۇر بۇلار قايداغ ئىكىن،
غالىبەن بۇ ۋەھشىلەرگە سەن ھەرام ھۆكمىدە تۇر.
يەنە ئابدۇللاھمۇ بىلمەس ۋەھشىلەر كۆپ بار ئىمىش،
گەر ھەلال بولسە ئانىڭ گوشتى بىلەن ئاغزىڭغە ئۇر.

# ئون ئىككىنچى باب ئۇششاق جانلارلارنىڭ بەيانى

[ئاچقۇچ سۆزلەر]: مۇشۇك، ساچقان، كىرپە، ئۆرمەچۈك، قوڭغاز، چېكەتكۈ، بۆرگە، سىركە، فىت، سالجى، كۆكفىت، سالمە، فاتماچۇق، قۇمۇچاق، يىلان، چايان،

كىلەر، ياغاچ قۇرتى، نىجىس قۇرتى، گۇشت قۇرتى، مېۋە قۇرتى.

هەمد سابىت بىرۋبارىم زاتىغە مەندىن كەسىر،
ئىسمى بىركەم يۈزى مەشھۇر بىرى ئاندىندۇركەبىر.
ئافەرىدە قىلدى مەخلۇقنى ئەجەب ھەيئەت بىلەن،
ئىنسۇجىن، ھەيۋاننى ئايتىم ئەمدى بۇ كەلدى ئەخىر.
چەھارپايىنىڭ چوڭلارىنى رەسمدۇر ھەيۋان دېمەك،
جانۋەر دەرمىز ئۇشاقلارنى كۆرۈپ چوڭدىن ھەقىر.
چۇنكى كىچىكدۇر ھەم ئۇزۇن - قىسقەۋۇ رەڭگى نەچچە خىل،
شەفالاق، توم، يۇمۇلاقدۇر يا يىنىكدۇر يا ئەغىر.
بەئزى تىشلەر، بەئزىسى ئادەمگە نەشتەر سالغۇسى،
نەچچەسى جىسمى سىلىقدۇر، ئۆزگەسى ئاندىن يەغىر.
تۈكى بار - يوق بەدنەما ھەم چىرايلىقلارمۇ كۆپ،
بەئزى قاتتىق، بەئزى يۇمشاق ئۇرانۇر قولغە جەرىر.
زىكر قىلسام ئەۋۋەلى بۇ جانۋەرلەردىن مۇشۇك،
تۇتقان ئۆيگە مەن شىرىك دەپ ئايتادۇر ئەمدى كەكىر.
قىش كۇنىدە ئۇچاق ئالدىدا بۇ بىزدىن ئىلگىرى،
ياتسە ھەم يوتقاندا ھازىر ياكى بۇ مۇنكىر - نەكىر.
گوشتنى كۆرسە يەپ بەجىنچى تىل بىلەن ئايتۇر: مىيۇ،
ئۆرلەتىپ ياقغان توقاچ نان بەرسە يەپ دەيدۇر فەتىر.
ھەزرەتىمدىن يوقارى ئولتۇرغۇسى مېھمان بولۇپ،
قۇيۇق ئاشنى يېغى يوق دەر، سۇيۇق ئاشنى خام خەمىر.
ئاڭلىسام ساچقاننىڭ ئۇستىدە مۇشۇك پادشەب ئىمىش،
كۆرسە ساچقاننى مۇشۇك پادشەب بېگىم قىلغاي ئەسىر.
كىرفە دەپ بىرمۇنچە ئوغرى كېچەلەپ تامنى تېشەر،
قورقماغاي پادشەب بېگىمدىن گەرچە سۇلتان يا ئەمىر.
ئۆرمەچۇك، قوڭغاز، چېكەتكۇ، بۇرگە، سىركە، فىتمۇ بار،
سالجى، كۆكفىت، سالمە بىرلە، فاتماچۇق كۆزى ھەقىر.
قۇمۇچاق، يىلان - چايان باردۇر كىلەر دەپ بىر نېمە،
يەر ياغاچ بىرلە نىجىس قۇرتى بو جانۋەردۇر سەغىر.
قۇدرەتى ھەق بىرلە گوشت قۇرتلار ۋە بەلكى مېۋەلەر،
گوردا جانۋەرنى كۆرۈپ مەن سۇنئى ھەقدۇر بىنەزىر.
يەنە كۆرگەن - كۆرمەگەن جاندىن زىمىندا بىھىساب،
تۈگەمەس زىكرى ئۇلارنى نەزم قىلسام مەن فەقىر.
توختە ئابدۇللاھ بۇ جانۋەر سۆزىنى قىلمە ئۇزۇن،
ئايتقانىڭ گوياكى زاغۇندىن ئۆتۈپ بولدى زەغىر.

# ئون ئۇچىنچى باب سۇ ئىچىدىكى جاندارلارنىڭ بەيانى

[ئاچقۇچ سۆزلەر]: بالىق، قاما، فاقا، سۇ كالاسى، ئايىغ (ئېيىق).

سەنا تەڭرىغە مەخلۇقاتنى پەيدا قىلغۇچى ئولدۇر،
بېرىپ ئول نۇرى ئىمان دىلنى رەۋشەن قىلغۇسى شول نۇر.
ياراتىپ يەر يۈزى ھەم سۇ ئىچىدە نەچچە مەخلۇقات،
قۇرۇقلاردىن سۇلۇق يەر كۆپ كەمى يۈز يىلغەچە يولدۇر.
ئىچىدە كىشى كۆرگەن - كۆرمەگەن زىيجان تولا ئېرمىش،
بۇ بائىس بىرلە سۇدىن بەئزىگە ئىشتىلگۇسى غولدۇر.
سەفەر كۆرگەن بەرادەرلەر رىۋايەت قىلغۇسى ئاندىن،
چىقىپ كاتتە نەھەڭلەر يەنە سۇۋغە چۆمگۇسى كولدۇر.
بالىقلاردىن سۇ كولدۇرلاپ يۇغانلار چىقسە غولدۇرلاپ،
قاما بىرلە فەقا سۇدىن چىقىپ ھەم كىرگۈچى جولدۇر.
ئىشتىسەم سۇ كالاسى ھەم ئايىغلار بار ئۇلۇغ سۇدا،
بۇ يالغان سۆز ئەمەس ھەق قۇدرەتىنىڭ بىرىسى شولدۇر.
بۇلارنى كۆرگەنىم يوق ئاڭلاغاندىن ئاڭلاغانىم بار،
ئوشۇل نۇرغۇن سۇلۇقدىن بىرى دەريادۇر ئاتى ئول شور.
ئانىڭدىن ئۆزگە ھەم نۇرغۇن سۇلار كۆپ بولغۇسى مەئلۇم،
كىتابلارغە فۇتۇلگەن يەتتە دەريا ھەممەسى ئول زور.
بۇ دەريالارنى خىزرىدىن بۆلەك بىلمەس گۇمان قىلدىم،
ئىچىدە بىھىساب جانۋەرنى بار دەپ بىلمەسە شول كور.
تەئەججۇب قىلمە، ئابدۇللاھ، خۇدا شۇنداغ قىلالماسمۇ،
كۆرەرگە ئاسمان، بەس دىلغە زىھنىڭ ھەممەنى تولدۇر.

# ئون تۆتىنچى باب ئۇچارلىق جانۋەرنىڭ بەيانى

[ئاچقۇچ سۆزلەر]: قارغە، فاختەك، سار، كەبۇتەر، كوشكۇل، تۇخا، ئۆردەك، سوفىيە، تۇرۇلغۇ، كاككۇك، تۇتى، تاۋۇس (توز)، قارچىغە، كەكلىك، لىچىن، قۇرغۇي، ھۇقۇش، باغىتاق، سوقۇچاق، مۇشۇكقۇش، ئۇلاي، تومۇچۇق، سېغىزخان، سۇندۇك، غورۇلاي، قۇچقاچ، تورغاي، شەبفەرەك، غاز، ھاڭغىت، تۇرنا، ۋاتۇالاق، قىرغال، ئۇقار، جىگدەچۇك، ھۇدھۇد، بالىقچى، شۇڭقار، بۇلبۇل، بىرتوغرام، مەلەخ، كۇفىلە، ھەرە، چېبىن، فەششە (پاشا)، كۇمۇتا.

ھەقغە كۆپ زىكرى سەنا كۆڭلۇمدە خوب قىلدى زۇھۇر،
خوب زۇھۇر قىلغاچ ئانىڭ زىكرىنى دىل بىلدى ھۇزۇر.
دىل ھۇزۇر بىلگەچ خۇدا كۆڭلۇمدە ھازىر بولغۇسى،

سۆزدە هازىر كۆزدە غايىب ئانى كۆز كۆرمەي تونۇر.
ئىلگىرىدىن تونۇماس ئېردىم تونۇتتى قۇدرەتى،
هەۋادا پەررەندە ئۇچماق قۇدرەتى ئېرمەسمۇدۇر.
مەن ئۇچارلىق جانۋەرنىڭ زىكرىنى قىلسام بەيان،
تۇگەمەس يۈزدىن بىرى بارچە هەۋا ئۆزرە ئۇچۇر.
هەۋادا ئۇچماغلىقىدىن بىر سەبەب رىزقى ئۈچۈن،
ياكى قاچماق ياكى قوغلاپ ئارقەدىن يەتسە چۇقۇر.
بىرى ئۇلفەت، بىرى فەرزەندىغە تۇئمە جىهەتىدىن،
بەئزى جانۋەر سەير قىلغاچ هارسە بىر شاخقە قونۇر.
قىسمىسى بۇ قارغە، فاختەك، سار، كەبۇتەر، كوشكۇل،
تۇخا، ئۆردەك، سوفىيە، تورۇلغۇ، كاككۇكلار تورۇر.
تۇتى، تاۋۇس، قارچىغە، كەكلىك، لىچىن، قۇرغۇي، هوقۇش،
سوقۇچاق، ئۇلاي، سىغىزخان، غورالاي، توغاي بولۇر.
غاز، هاڭغىت، تورنى، كەكلىك، ۋاتۋالاق، قىرغال، ئۇقار،
جىگدەچۇك، هۇدهۇد، بالىقچى، ئاندىن ئول شۇڭقار بوزۇر.
قالماسۇن بۇلبۇل، باغىتاق، ئول مۇشۇكقۇشلارمۇ هەم،
تومۇچۇق، سۇندۇك ۋە قۇچقاچ بىرلە شەبفەرەك بۇدۇر.
يەنە بىرتوغرام، مەلەخ مۇندىن كىچىكراق كۇفىلە،
فۇتۇسەم هەرە، چىبىن، فەششە، كومۇتا دەپ ئۇقۇر.
مىڭدىن هەم ئاشقاي بۇلارنىڭ قىسمىنى زىكر ئەيلەسەم،
هەممەسى ئىككى قەناتلىق بارچە ئەئزاسى چۇقۇر.
بۇ دىيار - ئەترافداكى پەررەندەلەرنىڭ زىكرى بۇ،
ئۆزگەلەردىنمۇ سوراپ ئايتسام كىتاب - كاغەز تولۇر.
كافكىلىق ئەيبىڭنى، ئابدۇللاه، ئۆزۈڭچە بىلمەدىڭ،
بۇ سۆزۈڭنى ئاڭلاغانلار ئۆيمۇ ئۆي غەيبەت توشۇر.

## ئون بەشىنچى باب مېۋەسىز دەرەختلەرنىڭ بەيانى

[ئاچقۇچ سۆزلەر]: تېرەك، توغراق، چىنار، توغاچ، سۆگەت، تۇخۇمەك، قۇچارە، ئېمىدۇن، ئاچى، قەرىن، يۇلغۇن، كىيىكتال، غۇچ، سىدە، زىخ، بىجىنقۇمۇش.

سەنا قادىر خۇداغە ئەۋۋەل - ئاخىر هەرقاچان ئول بار،
خەلايىق هەرنە قىلماق قۇدرەتىدىن بولغۇسى شول كار.
هەمە زىيجان بىلە بىجاننى سانسىز قىلدىكىم پەيدا،
بۇ بىجانلار بىلە زىيجان هەمە بەهرە ئالىپ غولدار.
جەهان بىجانلارىنىڭ ياخشىسى بارمۇ دەرەختلەردىن،
ئۆزى ئۇتدا كۆيۈپ ئاش - نان پىشۇرغاي بارچەغە شول يار.
دەرەخت كۆيگەچ هۇلا بولدى، هۇلا بولغاچ فۇلا بولدى،
فۇلا ئاشنى قويۇپ بەرگەن كىشىنى هەركىشى قولدار.

www.uyghurkitap.com



دەرەختلەر يار بەرمەي ھېچ ئىمارەت بولمادى ھەرگىز،
خۇسۇسەن ئۆگزەلەر بولسە كۆتەرگەن ئەكسەرى بولجار.
دەرەختلەرنىڭ ئاچىلغان گۈلۈ نىئمەتنى دېگەيلىكمۇ،
ئانىڭ ۋەسفى يەمىش بابىدا كەلمەكلىككە بىر يول بار.
بۇ بابدا مېۋەسىزلەرنىڭ بەيانىدىن قىلاي ئىلان،
يەمىش بولماسنى ھەم زىكر ئەيلەسەم ئالەمدەمۇ غول بار.
ئۈلاردىندۇر تېرەك، توغراق، چىنار، توغاچ، سۆگەت، تۇخمەك.
قوچارە، ئېمىدۇن، ئاچى، قەرىن، يۇلغۇنمۇ خوب ئول يار.
كىيىكتال، غو، سىدە، زىخ ھەم بىجىنىنىڭ قومۇشى ھەي - ھەي!
يەنە ھەم كۆپ دەرەخت بىچارە بىزنى كۆرگەلى ئول زار.
دەرەخت سالغىل يەرىڭ بولسە بىكارىيەر قويمە، ئابدۇللاھ،
دەرەختلىق يەرگە بارماقغە كىشى قايداغ بويان تولغار.

# ئون ئالتىنچى باب گۈللارنىڭ بەيانى

[ئاچقۇچ سۆزلەر]: قىزىل گۈل، سېرىق گۈل، زەئفەرگۈل، سەۋسەن گۈل، ئەنبەر گۈل، تاجگۈل، ئۇردا گۈل، مىزجان گۈل، تەيتەي گۈل، ھەفتەرەڭ، ئىشقفىچەك، لەيلىقازاق، خىنە، رەيھانگۈل، شوياگۈل، ئافتابپەرەست گۈل، قامچىگۈل، نەرگىس گۈل، خىتايگۈل، قۇلفى گۈل، مەرجانگۈل، سەفاقچى گۈل، سۆگەتگۈل، مەخمەل گۈل، چەبىنگۈل، كارنايگۈل، فۇرجاڭ گۈل، لەڭخاگۈل.

ھەمد قۇدرەتلىك خۇداغە بەردى نىئمەت بۇ قەدەر،
نىئمەتنىڭ بىرى ئىمان، كۆڭلۈمىزگەدۇر شەكەر.
كۆڭلۈمىزگە شۇكرى ئىمان بەردى ئەۋۋەل جىسمى جان.
ئۆزى پىنھان بارلىقىنى قىلدى قۇرئاندا خەبەر.
خەبەرى يەتكەچ سەناغە بولدى مەشغول بارچەسى،
ھەمد ئايتىپ جانۋەر بەلكى گۈل ئاچىلدى سەھەر.
ئۈندى گۈل، چوڭ بولدى ئول، بۇلبۇل بۇگۈلغە بولدى قۇل،
يىغلاتىپ بۇلبۇلنى گۈل ئىشقى ئۇشۇل قىلدى ئەسەر.
ئىشقى بۇلبۇل گۈلغە يەتكەچ گۈل يەقاسى چاك بولۇپ،
كۈلسە بۇلبۇل نالەسىدىن گۈللار ئايىتتى ئەلھەزەر!
نالە - ئەفغان قىلسە بۇلبۇل ھەممە گۈل سۈندى بويۇن،
شول بويۇن سۇنغان قىزىل گۈل ھەم سېرىق گۈلغە نەدەر؟
مەن چەمەننىڭ گۈللاردىن نەچچەنى بەردىم نىشان،
ئۇلكى مەزكۇر ئىككى گۈلدەك پۇراماس گۈللار مەگەر.
گۈلى زەئفەر، گۈلى سەۋسەن يا گۈلى ئەنبەر، تاجگۈل،
ئۇرداگۈل ھەم مىزجان گۈل ياكى تەيتەي گۈل ئەگەر.
ھەفتەرەڭ، ئىشقىفىچەك، گۈلى رەيھان، لەيلىقازاق،
خىنە، كۆكنار، شوياگۈل، ئافتابپەرەست بار ياخشى يەر.

قامچىگۈل، نەرگىس، خىتايگۈل، قىلەقە، مەرجانگۈل ھەم،
ئول سەفاقچى گۈل، سۇگەتگۈل ھەممەگە رەيھان پەدەر.
يەنە مەخمەل گۈل، چىبىنگۈل بىرلە كارنايگۈل قايان،
بولسە فۇجالىڭ گۈل ۋە لەڭخاگۈل بۇ يەر ئۇبدان شەھەر.
بار زىرائەت ھەم گىياھ بىرلە دەرەختلەرنىڭ گۈلى،
مېۋەلەرنىڭ شاخى ئۆزىنىڭ گۈلىدىن كۆرگەي خەتەر.
بۇ جەھاندا بار چەمەنلەرنىڭ گۈلىنى قۇتۇسام،
ساغىنىپ كۆڭلۇم بۇ گۈلنى كۆرگەلى باغلار كەمەر.
گۈلنى خالاپ ئالەم ئەھلى قىلغۇسى كۆپ نەقشىنى،
ئەسلا قىلماي گۈلغە خاتىر كەسكۇسى تىغۇ بەتەر.
خوب ئېرۇر گۈللۇق نېمەرسە گۈلى يوق ئاندىن تۆبەن،
كۆپ يارانلار گۈلنى ئۈزسەم دەپ يۈرۈپ بولدى بەتەر.
ئاھ، گۈلنى دەيمۇ ھەم گۈل دەردىدە يۈرگەنىمۇ! ؟
قىلدى گۈل دەردى نە ياخشىلارنى ھەم زىرۇ زەبەر.
گۈلغە يوقدۇر مەيلىسىز جان بەردى مەجنۇن لەيلىسىز،
بىر - بىرىسىز ئىككىسىنىڭ يېگەنى بولدى زەھەر.
ساڭا، ئابدۇللاھ، زەھەرمۇ ھېچ قاچان لازىم ئېمەس،
زەھەرنىڭ بىرلە جەھاندىن گۈلمۇ قىلماسمۇ سەفەر.

# ئون يەتتىنچى باب مېۋەلەرنىڭ بەيانى

[ئاچقۇچ سۆزلەر] : ئۈرۈك، ئۈجمە، جىنەستە، كۈدەئامۇت، نەشۈت، ئامۇت، بېھى، شافتول، ئانار، ئالما، ياڭاق، خورمە، ئۈزۈم، ئۈلجە، ئەنجىر، بادام، ئەينالۇ، قارا ئۈرۈك، چىلان، جىگدە، قوغۇن، تەربۇز.

خۇدا مەئبۇدى بەرھەقغە سەنا مىڭ تىلدا ئايتسام ئاز،
بۇ نىئمەتلەرنى نەزم ئەيلەپ سۇنۇق كۆڭلۈمنى قىلسام ساز.
كۆڭۈلنى ساز قىلىپ سازەندەلەرنىڭ دىلنەۋازى مەن،
بولۇپ مەن دىلنەۋاز شۈكرى سەنا بىھەد قىلىپ ئاغاز.
ئېرۇر شۈكرى ئۈچۈن بىرتىل ئۈزۈم مەجنۇنۇ ھەم بىدىل،
ئەگەر بولسە ئىدى بىردىل بۇ تىل ساز ھەم بەلەند ئاۋاز.
بەلەند ئاۋاز بىلەن ئايتسامۇ بىر شۈكرى تۈگەنمەيدۇر،
تۈگەنمەس بولسە ھەم بەندە ئاتىم بار ئايتقانىمدۇر راز.
بەيانغە كەلتۈرۈپ شۈكرىنى دەيمۇ ياكى ۋەسفىنى،
ئەگەر شۈكرىنى ئايتسام قىلدى قىشنىڭ ئارقەسىدىن ياز.
يارانتى ياز كۈنى قانچە دەرەختدىن نەچچە خىل مېۋە،
ئۈرۈك، ئۈجمە، جىنەستە مېۋەلەرنىڭ ئىچىدە سەر باز.
كۈدە ئامۇت، نەشۈت، ئامۇت، بېھى، شافتول ھەم ئانار، ئالمە،
ياڭاق، خورمە، ئۈزۈم، ئۈلجەۋۇ ئەنجىر باغدا خوب شەھباز.

بادام، ئەينالۇ بىرلە قارا ئۇرۇكدۇر ياپىلان، جىگدە،
قوغۇن، تەربۇز دىگۈنچە نەفسىم ئاندا قىلغۇسى پەرۋاز.
بۇ ئىككى ئۆلەما ھەر يىل فەلەكدىن بولماقى بەرھەق،
كەمالىغە يېتىپ پىشقاندا قىلغاي ئۆزگە پەرداز.
تۆگەرمۇ تەئرىفى ئەسلا ئۇشۇل دامولla تەربۇزنىڭ،
ئەگەر قۇربى ۋەلايەت تاپماس ئىردى چىققۇسىدۇر ماز.
بىرى دامولla قوغۇن بىزمۇ شاگىرد ئاڭا ئەلبەتتە.
ھەمە شاگىردى ئالدىغە بارۇردا بولغۇمىزدۇر غاز.
بۇ داموللامنىڭ ئالدىغە قاتار غازدەك بولۇپ بارساق،
شىكەستە ھالىيۇ خامۇشلۇقىمۇ ھىچ سۆز يوق قىلۇرمۇ ناز.
بۇلار بىرلە ھەمە نىئمەتكە ئىخلاس قىلغىل، ئابدۇللاھ،
باشىڭ ئەلبەتتە تەقسىرات نىئمەتدىن بولۇپدۇر تاز.

## ئون سەككىزىنچى باب زىرائەتلەرنىڭ بەيانى

[ئاچقۇچ سۆزلەر]: بۇغداي، قوناق، ئارفە، تىرىق، شال، كۆمەك، فۇرچاق، زەراڭزا، ماش، كۇنجۇد، لوبىيا، زاغۇن، زىغىر، كەندىر، كەفەز.

ھەمد ھەققە بىئەدەد ئول بارچەمىزنىڭ تەڭرىمىز،
قىلدى شول تەڭرىم جەھاندا ئادەمىلەرنى ئەزىز.
ئىسمى توقسان توققۇزىنىڭ بىرىسى رەززاق ئىرۇر،
قالمادى ئالەم ئىچىدە ھىچ تىرىكلەر رىزقسىز.
رىزق تاپماغلىق ئىرادە ھەق ۋە بىزلەردىن سەبەب،
بۇ سەبەب بىرلە زىرائەت بولغۇسى قىلسە ئىتىز.
قىلدى دىھقانلار ئىتىز ھەرخىل زىرائەتلەر ئۈچۈن،
جىنسى، ئىسمى نەچچە قىسمى بىرى پەست بىرىسى ئىگىز.
قىسمىنى خىرماندا قويدۇم ئىسمىنى زىكر ئەيلەگۈم،
زىكرى بۇ بۇغداي، قوناق، ئارفە، تىرىق دەپ ئانى بىز.
شال، كۆمەك، فۇرچاق، زەراڭزا، ماش، كۇنجۇد، لوبىيا،
ياغ چىقار زاغۇن ـ زىغىر، كەندىر ئىچى ياخشى مەغىز.
ھەربىرىنىڭ مەغزىغە ياغنى قوشۇپ ئاش قىلسەلەر،
ئاڭا كىم شەك كەلتۇرۇر، بىشەك شىرىن بولغاي ئاغىز.
ئاش بىلەن ناندا ئاغىز شىرىن قىلۇر كۆپ ئاشنا،
ئوغۇل ئىرمەس ئاشنالار بولماسا ئاش ئىچى قىز.
قىز ـ ئوغۇل ھەر ئادەمىدىن ئاشنا ئاش ـ نانغە كۆپ،
غەرىزىدۇر تاپسە كۆپ يەپ غەيرىدىن بولسە سېمىز.
بۇ جەھاندا بار سىمىزلەرگە زىرائەتدۇر سەبەب،
ئوتلاماي قوي توشمەسە يۈك بولماغاي ئاندىن كېگىز.
قەسدى خاتۇن ئۆزىنى لەگمەندە بوداپ سەمرۇتۇپ،

ئېرنى، ئامراق ئەمچەكنى ئالمەدەك قىلسە قېمىز.
بىر زىرائەت قالدىكىم، ئادەم يېمەس ھەرگىز ئانى،
لېكىن ئاندىن بولدى يېڭى توقۇپ كىيەر بولسە نىفىز.
خاسە ـ خام چىت بىرلە تىك مۇندىن بۆلەك ھەم نەچچە خىل،
بولدى قەمرۇت، سەقەلۇب شەيتان تېرە بىرلە رەفىز.
تېرىماي سەنمۇ زىرائەت بولۇپ، ئابدۇللاھ، ھورۇن،
كارغە كەلمەس يېگەلى تاش ـ چالمە يا داشقال ـ سىغىز.

## ئون توققۇزىنچى باب ھەممە قىسىم نانلارنىڭ بەيانى

[ئاچقۇچ سۆزلەر] : قاتلاما، ئاقنان، توقاچ، كاكچا، فوم نان، گىردە، شىمەن، سامسۇ، فەرمۇدە، كۆمەچ، زاڭزا، قۇيماق، گوشتگىردە، گوكەي، بۇس نان، فىتىرنان، زاغرا، دۇبەزنان، خوشاڭ، فوشكال.

ھەمد ھەققە بەردى جان ئۆز ئەسلىمىزنى تافامىز،
كىم تافار ھەقنى ئاڭا ئىخلاسىمىزنى ئاتامىز.
ھەركىشىكىم رىزق يەپ رەززاق بىلەن يوقدۇر خۇشى،
ئۆرلەشىپ بىزلەر ئاڭا ئىفلاسىمىزنى ساتامىز.
كىم خۇدانىڭ نىئمەتىدىن رەھمەتىنى خوب كۆرەر،
بىر ئىلاج بولسە ئاڭا لىباسىمىزنى يافامىز.
رەھمەتىنىڭ بەئزىسىدىندۇر خۇدانىڭ نىئمەتى،
بارچەمىز نىئمەتنى يەپ ئۆز زاتىمىزنى باقامىز.
زاتىمىزنى باقغالى بەردى خۇدا نىئمەتنى كۆپ،
شۇكر كۆپ قىلغاچ مىنىپ ئۆز ئاتىمىزنى چافامىز.
ئاتىمىزنى چافچۇتۇپ، بىر ناننى تافساق كاف تۇتۇپ،
ئانى چايناپ يۇتقالى بىز ئاغزىمىزنى ئاچامىز.
ئاغزىمىزنى نەچچە قىسمى نەرسەلەر ئاچتۇرغۇدەك،
بىرى ناندۇر بىزمۇ ھەم يەپ نانىمىزنى ياتامىز.
ئىسمى نانلارنى بۇ بابدا مەن ئەگەر زىكر ئەيلەسەم،
قاتلاما، ئاقنان، توقاچغە جانىمىزنى چاتامىز.
كاكچا، فوم نان، گىردە، شىمەن، سامسۇ، فەرمۇدە، كۆمەچ،
زاڭزا ـ قۇيماق يېگەلى دەرۋازەمىزنى قاقامىز.
بولسە گوشتگىردەۋۇ گوكەي، بۇس نان قانچە خوب،
بولماسە خاتۇننى تىللاپ شالىمىزنى ساچامىز.
نان فىتىر، زاغرا، دۇبەز، خوشاڭ بىلە فوشكالنى يەپ،
ھەممەمىز ھەددىن ئاشىپ قالغانىمىزنى چاقامىز.
ھەركىشى نانىنىڭ مۇبارەك ئىسمىنى ياد ئەيلەسە،
ئولتۇرۇپ يانداش ئانىڭغە يانىمىزنى ياقامىز.
كىمكى نانسىز قالسەلەر قانسىز بولۇر ئانداغ كىشى،

بولسەنان جىق يۇزدە قان جىق خالىمىز نې ئاكامىز.
خالى جەد يا جەددىتىڭ يوق ئەسلا، ئابدۇللاھ، سىنىڭ،
قايسى ئايتۇر ساڭا قىز - ئەيالىمىزنى قاتامىز.

## بۇ بەيت ئاش - تەئاملارنىڭ بەيانى

[ئاچقۇچ سۆزلەر]: بەتتە، فولا، شولە، چۇلە، ماش گۇرۇچ، كەباب، چۆچۈرە، ئۆگرە، ئۇزۇپ، يارما، مەنفەرزە، چوقۇرچەك، زاڭ، ئوماچ، سىقماق، يومدان.

ھەمد ھەققە بىزنى مۇئمىن قىلدى بار ئىمانىمىز،
بارمۇ ئاخىر دەمدە ئىمانىم تاشار پەيمانىمىز.
بەردى نىئمەت نەچچە تۇرلۇك بىزگە پەيمان تاشقۇچە،
تاشسەلەر پەيمانىمىز تاشدەك قاتار پىشانىمىز.
فۇتۇلۇپ فىشانىمىزگە رىزقىمىز مىساق كۈنى،
روزى مىساق كۈنى بەرگەن بىر ۋبار شىلانىمىز.
سۈيۈق ئاشنى دېگۈمىز شىلان، قوياق ئاشنى تەئام،
بۇ تەئام - شىلانىمىزنى يەپ قانار زىيجانىمىز.
بەردى ھەق ناندىن بۆلەك بىزگە تەئامنى بىھىساب،
يېگۈسى بۇ شۇم فوكان ھەم ئىنتىزار شەيدانىمىز.
بۇ جەھاندا تويماغان شەيدان فوكانغە ئەلھەزەر،
دېگۈسى ئاش بەرمەسە بىزلەر بىزار، ئەي جانىمىز.
ئىسمى ئاش بەتتە، فولا بىرسى شولە ياكىم چولە،
ماش گۇرۇچ، شورپە گۇرۇچ بىزلەرگە زار ئىشانىمىز.
چۆف، يوتازە، مانتۇ، لەڭمەن، سوزا، شورپە ھەم كەباب،
چۆچۈرە، ئۆگرە، ئۇزۇپ تاشلاپنى ئىلغار قارنىمىز.
يارما مەنفەرزە، چوقۇرچەك، زاڭ، ئۇماچ، سىقماقمۇ خوب،
يا قۇناقنى يوناپ ئەتكەن ئاشقە سارغارغانىمىز.
شۈنچە ئاشنى يەپ - ئىچىپ سارغارما، ئابدۇللاھ، تولا،
تاڭلا بارچە ياخشىلىقلارنى توسار مىزانىمىز.

## يىگىرمىنچى باب ئۆي سەرەمجانلارى بۇ بەيت تۆمۈر، چۆيۈن، مىس، تۈچ ئەسبابلارنىڭ بەيانى

[ئاچقۇچ سۆزلەر]: فالتۇ، كەتمەن، فىچاق، كەركى، تىش، ئويغاق، قارچى، دەزمال. چۆمۈچ، كەفكى، لىگەن، قازان، چايگۈن، چىنى، فەتنۇس، تەخسە، چىلافچى، ئافتۇبە، ئۇرۇس ساندۇق، فەنەر، يىڭنە، جۇۋالدۇز، ھەۋانچــــى، شەمئدان، جادۇ، قىرمەكەش، چەراغ، قوشۇق، قۇلف، ئاچقۇ، ئۇشكى، سىخ، كارساڭ، چىلىم، ئەررە،

كورە، مىس فۇل، ئىزەڭگۇ، دۇۋەت، قەلەمدان، جەدۋەل قەلەم.

سەنا تەڭرىمگە ئۇل ھەرگىز يوقالماس،
يوقالمىش دېسە ئالەمدە بۇ قالماس.
ئانىڭ يوق ئىبتىداۋۇ ئىنتىھاسى،
بۇ سۆزنى كىشى ئالدىمدا توسالماس.
خۇدا بەئزىنى فۇلغە زار قىلىپدۇر،
فۇلى كۆپ ھەرنە قىلماقدا بوشالماس.
ئىنايەت ئەيلەدى ھەق كۆپ سەرەمجان،
ئۆلۈپ كەتسە بۇ قالماق، نې ئۇ قالماس.
سەرەمجان نەچچە قىسمى نەرسە بىرلە،
بىرىسىدۇر تۆمۈر ئوتسىز چۇجالماس.
تۆمۈردىن بولغۇسىدۇر قانچە ئەسباب،
بۇ ئەسبابلارمۇ ھەرجايدا سوزالماس.
ئانى كىم سوزغالى ھەركىم قىزىتسە،
تۆمۈرچىدەك بۇ ھەرقايدا سوقالماس.
تۆمۈردىن بولغان ئەسباب فالتۇ - كەتمەن،
قىچاق - كەركى يوق ھېچنەرسە يونالماس.
تىش ئويغاق، لەخشىگىر، بەل، قارچى، دەزمال،
چۆمۈچ، كەفكى، ئاياقسىز ئاش ئۇسالماس.
قازان، چايگۇن، چىنى، فەتنۇس ۋە تەخسە،
چىلافچى، ئافتۇبەسىز يۇرت سورالماس.
ئۇرۇس ساندۇق، فەنەر، يىگنە، جۇۋالدۇز،
ھەۋانچى، شەمئدان ئۆزچە ئۇشالماس.
يەنە بار جادۇ دەپ چوڭ بىر نېمەرسە،
بۇ يوق ئات ئوتنى خوب چايناپ يۇتالماس.
دېسەم بىر فەھلەۋاننى قىرمەكەش دەپ،
ئانىڭ قىلغاننى ھېچكىم بۇزالماس.
يەنە گوشتنى چاناپ ئۇل قىرمەكەشدە،
بۇدۇر فايدا كېكىردەكدىن بوغالماس.
چەراغ بىرلە قوشۇق، قۇلفىيۇ ئاچقۇ،
قولىدا سىنغالى غەمگە بۇ سالماس.
يەنە ھەم ئۇشكى، سىخ، كارساڭ، چىلىم بار،
ياغاچ ئەسباب قاتارىغە قوشالماس.
قالىبدۇر ئەررە، كورا بىرلە مىس فۇل،
ئىزەڭگۇ يوق ئاتىغە فۇت سونالماس.
يۇگەن، قۇشقۇنىنىڭ ھەم جابدۇقلارى خوب،
ئۇزۇلگەن بىرلە ئۇل يەردىن ئۇيالماس.
دۇۋەت، جەدۋەل قەلەم بىرلە قەلەمدان،
تۇرۇك ئادەم ئانى ساقلاپ تۇتالماس.
دېدىم مەن ئۆز دىيارىمدا بارىنى،
تۆمۈر ئېرمەس بۇ دەپ خەلق دەم ئۇرالماس.
ئۆزۈم بىلمەس تۆمۈر ئەسبابىمۇ ھەم كۆپ،
دېسەم فۇرسەت يېتىپ ئاڭلاپ تۇرالماس.
تۆمۈر ئەسباب قاتىلماس كەسبى كەمراق،
بۇ بائىس بولماسە ئاچلار تويالماس.
خەلايىقلارغە ئاش بەرگەن تۆمۈردۇر،
قىچاقسىز گوشتنى ھېچ قەسساب سويالماس.
ئاش ئەتمەك بولسەلەر ياغاچ قازاندا،
ئانى ئوتغە يېقىن ھەرگىز قويالماس.
ئەگەر ئاسقان بىلەن چالمە قازاننى،
بولۇرمۇ ئۇل قازان سۇدا ئەدالماس.
زىرائەت تىرىغان كەتمەن بىلەن تىش،
ئەگەر ئۇنگەندە كەتمەنسىز سوغالماس.
سوغارغان بىرلە كۆز ۋەقتىدە پىشسە،
ئاڭا ئويغاق كەرەك قولدا يۇلالماس.
تۆمۈر بىرلە خەلايىق كۈن كەچۈرگەي،
ئانىڭ ئاتى تۆمۈر ئېرمەس بۇ ئالماس.
قاتىپ قالدىڭ سەن، ئابدۇللاھ، تۆمۈردەك،
ئانالارمۇ نەچچە قاتتىقنى توغالماس.

## ياغاچدىن بولغان سەرەمجانلارنىڭ بەيانى

[ئاچقۇچ سۆزلەر]: كارساڭ، ئاياق، جام، تۇڭ، تۇۋاق، ساندۇق، چەھارپاي، غەلبىر، ئەلگەك، يەلفۇگۇچ، تەختە، نوغۇچ، چولا، دەم، ئىشىك، فەنتىڭ، شىرە، چىلەك، چۆمۈچ، قوشۇق، دەستە، قوزۇق، سوغا، قاسقان، تارتقۇ، تارماق، توخۇناق، زەنبىل، بۆشۈك، تەختەمۇشۇك، چۇكا، قىرغۇچ، چەرخ، چىلىم، خون، چەراغ پايە،

رەھىل، سەندەل، ئۇلاق، نوگاي، قافاق، رىك، ئەسا، دۇمباق، سۇبەت، ساز، غالتەك، چوماق، توقماق، قۇتى، سەر، جىلك، شىن، كىمە، كۆبرۇك، نور، قامچى، قۇشقۇن، لەڭگەرچاق، ئىگەر، گۇگۇت، شۇمەك، خونچە ئاياق، فوزا، فىچەك، بورا، سۇفۇرگە، ئەرابە، مەھافە، تۇگۇرمەن، سوقە، ئۇي، ئىمارەت، جىنازە، قەلەم، ئىسكەنجى.

ھەقغە مەن ھەمدۇ سەنا ئايتىشىم دېمەك لازىم ئېمەس،
لازىم ئۇلسۇن، بولماسۇن، بۇ سۆز مېنىڭ نازىم ئېمەس.
ناز قىلماي بەردى بىزگە بارچەنى ھەق دىلنەۋاز،
يەنە ھەم ھېچكىم ئانىڭدەك ياخشى دەمسازىم ئېمەس.
ھەممەگە دەمساز بولۇپ تۇرلۇك سەرەمجان قىلدۇرۇپ،
ئىشلەتىپ بىزلەر ئانى ناشۇكر ئەلفازىم ئېمەس.
بۇ سەرەمجان نەچچە قىسمى نەرسەدىن بىرسى ياغاچ،
ئىسمى بۇ كارساڭ، ئاياق، جام سۆزگە پەردازىم ئېمەس.
تۇك، تۇۋاق، ساندۇق، چەھارپاي، غەلبىر، ئەلگەك، يەلفۇگۇچ،
تەختە، نوغۇچ، چولادەك ئۇي ئىچرە ھەمرازىم ئېمەس.
دەم، ئىشىك، فەنتىلك، شىرە، چىلەك، چۇموچ، قوشۇق،
دەستە، قوزۇق، سوغا، قاسقان غەيرى ئاۋازىم ئېمەس.
تارتقۇ، تارماق، توخۇناق، زەنبىل، بۇشۇك، تەختەمۇشۇك،
چوكا، قىرغۇچ، چەرخ، چىلىمنىڭ قايسى ھەمسازىم ئېمەس.
خون، چەراغ پايە، رەھىل، سەندەل، ئۇلاق، نوگاي، قافاق.
رىك، ئەسا، دۇمباق، سۇبەت نېچۇن بۇ سەربازىم ئېمەس.
نەغمە غالتەك ھەم چوماق، توقماق، قۇتى، سەر، جىلك، شىن،
كىمە، كۆبرۇك، نورى يوق سۇ بىرلە قىش - يازىم ئېمەس.
قامچى، قۇشقۇن ھەم لەڭگەرچاق ھەم ئىگەر، گۇگۇت، شۇمەك،
خۇنچە، ئاياق، فوزا، فىچەك خەتكە بۇ ئاغازىم ئېمەس.
يەنە كاسىبلار بىلەن دېھقان سەرەمجانىمۇ كۆپ،
بوريا، سۇفۇرگىدەك ھېچقايسى شەھبازىم ئېمەس.
ئەرابە بىرلە مەھافە يا تۇگۇرمەن يا سوقە،
ئۇي - ئىمارەت يا ئىشىك يوق يەردە دەرۋازىم ئېمەس.
يەنە ھەم بىرنەرسە بار «جىم، نۇن، ئەلىف، زە، ھى» بىلەن،
ئايتقالى جانىم تەنىمدىن ھەلى پەرۋازىم ئېمەس.
موللالارنىڭ خەت سەرەمجانى قەلەم - ئىسكەنجىدۇر،
مەنى كىم ئايتۇر بۇ فاخشەكىمۇ يامان تازىم ئېمەس.
ياخشىلىق ئاتىڭ ياراشقايمۇ سەن ئابدۇللاھغە ھېچ،
نېمە مۇنچە ھال، سەن ئەئلەم، مۇفتى يا قازىم ئېمەس.

## چىنى ۋە سەفالغە تەئەللۇق سەرەمجانلارنىڭ بەيانى

[ئاچقۇچ سۆزلەر] : چىنى، سەفال، جام، ئاياق، تەخسە، خونچە، كوزا، لوڭقا، خىشىت، چەراغ، چاينەك، قۇتى، دۇۋەت، قوشۇق، كوف، ئىبرىق، چەراغ پايە، يامچاق، ئاجىشتان.

خالىقىمغە نەزم بىرلە ھەمد ئايتماق ياخشى ئىش،
ئۆزگەسى بۇ ياخشىلىقنىڭ ئالدىدا قانچە ئىمىش.
قانچە زىكر ئايتسە كىشى شۇنچە ئىتائەتدۇر ئاڭا،
كىم ئىتائەت قىلسە ئول ھەققە بۇ قىلغانچە بىلىش.
بىلسە بارچە ئىسمىدىن بىرسى ئانىڭ ۋەھھاب ئېرۇر،
قىلدى بەخشىش بىزگە لازىملىقنى كۆپ ئاڭلاپ بېقىش.
ئاڭلاسام چىنى، سەفال، ئەسباب ئۆيىنىڭ زىكرى بۇ،
جام، ئاياق، تەختەيۇ خونچە، كوزا، لوڭقا يوق نە ئىش؟
خىشىت، چەراغ، چاينەك، چىنى، قۇتى، دۇۋەت، قۇشۇق بىلە،
كوفۇ ئىبرىق ھەم چەراغپايە تولا خىزمەت قىلىش.
سەفال ئەسباب جۇملەسىدىن قالماسۇن يامچاق سوفوم،
ئىچى نەچچە قىسم ئۇنگەن گۇل بىلەن زىينەت ئىمىش.
ئەمدى ئايتايمۇ ۋەيا ئايتمايمۇ بىر مەئشۇقنى مەن،
ھەركىشى ئايتسە مۇبارەك ئىسمىدىن ئاسىغ كېلىش.
بىتەھارەت مەن ئانىڭ ئىسمى ـ شەرىفىنى دېسەم،
ئېھتىمال ئاغزىمغە قورقاق ياكى تەمرەتكۇ چىقىش.
ئىسمىنى ئايتماق يامان دەپ جىسمىنى قىلغۇم بەيان،
بارچەلەر ئاشىق ئاڭا سۆيمەي قاچان كۆڭلى قېنىش.
ئۇستى ئوت ئاستى تۇتۇن مۇنداغ كەرامەت قايدا بار،
بەئزى كۇنلەردە بۇ زاتنىڭ باشىدا ئوتمۇ يېنىش.
بۇ خوجام زات نىل چىلىم بىر تۇغقان ئېرمىشدۇر قەدىم،
ئاڭا كىم شەك كەلتۇرۇر ۋاجىب ئانى قولدىن ئېلىش.
خەلق سەيخانە خوجامنىڭ خەلفەسى بىز ھەلقەسى،
ھەلقەمىزنى بۇ خوجامنىڭ غەيرىدىن ئۇبدان يىغىش.
سېنى، ئابدۇللاھ، ئاچىشتان خوجە ھەم قىلماس مۇرىد،
لايىق ئېرمەس بۇ خوجامنىڭ سۇھبەتىگە سەن كىرىش.

## جەۋاھىرغە تەئەللۇقلارنىڭ بەيانى

[ئاچقۇچ سۆزلەر] : قاشتاشى، ياقۇت، ئەقىق، جەج، زەبەرجەد، لەئل، مەرۋايىد، يۇنجى، مەرجان، قەھرۋا، ئاھەك ـ رەۋا، شىشە، ئايىنە، سەدەف، گەۋھەر، فىروزە، زۇمۇرەت، ئالتۇن، كۇمۇش، فۇلات، ئالماس.

www.uyghurkitap.com

هەمد ھەققە سۇنئىنى قىلدى خەلايىق ئىچرە فاش،
ھىكمەتىنى كۆرسەتىپ تەدبىر ىمىزگە بىلدى باش.
سىفەتىنىڭ جۇملەسىدىن بىرى ئەللامۇل ـ غۇيۇب،
كىشى بىلمەس تاغلاردىن كان بولۇپ ئاچىلدى تاش.
ئاچىلىپ كان ھەر تەرەف ئاندىن جەۋاھىرلار چىقىپ،
شاد ـ خۇررەمىلىكدە قىلدى قانچە پىرلار دىلنى ياش.
كۆپ جەۋاھىرلىك قارى ياش كۆرۈنۇر ياشلار قەرى،
بولسەلەر كىمگە مەنزۇر بولۇپ ئىپتىلدىكى قاش.
ئىسمىنى ئايتسام بۇلاردىن قاشتاشى، ياقۇت، ئەقىق،
جەج، زەبەرجەد، لەئل، مەرۋايىدنى بىلگىل، ئەي ئاداش.
يۇنجى، مەرجانلار، جەۋاھىر، قەھرىۋا، ئاھەڭرەۋا،
شىشە، ئايىنە، سەدەف، گەۋھەرنى كۆزسەم ئېردى كاش.
يەنە فىروزە، زۇمۇرەت قالماسۇن ئالتۇن ـ كۇمۇش،
تاپسە مەزلۇملار ئىگىنگە تۇگمە دەپ ئانى قاداش.
بار فۇلات، ئالماس دەپ ئىككى كۆڭلى تاش قاتتىق سەپا،
مۇنى بىز كۆرسەك جەۋاھىر بىرلە بىرخىلچى قاراش.
ھەربىرىنىڭ رەڭگى نەچە قىسم بىلسەم ـ بىلمەسەم،
قايسى رەڭدە بولسەلەر بىزلەرگە يۇزمىڭچى ياراش.
قول ـ قولاقلارگە سالىنچاق ھەم ئاسىنچاقدۇر بۇلار،
پادىشاھلار بۇ جەۋاھىرلارنى دەپ بىزنى غاجاش.
بىر كۆيەك زەققارەنىڭ ئالدىدا بۇ بىكار ئېرۇر،
بائىسى ئول مۇئتەبەرلىك بىرسى ناندۇر بىرسى ئاش:
ئارفە، فۇرچاق، ئاش ئۇلارنى تاش ئىكەن دەپدۇر قەدىم،
تاشغە ئوخشاش كىشىنى قىلغايمۇ ھىچ كىشى تالاش.
تالاشىپ فۇل تافماغانلارنى خەلايىق تالاشۇر،
قىلدى ھەق ئىتدەك تالاشماقغە ئەجەب بىزنى ياۋاش.
يانىپ، ئابدۇللاھ، يۇۋاشلىقدىن يامانغە بول يامان،
يامان ئەرنى تابسە خاتۇن ئەتكۇسى مىڭچى باغاش.

## فاختەغە تەئەللۇق ئۆي سەرەمجانلارىنىڭ بەيانى

[ئاچقۇچ سۆزلەر]: خام، مەتا، يىف، تەغار، خوجۇن، گىلەم، خالتە، تەللە، بوغچە، تەكيە، يوتقان، كۆرفە، فەردە، لۇڭگە، دەستۇرخان، سۇفرە، يىفىدە، گەزنە، فىلىك، زەردىۋار، تور، جايىنەماز، توف، كاشا، ئاغرامچى، دەمكەش، نۇختە، ئىگەرقافى، ئەبۇدا، قول تەكيە.

ھەمد قادىر تەڭرىگە ۋاجىب ئانى بىزلەر تونۇش،
تونۇساق سەككىز سىفەت بىرلە ئوغۇل ـ قىزلار ئۇچۇش،

ئوقۇماقنى فەرز قىلدى ئۆزىنى بىلدۈرگەلى،
ئانى بىلسەك نەھىيىدىن ئەلبەتتە پەرھىزلەر تۇتۇش.
ئەمرىنى تۇتقاچ ئانىڭ نەھىيىسىدىن ھەم يانساق ئەگەر،
ۋەئدە قىلدى ھەق ئانىڭدىن رازى مەن – سىزلەرمۇ خوش.
بەردى بەئزى ئىختىيارنى بىزگە خوش قىلماق ئۈچۈن،
بارچە ناخۇشلۇقدا دايىم ھەربىرىمىزلەر ئۇرۇش.
گاھ ئۇرۇشماق گاھ كۈلۈشمەكدە سەرەمجانلار يىغىپ،
ئانى ئىشلەتكۈنچەلىك كۆپ فىتنە ئەڭگىزلەر قوفۇش.
بۇ سەرەمجان بائىسىدىن بىسەرەمجانلىق بىلەن،
زىكر قىلسام خام – مەتانى قىلماس ھەرگىزلەر دۇرۇش.
يىف، تەغار، خوجۇن، گىلەم، خالتەيۇ تەللە، بۇقچەلەر،
تەكيە، يوتقان، كۆرفە، فەردە بولسا ئەزىزلەر قونۇش.
لۇڭگە، دەستۇرخانۇ سۇفرە، يىفىدە، گەزنە، فىلىك،
زەردەۋار، تور، جايىنەمازنى ياش – قەرىمىزلەر توقۇش.
توف، كاشا، ئاغرامچى، دەمكەش، نوختە ھەم ئىگەر قافى،
ئەبۇدا، قول تەكيەدىن شوكدە ئىگىز يەر تۇرۇش.
فاختەدىن بولغان بۇدۇر مەن بىلمەگەندىنمۇ تولا،
ئاڭلاغانلارنى دىسەم مەغزەبكە ئاغىزلار تولۇش.
ئايىتتى ئابدۇللاھ ئۆزى بىلگەن سەرەمجان ئىسمىنى،
بىلمەگەننى زىكر قىلسام كۆڭلى ئەنسىزلەر بۇزۇش.

## چىگە ۋە تۇكدە بولغان سەرەمجانلارنىڭ بەيانى

[ئاچقۇچ سۆزلەر]: زىلچە، گىلەم، تەغار، خوجۇن، كاشا، ئاغرامچى، شوينە، چىگە، جۇل، چەكمەن، ئەلگەك، يەلفۇگۇچ، كەمالچە، غىجەك.

خۇداغە ھەمد ئايىتىپ قىلغۇمىزدۇر ئانچىنان ئىخلاس،
دىلىمدا ئانچىنان بەلكى تىلىمدا ھەر زەمان ئىخلاس.
ياراتىپ قانچە ھەيۋانات قىلىپدۇر جىسمىنى تۇكلۇك،
فوكانغە فايدالىقنى كۆرسە قىلغايلار ئاران ئىخلاس.
ئۇلارنىڭ رەسمىسى گوشتىدا قىلماق بارچەنى مىھمان،
سالىپ پوستىنى ئۇستىدىن قىلۇر بىزگە يامان ئىخلاس.
ئەجەب كۆپ نەفئى يەتكۇزدى ئانىڭ پوستى – تۇكى بىزگە،
بولۇر نەچەند سەرەمجان تۇكنى قىلسام مەن بەيان ئىخلاس.
بۇلارنىڭ قىسمىدىن زىلچە، گىلەم، كىگىز، تەغار، خوجۇن،
كاشا، ئاغرامچى، شونيە، چىگەدىن بىزگە ھەيان ئىخلاس.
يەنە ئاتىنىڭ جۇلى، چەكمەنۇ ئەلگەك، يەلفۇگۇچ ھەم بار،
كەمالچەيۇ غىجەككە باخشى قىلغاي ھەرقاچان ئىخلاس.
يەنە كاسىب سەرەمجانىدا تۇك ئەسباب نەچە قىسمى،

www.uyghurkitap.com

ئاتىنى ئايتماسامىز، بەس قىلۇر ئالەم ـ جەھان ئىخلاس.
دېدى ئۆز يۇرتىدا بار تۇك سەرەمجانلارنى، ئابدۇللاھ،
ۋەلېكىن قىلماغاي ھەرگىز ماڭا غەيرى نادان ئىخلاس.

# تېرە بىلەن بولغان ئەسبابلارنىڭ بەيانى

[ئاچقۇچ سۆزلەر]: نوختە، يۈگەن، ئەشمەك، قامچى، تالقاندان، جەزلىك، غەلبىر، ئۆتكەرمە، غىلاف، ناغرا، دۇمباق، چىنى قافى، ساغداق، سەھاف، تەئزىر، ھەمايىل قافى، ياغ ئافتۇبەسى، تۇلۇم.

ھەقتەئالاغە سەنا ئايتماق بەيانى بولدى خاس،
ياراتىپ ھەيۋاننى ئادەمگە ھەيانى بولدى خاس.
مەن بايان قىلسام بۇ ھەيۋاندىن ھەيان بولغاننى،
بىزگە گوشتىنى بىرۇرگە بىرزەمانى بولدى خاس.
بەردى گوشتىنى ۋە بەلكى فوستىنى ھەم كۆيدۇرۇپ،
دوستلۇقى بىزگە ئانىڭ تەن بىرلە جانى بولدى خاس.
پوستىنى بىزگە سالىپ بەردى كۆرۈپ بىز دوستىنى،
يالاڭاچلىقدا ئانىڭ قورساق مەكانى بولدى خاس.
بىر تەنى نەچچە قوساقدا ئىستىقامەتدە تۇرۇپ،
تىرەسى بىزگە سەرەمجان ھەرقاچانى بولدى خاس.
بۇ سەرەمجان قىسمىسىنى زىكر قىلسام ئىسمى بۇ:
تاسمە، نوختە، يۈگەن، ئەشمەكدىن فەلانى بولدى خاس.
قامچى، تالقاندانۇ جەزلىك، غەلبىر، ئۆتكەرمە، غىلاف،
ناغرا، دۇمباق يەنە كۆپ ئەسباب جەھانى بولدى خاس.
چىنى چايگۇنى قافى، ساغداق ـ سەھاف، تەئزىر بىلە،
ئول ھەمايىل قافىغە كۆڭلۈم رەۋانى بولدى خاس.
بار ئېرۇر ياغ ئافتۇباسى يا تولۇم دەپ بىر نېمە،
مەن ئانى ئايتماقغە بۇكۇن بىر بەھانى بولدى خاس.
تىرە ئەسباب قانچەسى كاسىب ئاراسىدا ئېرۇر،
بىلمەگەننى ئايتماقىم سۆزنىڭ يامانى بولدى خاس.
قىلمە، ئابدۇللاھ، ئۆزۈڭ بىلمەس سەرەمجان سۆزىنى،
كىمكى بىلمەي سۆزلەسە خەلقىنىڭ نادانى بولدى خاس.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

# بۇخارا ياكى ماۋەرائۇننەھر تارىخى[1]

ھېرمان ۋامبېرى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: باۋۇدۇن نىياز

ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭى مەسئۇد ئاتىسىنىڭ كۈچلۈك ۋەزىرى خىسراۋ شاھ بىلەن بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلدى. ئۇ ئامۇ دەرياسىنىڭ سول تەرىپىدىكى ھىسار، قۇندۇز، بەدەخشاننى بېسىۋالدى. ئەگەر سۇلتان ھۈسەيىن مىرزا ئىستىلا ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى مەملىكەتنىڭ شىمالىي چېگرالىرىنى باشقىلارنىڭ تاجاۋۇزىدىن مۇداپىئە قىلىش مەقسىتىدە ئۇلارغا قارشى ھەرىكەت باشلىمىغان بولسا، مەسئۇد بىلەن خىسراۋ شاھ ماۋەرائۇننەھر تەختى ئۈچۈن بولغان جەڭگى جىدەللەردە ئۆز مەقسىتىگە ئېرىشەلىگەن بولاتتى. لېكىن سۇلتان ھۈسەيىن مىرزىنىڭ ھەرىكىتى مەسئۇدنىڭ تەختكە ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىسىنى يوققا چىقاردى.

ئاتىسى ھايات ۋاقتىدا بۇخارا ھۆكۈمدارى بولۇپ تۇرغان بايسۇنقۇر مىرزا تەرەپدارلىرى خېلى كۈچلۈك ئىدى. ئۇ بۇ يەردىن سەمەرقەندكە دەۋەت قىلىنىپ، ئادەتتىكى تەرتىپ ۋە ئېھتىرام بىلەن تەختكە ئولتۇرغۇزۇلدى. قىياپەت جەھەتتىن تۈركمەنلەرگە ئوخشاش ئەمما دۇنيا قارىشى تار دائىرىلىك 18 ياشلىق بۇ يىگىت، ئۆزى خالىسىمۇ، مەھەللىۋى قۇدرىتى بار ئۇلۇغلارغا ۋە نوپۇزلۇق روھانىيلارغا قارشى ھېچ نەرسە قىلالمىدى.

ئۇ ھىسارغا نائىب ۋاقتىدىلا تەۋازۇ قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان، نازاكەتلىك كۆرۈنگەن ياۋۇز نىيەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزىنىڭ مەقسىتى ئۈچۈن ئۇنىڭ خىزمەت قىلىپ بېرىشىنى ئىستەيتتى. شۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بايسۇنقۇردىن نارازى بولۇپ، ئۇنى تەختتىن چۈشۈرۈشكە قارار قىلدى. ئۇنىڭ سەمەرقەندكە كەلگەندىن كېيىن ئۆزىنى چوڭ تۇتۇشى ئۇلارغا ھاقارەتتەك تۇيۇلدى. ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئۇنىڭ ئۇكىسى سۇلتان ئەلىنى قارشى (جاي ئىسمى) دىن سەمەقەندگە چاقىرىپ، يازلىق بېغى نەۋ سارىيىدا ئۇنىڭغا ساداقەتمەن بولۇش ئۈچۈن قەسەم ئىچتى. تاپانچىلىرى تەرك قىلىنغان بايسۇنقۇر شۇ سارايدا خۇددى مەھبۇسقا ئوخشاش ياشىدى. ئومۇمەن ھەر ئىككى شاھزادە ئوخشاش بىر خىل ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. بىر كۈنى كەچقۇرۇن بايسۇنقۇر ھاجەتكە چىقىش باھانىسى بىلەن ساراي ھويلىسىنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتۈپ، تار ئېرىق يولى بىلەن قېچىشقا مۇۋەپپەق بولدى ۋە شۇ چاغدىكى چوڭ ھۆرمەتكە ئىگە خوجىغا ئىلتىجا قىلدى. ئۇنىڭ قاچقانلىق خەۋىرى تارقالغاندىن كېيىن ئاھالە دەرھال خوجىنىڭ ھويلىسى ئەتراپىغا توپلاندى، لېكىن ھېچكىم خوجىنىڭ ھويلىسى

---

① بېشى ئۆتكەن ساندا.

www.uyghurkitap.com



ئىچىگە كىرىشكە جۈرئەت قىلالمىدى؛ نەتىجىدە بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. شۇ ئارىدا سۇلتان بايسۇنقۇرنىڭ تەرەپدارلىرى ئابۇلمەكارىم باشچىلىقىدا ئۇنى مۆكۈنگەن جايىدىن چىقىرىپ، يەنە تەختكە ئولتۇرغۇزدى ھەم ئۆزلىرى ئىسيانىنى باستۇرۇش ئۈچۈن چارە - تەدبىر قوللانماقچى بولدى. سۇلتان ئەلى بولسا، ئۆزىنىڭ ئاساسىي تەرەپدارى دەرۋىش مۇھەممەد تارخان بىلەن بىرگە ھەپسىگە ئېلىندى. ئۇلار قېچىشقا ئۇرۇنۇپ كۆرگەن بولسىمۇ، مەقسىتىگە ئېرىشەلمىدى. ئاخىرى ئۇلار بايسۇنقۇرنىڭ ھوزۇرىغا ئېلىپ كېلىندى. ئۇ دەرۋىش مۇھەممەدنى قەتلى قىلىشقا، سۇلتان ئەلىنىڭ كۆزىگە مىل تارتىش (كۆرمەس قىلىۋېتىش) قا ئەمىر قىلدى. ئاسىي تارخان شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا دەرھال قەتلى قىلىنىشى كېرەك ئىدى، لېكىن ھويلىنىڭ ئالدىدىكى ئېگىزلىككە قول ئاياغلىرى بىلەن يېپىشىپ قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى شۇ جايدا پارچە - پارچە قىلىپ تاشلىدى.

سۇلتان ئەلىنىڭ تەقدىرى ئۇنىڭغا قارىغاندا ئوڭۇشلۇقراق بولدى، چۈنكى ئۇنىڭ كۆزىگە مىل تارتىش بۇيرۇقىنى ئالغان سەتراچ (ياكى تىۋىپ) نەشتەر ئۇرۇشنى ئەملى رەۋىشتە بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئاسىي شاھزادىنىڭ كۆزىگە زىيان يەتمىدى. بايسۇنقۇرنىڭ ئۆزى ئۆلدى، چۈنكى ئۇ ئۆزىنى تامامەن تىنچ - خاتىرجەم ھېس قىلىۋاتقان بىر ۋاقىتتا سۇلتان ئەلى بۇخاراغا قېچىپ كەتتى ۋە ئىلگىرىكىدىنمۇ كۆپرەك كۈچ توپلاپ ئاكىسىغا قارشى ئىسيان كۆتەردى. گەرچە بايسۇنقۇر تېزلىكتە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەسكەر ئەۋەتىپ، قوغلىغان بولسىمۇ سۇلتان ئەلىنىڭ بۇخارادا كۈچلۈك تەرەپدارلىرى بار ئىدى. ئىككى ئوتتۇرىدا ئۇرۇش باشلاندى. بايسۇنقۇر يېڭىلىپ مەجبۇرىي رەۋىشتە سەمەرقەندكە قاچتى.

نەتىجىسى بايسۇنقۇر ئۈچۈن پالاكەتلىك بولغان بۇ ئۇرۇشتىن ئۇ ئۈچ تەرەپلىمە قىسىلىشقا ئۇچرىدى. غەربتىن، يەنى بۇخارادىن سۇلتان ئەلى، جەنۇبتىن مەسئۇد مىرزا، شەرقتىن، يەنى ھازىر خوقەند دەپ ئاتىلىۋاتقان ئەنجاندىن ئۆمەرشەيخنىڭ ئوغلى بابۇر مىرزا ھۇجۇم باشلىغان ئىدى.

بۈيۈك بوۋىسىنىڭ تەختىنى دەۋا قىلىۋاتقان بابۇر مىرزا مۇشۇ ۋاقىتتا ياش يىگىت بولۇپ، شاھزادىلەرنىڭ ئەڭ ئەقىللىقلىرىدىن ئىدى. ئۇنى ھەقلىق رەۋىشتە شەرق ۋە غەربنىڭ ئەڭ شەرەپلىك شاھزادىلىرىدىن بىرى دېيىشكە ئەرزىيتتى. شۇ دەۋر شەرقشۇناسلىرىنىڭ خاتىرىلىرىدە ئۇ شەرق قەيسىرى (سىزارى) دەپ زىكىر قىلىنغان.

ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر نەزىرى بىلەن ماۋەرائۇننەھىردە تېمۇر ئەۋلادى ھاكىمىيىتىنىڭ زاۋاللىق ۋاقتى يېقىنلىشىۋاتانلىقىنى بىرىنچى بولۇپ چۈشەنگەن ئىدى. بۇنى چەكلەش ئۈچۈن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە قارشىلىق كۆرسەتتى. لېكىن كېلەچەكتە بېشىغا كېلىدىغان تەشۋىشلەر سەۋەبىدىن تەلەي ئۇنىڭغا كۈلۈپ باقمىدى.

ھىجرىيە 903 (مىلادىيە 1498) - يىلىدا سەمەرقەندكە ئۈچ تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىندى. لېكىن بايسۇنقۇرنىڭ بەختىگە قارشى قىش يېقىنلىشىپ قالغانلىقتىن، سوغۇق باشلاندى. بابۇر پەيتى كەلگەندە ماۋەرائۇننەھرنى ئۆز ئارا بۆلۈشۈپ ئېلىش ئۈچۈن سۇلتان ئەلى بىلەن بىرلەشتى ۋە ئۇلار ئارقىغا چېكىندى.

شۇ ۋاقىتتا مەسئۇد مىرزىنىڭ شەيخ ئابدۇللا بارلاسنىڭ قىزىغا يېڭى ئۆيلەنگەن ۋاقتى ئىدى. ئۇ ئىززەت - نەپس مەسىلىسىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ چىن يۈرەكتىن سۆيگەن مەھبۇبىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ كېتىشنى لايىق كۆردى. لېكىن بايسۇنقۇر بۇنىڭ بىلەن قىستىلىشتىن قۇتۇلالمىدى. چۈنكى ياز يېقىنلىشىپ، ھاۋا ئىلىلىشقا باشلىدى. ئىتتىپاقچىلار شەرق، غەربتىن يېڭىدىن ھۇجۇم ئۇيۇشتۇرۇپ، سەمەرقەندنى يەتتە ئاي قاتتىق

قامال قىلدى.

بۇ ۋاقىت ئىچىدە بايسۇنقۇر ياردەم سوراپ ھەر تەرەپكە مۇراجىئەت قىلدى. پەقەت تالان - تاراج قىلىشنىلا ئويلايدىغان، ئۈمىد بېغىشلىغان جايلارغا بېرىشقا تەييار تۇرغان ئۆزبېكلەرلا سىر دەريانىڭ تۆۋەن تەرىپىدىن كەلدى. لېكىن، بابۇر بىلەن سۇلتان ئەلىنىڭ بىرلەشكەن قوشۇنىغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

قارشىلىق كۆرسىتىشكە چارىسى قالمىغان بايسۇنقۇر ھىجرىيە 903 (مىلادىيە 1498) - يىلىدا مەخپىي رەۋىشتە پايتەختنى تاشلاپ كەتتى ۋە تېرمىز يېنىدىكى ئامۇ دەرياسىنى كېچىپ ئۆتۈپ، ئاكىسى مەسئۇد مىرزا ھوزۇرىغا قېچىپ بېرىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ شۇنچە كۆپ جەڭگى جېدەللەرنى، ۋەقەلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، تەختتىن ۋاز كەچكەندە ئەمدىلا 22 ياشتا ئىدى. ئۇ توغرىلىق دۈشمىنى بابۇر مىرزا «ئادالەت پىشە ۋە ئادەمىي، خۇش تەبئى ۋە پەزىلەتلىك پادىشاھزادە ئىدى» دەپ زىكىر قىلىدۇ. ئۇنىڭغا مەخپىي شىئە مەزھىپىگە مەنسۇپ ئىدى، دېگەن ئەيىپ يۈكلەندى. لېكىن كېيىنچە (سەمەرقەند تەختىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن - س. ئا) ئەھلى سۈننەت مەزھىپىگە قايتقان. بايسۇنقۇر ھىجرىيە 905 (مىلادىيە 1500) - يىلىدا قەتلى قىلىندى.

بايسۇنقۇر قاچقاندىن كېيىن ماۋەرائۇننەھردە ھاكىمىيەت ئىنتىپاقچىلارنىڭ قولىغا ئۆتتى: سۇلتان ئەلى مىيەنكۆل بىلەن بۇخارانى، بابۇر بولسا شەرق تەرەپلەر بىلەن بىرگە سەمەرقەندنى ئالدى، لېكىن بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئۇزاققىچە ھۆكۈمرانلىق قىلالمىدى. چۈنكى سۇلتان ئەلى ئۆزىگە تەۋە بەگلىكلەرنىڭ باشباشتاقلىقىدىن زەئىپلىشىپ، ھىراتقا، سۇلتان ھۈسەيىن بايقارانىڭ ھوزۇرىغا قېچىشقا مەجبۇر بولدى. بابۇر بولسا، بىر تەرەپتىن تالانغان ۋە ئاچ قالغان سەمەرقەندتە ئۆزىنىڭ ئەسكىرىي كۈچى يېتەرلىك دەرىجىدە ئۇزۇق تاپالمىغانلىقىدىن، ئىككىنچىدىن، ئانىسىنىڭ ئېھتىياج ۋە تەلىپى بىلەن ئۆز ۋەتىنىگە قايتىپ كېتىشنى لازىم تاپتى.

شۇنى ئىنكار قىلماسلىق كېرەككى، بۇلارنىڭ ھۆكۈمىتى قورچاق ھۆكۈمەت ئىدى. بۇخارادا پۈتۈن كۈچ ۋە نوپۇز ئابدۇلئەلى تارخاندا، سەمەرقەندتە بولسا خوجا ئابدۇلمەكارىم قوللىرىدا ئىدى. پەقەت، بۇخارانىڭ ئۆزىگە كۆرە، ئۇنىڭ ھوزۇرىدا ئەڭ مۇھىم بىر نەرسە بار ئىدى. ئۇ بولسىمۇ تېمۇر سۇلالىسىنىڭ 140 يىللىق تەختى مۇقىم بىر مۇستەھكەم كىشىنىڭ قولىغا ئۆتمىگەنلىكى ئۇچۇن ئىدى. لېكىن بۇنىڭ نېمە پايدىسى بار؟ تېمۇر سۇلالىسىنىڭ پېتىپ كېتىۋاتقان يۇلتۇزىنى 19 ياشلىق بابۇرنىڭ قولى بىلەن ھېچ يەردە بولۇپمۇ خۇسۇسەن ماۋەرائۇننەھردە بابۇرنىڭ قولىدا تۇتۇپ تۇرۇشقا ئىمكانىيەت يوق ئىدى.

بىر تەرەپتىن تېمۇر ئەۋلادلىرى بىر - بىرىنىڭ قېنىنى ئىچىپ ئۆز ئارا نىزالارنى كۈچەيتمەكتە، ئىككىنچى تەرەپتىن چىڭگىز سۇلالىسىنىڭ جۇجى خانىدانىغا مەنسۇپ شايبانى مۇھەممەدخان ئىستىلا ھازىرلىقىنى قىلماقتا ۋە ماۋەرائۇننەھرنىڭ بىر نەچچە مۇھىم نۇقتىلىرىنى ئۆز ھاكىمىيىتى ئاستىدا تۇتماقتا ئىدى. شايبانى مۇھەممەد ئۆزىنىڭ باھادىر ئاتلىق قوشۇنلىرىنىڭ ياردىمىدە ھىجرىيە 905 (مىلادىيە 1500) - يىلى سەمەرقەند تەختىنى ئىگىلەپ، تېمۇر ئەۋلادلىرى ھۆكۈمرانلىقىغا يەكۈن چىقاردى.

بۇ سۇلالە ئالىمشىنىڭ تەپسىلاتىنى كېيىنكى پەسىلگە قالدۇرۇپ، شەھرىسەبزدىن چىققان ئاقساق جاھانگىر تېمۇر سۇلالىسى ۋاقتىدىمۇ مەزكۇر سۇلالىنىڭ ياردىمى بىلەن ئىسلام دۇنياسىنىڭ شەرقىي قىسمىدا مەيدانغا كەلگەن مەنىۋى ھەرىكەت — تەرەققىيات ۋە مەدەنىيەت ھەققىدە بىر قەدەر يېزىپ قويۇش مۇناسىپ ئىش ھېسابلىنىدۇ. دەرۋەقە

ئۇيغۇرچە كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

تىمۇرىيلەر بۇ ھەقتە ئاسىيا تارىخىدا ئۇلۇغ بىر مەۋقەنى ئىگىلەيدۇ.
شۇنىڭ بىلەن باراۋەر ئامۇ دەرياسىنىڭ نېرىقى تەرىپىدە مەدەنىي ھايات يۈكسىلىشى ھىراتتىكى شاھرۇخ مىرزا ۋە سۇلتان ھۇسەيىن مىرزا بايقارا سارىيىدىكى يۈكسىلىشتىن باشقىچىرەك بولدى. بۇ يەردە دىنىي ئېتىقاد ئىلىملىرىدىن تاشقىرى، شېئىرىيەت، تارىخ، تېبابەت، ھوقۇق قاتارلىق دۇنياۋى پەنلەرگە ۋە گۈزەل سەنئەتكە ئورۇن بېرىلدى. ئەمما ئۇ يەردە بولسا، ئۇلۇغبەك ۋە ئەبۇسەئىد دەۋرلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، پەقەت دىنىي ئىلىم ۋە تەسەۋۋۇپ بىلەنلا شۇغۇللىنىلدى.
بۇ ئىككى ئۆلكىنىڭ ئەدەبىياتى ئارىسىدا قەتئىي بىر پەرق چېگرىسىنى بېكىتىش خېلى قىيىنغا چۈشىدۇ. گەرچە مەنىۋى ھاياتنىڭ گۈزەل مەنبەسى ئىران ئۇنسۇرلىرىدىن باشلانغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن چاغاتاي، تۈرك ئالىملىرى كۆپ پايدىلاندى. شۇنىڭدەك تۈرك خانلىرى ھەم ئەدەبىيات ۋە گۈزەل سەنئەت ئەھلىگە چوڭ ياردەم بېرىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىدى. بەزىدە ئۆزلىرىمۇ شۇلار بىلەن بىر سەپتە تۇردى، ھەتتا ئۇلار ئارىسىدا كېيىنكى ئورۇندا تۇرۇشتىن تارتىنمىدى.
مىر ئەلىشىر ئۆزىنىڭ «مەجالىسۇننەفائىس» ناملىق ئەسىرىدە تېمۇر خاندانىنىڭ تۆۋەنكى شاھزادىلىرىنىڭ شېئىر يېزىش بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى كۆرسەتتى.
شاھرۇخ مىرزا تۈركىي ۋە پارسىي شېئىرلارنى يازغان. مەزمۇنى تۆۋەندىكىدەك مىسرالىرى بىلەن ئالاھىدە مەشھۇر ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

ئەركىرەك ئۆرتەنسە يانسە يالىنە،
يارا يەپ ياتسە ئاتىنىڭ يالىنە.
ئىت ئۆلۈمى بىرلە ئۆل نامەرد ئۆلەر،
ئەر ئاتانىپ دۈشمىنىگە يالىنە.

(ھەزرەت نەۋائىنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، بۇ تۆيۇق ئابۇبەكر مىرزىغا تېگىشلىك بولۇپ ۋامبېرى ئۇنى يېڭىلىشىپ، شاھرۇخقا تېگىشلىك دېگەن. «مەجەلىسۇن نەفائىس» قا قارالسۇن ـ س. ئا)
بۇ ئىشقى مۇھەببەتكە دائىر ئەدەبىياتقا نىسبەتەنمۇ ئۆز كۈچىنى سىناپ كۆردى. چىن قەلبىدىن سۆيگەن رەپىقىسى گۆھەرشاد توغرىسىدىكى ناھايىتى ھېسسىياتقا باي بەزى تەبىرلىرىنى ھىرات خەلقى ھازىرمۇ ھىكايە قىلىشىپ يۈرمەكتە. ئۆمەر شەيخنىڭ ئوغلى سۇلتان ئىسكەندەر شىرازىمۇ تۈركچە ۋە پارسچە شېئىرلارنى يازغان. خېلىل مىرزا بولسا تۈركچە شېئىرلاردىن ئىبارەت بىر دىۋاننى يېزىپ قالدۇرغان. مەشھۇر شائىر خوجا ئىسمەت بۇخارى ئۇنىڭ نامىنى چوڭ ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدۇ. ئىلمىي ھەيئەت بىلەن رىيازەت ئىستىداتى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئۇلۇغبېك بولسا، بۇ خىل پەنلەردىن تاشقىرى گۈزەل ئەدەبىيات، رەسساملىق، مۇزىكا قاتارلىق ساھەلەر بىلەنمۇ جىددىي رەۋىشتە شۇغۇللانغان ئىدى. ئۇلۇغبېك قۇرئاننىڭ يەتتە خىل قىرائىتىنى يادقا ئوقۇپ بېرەلەيتتى. بۇ ئۇنىڭ خاتىرە قۇۋۋىتىنىڭ ئىنتايىن كۈچلۈك ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى. ئاتىسى ھايات ۋاقتىدىلا ۋاپات بولغان بايسۇنقۇر (شاھرۇخنىڭ ھىجرىيە 836 ـ (1433 ـ جۇمەدىل ئەۋۋەلنىڭ 6 ـ كۈنى ۋاپات بولغان ئوغلى) ھەر ۋاقىت شائىرلار، خەتتاتلار، رەسساملار، مۇزىكاشۇناسلار بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولاتتى. ئۇنىڭ كۆپ ئىچىپ مەس بولۇشى تۈپەيلىدىن ئۆلۈپ كەتكەن ئوغلىغا بابۇر مىرزىدىن كۆپلىگەن فەردلەر (مۇستەقىل كىچىك شېئىرلار) قالغان. مىرانشاھنىڭ

ئوغلى سەئىد ئەھمەد مىرزىنىڭ «لەتاپەتنامە» ناملىق دىۋانى ۋە مەسنەۋىيلىرى قالغان. بۇلاردىن تاشقىرى، مەزكۇر رويىخەتكە ھىندىستاندا موغۇل (بابۇرىيلار ـ س. ئا) سۇلالىسىنىڭ ئاساسچىسى باھۇر مىرزىنى كىرگۈزۈش مۇمكىن. ئۇ ئۆزىنىڭ «بابۇرنامە» خاتىرىلىرىدە يازغان ئەسەرلىرى ئارقىلىق بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا ھەيران قالارلىق دەرىجىدىكى شائىر، سىياسىي ئەرباپ ۋە پەيلاسوپ سۈپىتىدە نامايان بولىدۇ.

تېمۇرىيلار دەۋرىدىكىگە ئوخشاش مەدەنىيەتكە ھەۋەس باغلاش ئاندالوسىيە، ئۇمەرۋىيلەر دۆلىتىنىڭ پارلاق دەۋرى بىلەن ئەرەبىستاندىكى ئابباسىيلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرىنى ئىستىسنا قىلغاندا، ئىسلام دۇنياسىنىڭ باشقا بىرەر يېرىدىمۇ بۇنداق ئەھۋال سادىر بولغان ئەمەس. شەرقنىڭ «ئەلەنناس ئالى دىنە مۇلكەھۇم» (خەلق ئۆز پادىشاھىنىڭ دىنىغا ئەگىشىدۇ) دېگەن قائىدىسى خاتىرىگە ئېلىنغاندا، بۇ ھالنىڭ ھېچقانداق ئەجەپلىنەرلىك يېرى يوق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىش تەس ئەمەس.

گەرچە تېمۇرىيلارنىڭ تەرەققىيات دەۋرىگە ئىراندىكى موغۇل ھۆكۈمرانلىرى دەۋرىدىكى پىكرى ئويغىنىشنىڭ داۋاملىشىشى دېگەن نەزەر بىلەن قاراش لازىم بولسىمۇ، ئەمما پەن ۋە سەنئەت مەراغە، تەبرىز، سولتانىيە سارايلىرىدا ھېچقاچان ھىرات ۋە سەمەرقەندتىكىگە ئوخشاش كۆپ ۋە تۈرلۈك شەكىللەردە پارلاق نەتىجىلەرگە ئېرىشەلمىدى.

ئاشۇ زاماننىڭ شائىرلىرىدىن يەنە تۆۋەندىكىلەرنى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. مەۋلانا ئابدۇراخمان جامى، رەببانى ياكى ئىلاھىي ئۇنۋانى بىلەن شۆھرەت قازانغان بۇ زات نەزىم ۋە نەسرىنىڭ ھەر ئىككىلىسىدە ناھايىتى ماھىر؛ فىقىھ، ئىزاھ، ئەخلاق، پەلسەپە، مورفولوگىيىگە ئوخشاش بىرقانچە ئىلىملەردە ناھايىتى قابىلىيەتلىك، ئارۇز سەنئىتىنىڭ ھەر بىر بەھرىدىن مۇكەممەل خەۋەردار ھېسابلىناتتى. سۇھەيلى ياكى ئەمىر شەيخىم سۇھەيلى بىلەن ئەبۇسەئىد مىرزا سارىيىدا كېيىن 20 يىلغىچە مىرزا ھۇسەيىن بايقارا سارىيىدا ياشىغان بۇ زات ھىندىستاننىڭ «توتىنامە» مەسەللىرىنى ئاجايىپ گۈزەل رەۋىشتە تەرجىمە قىلغان. قاسىم ئەنۋەر (ئەسلى ئىسمى مۇئىنىددىن ئەلى) ئۆز زامانىسىنىڭ بۈيۈك تەسەۋۋۇپ شائىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئاۋۋال شاھروخ سارىيىدا ياشىدى. كېيىن سەمەرقەندكە ئەۋەتىلدى ۋە ھىجرىيە 837 (مىلادىيە 1433) ـ يىلى ۋاپات بولدى. خوجا ئابدۇللا ئاتىف، «تېمۇرنامە» ياكى تېمۇرنىڭ تەرجىمىھالىنى شېئىرىي شەكىل بىلەن يازغان بۇ زات «مەسنەۋى پىرى» دەپ ئاتالدى. خوجا ئىسمەت بۇخارىي، بۇزاتمۇ سۇلتان خەلىل ھەم ئۇلۇغبەكنىڭ سارايى شائىرى بولۇپ، ئۇلۇغبەككە ئارۇز ئىلمىنى ئۆگەتتى... ھىجرىيە 845 (مىلادىيە 1442) ـ يىلى ۋاپات بولدى. مەۋلانا ھۇسەيىن كۇبرايىي، ئۆرگەنچتە موغۇللار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ئۆلىمالاردىن ئەبۇلۋەپاخارەزمىنىڭ شاگىرتى مەشھۇر نەجمىدىن كۇبرانەسلىدىن بولغان بۇ زات تەسەۋۋۇپقا دائىر شېئىرلىرى بىلەن شۆھرەت قازانغان بولۇپ، جالالىددىن رۇمىينىڭ مەسنەۋىيلىرىگە شەرھى يازغان. خوجا ئابدۇللا مەرۋارىد بايانى نامى بىلەن بىرقانچە غەزەل ۋە مەدھىيىلەر يېزىپ، «مونىسۇل ئەھباب» ناملىق بىر دىۋان ۋە ئىنشا ئۇسلۇبىغا ئائىت بىر تەزكىرە قالدۇرغان. موللا بىنايى ھىراتلىق بىر مىمار ئۇستىنىڭ ئوغلى بولۇپ، مىر ئەلىشىر بىلەن ئايرىلغىچە مىرزا ھۇسەيىن بايقارا سارىيىنىڭ ئىلتىپاتىغا سازاۋەر ھالدا ياشىغان، كېيىنرەك ماۋەرائۇننەھرگە كېتىپ، سۇلتان مەھمۇد سارىيى دائىرىسىدە ئېتىبارغا ئىگە بولغان. ئاخىرى شايبانى مۇھەممەدخان ئۇنى سارايى شائىرى قىلىپ ئالغان. ھىجرىيە 922 (مىلادىيە 1517) ـ يىلى ۋاپات بولدى. مۇھەممەد سالىھ ئىنتايىن گۈزەل شېئىرىي ئۇسلۇپ بىلەن يېزىلغان زەپەرنامە ـ «شايبانىينامە» نىڭ مۇئەللىپى «لەيلى ۋە مەجنۇن» غا ئوخشاش گۈزەل تۈركىي غەزەللەر ۋە مەسنەۋىيلەر يازغان. بابۇر ئۇنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىنىڭ قىممىتىنى ئىنكار قىلىدۇ. بۇنىڭغا مۇھەممەد سالىھنىڭ شايبانىغا مەقبۇل كىشى ئىكەنلىكى ۋە ئۆزبېك خانىنىڭ سارىيىدا ياشىغانلىقى سەۋەب بولسا كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ھىلالىي؛ بۇزات كۆپ ئوقۇلىدىغان «شاھ ۋە دەرۋىش» مەسنەۋىسىنىڭ مۇئەللىپى ھېسابلىنىدۇ. بابۇر ھەقلىق رەۋىشتە ئۇنىڭ ئاياللارغا ئەمەس بەلكى ئەرلەرگە مۇھەببەت توغرىسىدا شېئىر بېغىشلاشتەك شەرمەندىلىكلىرىنى بايان قىلىدۇ.

سۆزىمىزنىڭ ئاخىرىدا سۆيگۈ ۋە مەمنۇنىيەت بىلەن مىرئەلىشىر ھەققىدە قىسقىچە توختىلىشنى لايىق كۆرىمىز. بۇ زات ئاجايىپ سىياسىئون ئىدى. ئۇ ماھىر قوماندان، ئۆتكۈر قەلەم ئىگىسىگە خاس بولغان ئەدىپ سۈپىتىدە شۆھرەت قازاندى. ھەركىمگە ياردەم كۆرسەتكىنىگە ئوخشاش، ئۇ شەرقىي تۈرك ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىسى بولمىسىمۇ، كېيىنچە ئۆزىنىڭ تۈرك تىلىدىكى پۈتمەس - تۈگىمەس ئەسەرلىرى ئارقىلىق، ئىران ئەدەبىياتىنىڭ كەمسىتىشى ۋە كولۇشلىرىگە قارشى تۈركىي مەدەنىيەتنىڭ ۋەكىللىرىنى چىن قەلبىدىن مۇداپىئە قىلىشتىن ئىبارەت ۋەزىپىنى ئورۇنلاپ، بۈيۈك ھۆرمەتكە سازاۋەر بولدى. ئۇنىڭ ئالەمدىن ئۆتكىنىگە ئۈچ يېرىم ئەسىر بولغان. لېكىن ئۇنى ھەممىلا جايدا كىشىلەر تولۇق چۈشىنىپ كېتەلمىگەن ئەھۋال ئاستىدىمۇ ئەدەبىياتتىن ئاز - تولا خەۋىرى بارلىكى ھەربىر ئۆزبېكنىڭ خاندانىدا ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئەڭ يۇكسەك ئورۇننى ئىگىلەپ كەلدى.

تېمۇرىيلار دەۋرىدە دىنىي قائىدىلەر، تەفسىر، تەسەۋۋۇپ قاتارلىق ئىلىملار بىلەن ئەستايىدىل بېرىلىپ شۇغۇللانغان كۆپ ئادەملەر بار. بۇلار «پەن رەھبەرلىرى» دىن بىرى ياكى ئىككىنچىسىنىڭ مەسلىكىنى قوبۇل قىلىپ، شۇ يولدا سۆز ياكى ئىنشا ئارقىلىق پائالىيەتلەر ئېلىپ بارغان ئىدى. ھەربىر ئەدىپ ئۆزىگە لايىق پەندە سالاھىيەت كۆرسىتىشكە مەجبۇر بولسىمۇ، بېشىغا شائىرلىق تاجىنى قويدۇرغۇچىلارنىڭ كۆپى «ئۇلۇمى ئىلاھىيە» رىداسىنى كەيسىمۇ، پەقەت بىرقانچە كىشىلا مۇتەخەسسىس، ئالىم سۈپىتىدە شۆھرەت قازانغان ئىدى. ئۇلار يۇقىرىقىلاردىن ئىبارەت.

مەۋلانا ئاسىمىي، خىۋەدە تۇغۇلغان، ئۇزاق مۇددەت قارا كۆلدە مەشھۇر خوجا ئەھرارنىڭ شاگىرتى ۋە سۆھبەتدىشى ئىدى. خوجا ئۇبەيدۇللاھ ئەھرار، باھاۋۇددىن نەقشىبەندى تەرىقىتىنىڭ مۇرىتى ئەڭ ئىخلاسمەن مۇرشىدى، ئالىم ۋە مۇتەسەۋۋۇپ سۈپىتى بىلەن شۇ قەدەر بۈيۈك ھۆرمەت ۋە ئابروي قازانغان ئىدىكى، شۇ چاغدىكى خانلار بىر - بىرىگە رىقابەت قىلغانغا ئوخشاش ئۇنىڭ ھۆسىن - دىدارىغا نائىل بولۇشقا ئىنتىلەر ئىدى. شۇ ھالەتتىمۇ ئۇ گويا مۇھەممەد پەيغامبەر تەرىپىدىن بايان قىلىنغان «ئەلفەقرفەخرى» (كەمبەغەللىك مېنىڭ فەخرىم) دېگەن سۆزگە پەۋقۇلاددە رىئايە قىلىپ، قارا كۆل يېنىدا ئۆز قولى بىلەن قوش ھەيدەپ، كەمبەغەللەرچە ياشىدى. خوجا ئەھرارۋەلىي ھىجرىيە 895 (مىلادىيە 1489) - يىلىدا قومەگىران كەنتىگە بارغان ۋاقتىدا ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ئېتىقادىدا ئائىت «تۆھپەئى ئەھرار» دېگەن كىتابى كۆپ كىشىلەر تەرىپىدىن ھازىرغىچە ئوقۇلماقتا ۋە مەقبەرىسىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن سەمەرقەندكە تەرەپ - تەرەپتىن كىشىلەر كەلمەكتە.

مەۋلانا فەسىھىددىن، مىرزا ھۈسەيىن بايقارا سارىيى دائىرىسىدە ياشىغان بۇزات مىر ئەلىشىرنىڭ ئالاھىدە ھۆرمىتىگە سازاۋەر ئىدى. ئۇنىڭ «ئەقايىد» دىن باشقا توپلاملار ھەققىدىكى شەرھلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدرىسلىرىدە ھازىرمۇ ئوقۇتۇلماقتا. ئۇنىڭ ۋاپاتى ھىجرىيە 919 (مىلادىيە 1513) - يىلىدۇر.

مەۋلانا ئابدۇلغەپۇر، جامىينىڭ شاگىرتى بولغان بۇزاتنىڭ شۆھرىتى ئۇنچىلىك يۇقىرى ئەمەس، ئەمما ئۆزىنىڭ شەرھى ئارقىلىق يۇقىرى دەرىجىدە تەقدىرلىنىپ، ھوقۇق ئالىمى سۈپىتى بىلەن شۆھرەت قازانغان. ۋاپاتى ھىجرىيە 916 (مىلادىيە 1510) - يىلى. مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ تەرجىمىھالىنى يازغان فۇراخلى مەۋلانا مۇئەييىنمۇ مەشھۇر ئۆلىمالاردىن ۋە ئىسلامنىڭ مۇھىم ئەرباپلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ. مەۋلانا كامالىددىن ھۈسەيىن قۇرئان تەفسىرىگە ئائىت كۆپلىگەن ئەسەرلىرى ۋە ئەدەپ - ئەخلاققا دائىر مۇستەقىل پۈتۈكلىرى بىلەن شۆھرەت قازانغان.

مەۋلانا مۇھەممەد غازى (ياكى قازى) ئۆزىنىڭ «سىلسىلەئى ئارىفان» ئەسىرى بىلەن مەشھۇر. تارىخ ئىلمىدىن شەرەپىددىن (يەزدىي – س. ئا) تېمۇرنىڭ ئەھۋالىنى تەسۋىرلىگۈچى «زەپەرنامە» سى، ئابدۇرازاق سەرمەزمون «تېمۇر سۇلالىسى تارىخى» ناملىق ئەسەرلىرى بىلەن شۆھرەت قازانغان.

كېيىنكى ۋاقىتلاردا شەرقنىڭ ئون ئىككى دىنىدىن بەھس ئەتكەن «دەبىستان» ئەسىرى يېزىلدى. ئالىملاردىن جونىس بۇنى شەرقنىڭ ئەڭ شەرەپلىك ئىبرەتلىك ۋە ئەڭ ئالىي ئەسەرلىرىدىن ھېسابلايدۇ. رىيازەت، ھېساب، ئادەت پەنلىرىمۇ ئېتىبارسىز قالدۇرۇلمىدى. ناھايىتى ھەيرەتلىنەرلىك بۇ دەۋرگە ئائىت بىزگە مەلۇم بولمىغان يەنە قانچىلىغان مەنىۋى ۋە پىكىرىيەتلىك ئەسەرلەرمۇ مەۋجۇت.

بىز بۇ ئورۇندا ئەدەبىيات تارىخى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بەرمەكچى ئەمەسمىز. شۇ سەۋەبلىك گراممانتىكا ۋە فىقھە ئالىملىرى ئۈستىدە سۈكۈت قىلىپ، پەقەت بەزىلىرىنىڭ نامىنىلا ئېيتىپ ئۆتۈشنى لايىق تاپتۇق. شۇ دەۋردە يارىتىلغان بىرقانچە گراممانتىكا كىتابلىرى ئىسلام دۇنياسىدىكى ياشلارنىڭ قولىدا ھازىرغا قەدەر دەستۇر سۈپىتىدە تۇتۇلماقتا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئېتىقاد ۋە ئىبادەتكە ئائىت كۆپلىگەن خۇسۇسىيەتلىرى شۇ ۋاقىتلاردا يېزىلغان فىقھە ۋە ئۇسلۇپ كىتابلىرىغا زەمىن بولماقتا. ئاسىيا ۋە پۈتكۈل جاھان مۇسۇلمانلىرى قەلبىدە ئەڭ نازۇك سەنئەت ۋە ئەڭ ئالىي مۇكەممەل مەلۇمات ھېسابلانغان، ھازىر پەقەت نامىلىرىدىلا قالغان ناملار بولسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھىرات ۋە سەمەرقەند ھۆكۈمەتلىرى ۋاقتىدا تەرەققىي قىلغان نەرسىلەردۇر. شۇلارنىڭ ئارىسىدا ئالدى بىلەن خەتتاتلىقنى كۆرستىش مۇمكىن.

سۇلتان ئەلى (مەشھەدىي – س. ئا) بۇ سەنئەتتە كامال تاپتى ۋە ئەمىر ئەلىشىرنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈپ يازىدىغان پەيتتە شۇ ئۇسۇلنى قوللاندى. خەتتاتلىق بىلەن بىرگە مۇسەۋۋىرلىق سەنئىتىمۇ چوڭ ئورۇننى ئىگىلەيتتى. بۇ سەنئەتتە بېھزاد ۋە شاھمۇزەپپەر شۆھرەت قازاندى. گەرچە تېمۇرىيلار سۈننىي مەزھىپىگە ئىخلاسمەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ كىتابلىرىنى تۈرلۈك رەڭدىكى تەسۋىرلەر بىلەن بېزەشكە بولۇپمۇ ھەرخىل رەسىملەر بىلەن زىننەتلەشكە ئىنتىلدى، سۇ بوياق بىلەن ئىشلەنگەن بۇ رەسىملەردە رەڭگارەڭ نەقىشلەر ۋە جانسىز نەرسىلەرنىڭ نەقىشلىرىلا ئەمەس، بەلكى مەشھۇر خانلار، ئەسكەرلەر، ھەتتا ئەۋلىيالارنىڭ تەسۋىرلىرىمۇ بار ئىدى.

ئىسلام ئاسىياسىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن خەۋەردار كىشىلەر ئۈچۈن تېمۇرىيلار دەۋرىدە رەققاسلارنىڭ بولغانلىقى تېخىمۇ تەئەججۈپلىنەرلىك ئىشتۇر. بابۇرنىڭ بايانىغا قارىغاندا، شۇ زاماندا رەققاسلارنىڭ بىرىنچىسى، سەيدلاردىن (پەيغەمبەرنەسلىدىن) باھىر ئىسىملىك بىر كىشى بولۇپ، رەققاسلىق سەنئىتىدە غايەت ماھىر ھېسابلىنىدىكەن. ئۇنىڭ ئۆزى شەخسەن بىرقانچە رەقسلەرنى ئىجاد قىلغان. ئەگەر ھازىرقى بىر مۇسۇلمان بېشىغا يوغان سەللە ئورىغان بىرسىنىڭ رەقس (ئۇسسۇل) ئىتىۋاتقانلىقىنى كۆرسە، قانچىلىك دەھشەتكە يولۇقاتتى.

زامان شۇ دەرىجىدە ئۆزگىرىپ، تېمۇرىيلارنىڭ ئىنقىرازىدىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيامۇ ئالىي دەرىجىدىكى مەدەنىيەتتىن ۋە ھەقىقىي نەفاسەتكە بېرىلىشتىن ئايرىلىپ، ناھايىتى جاھالەت ۋە ۋەھشىيەتكە چۈشتىكى، ئۇ بۇنىڭدىن ھەرگىزمۇ ئازاد بولالماس. مەدەنىيەت دەۋرى سۇنۇپ، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھاياتىمۇ زەئىپلىككە يۈز تۇتتى. ئۆز ۋاقتىدا ھۆكۈمدارلار ئىسلام ئاسىياسىنىڭ ئەڭ مۇھىم قىتئەلىرىدە بىرنەچچە ئەسىرلەر مابەينىدە نوپۇزىنى ئۆتكۈزگەن بۇخارا ۋە سەمەرقەند جاھان تارىخىي سەھىپىسىدە ئۆز ۋەزىپىلىرىنى يوقاتتى. غايەت گۈزەل ئۆتكەن زامانىنىڭ گۈزىلى بولغان ماۋەرائۇننەھر دۆلىتى بۇنىڭدىن ئېتىبارەن قاششاق بۇخارا خانلىقى تەرزىدە تەنەززۇلغا يۈز تۇتتى.

# ئۆزبېكلەر ۋە شايبانى مۇھەممەدخان

## هجرىيىنىڭ 906 ـ 916 (1500 ـ 1510) ـ يىللىرى

تۈرك خەلقىدە قەدىمدىن قالغان بىر ئادەت بار: ئەگەر ھۆكۈمدارلاردىن بىرى مەملىكەتنى ياخشى ئىدارە قىلسا ياكى مەملىكەتنى باشقۇرۇشتا يېڭىچە ئۇسۇل قوللىنىپ، ئۆزىگە خاس خىزمەت كۆرسەتسە ئۇنىڭ نامىنى مەڭگۈلۈك قالدۇرۇشقا ئىنتىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ ھۆكۈمدارىنى قەۋم باشلىقى ئورنىغا قويىدۇ ـ دە، بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ھۆكۈمەتنىڭ تەرەققىيات يولىغا ۋە پۈتۈن دۇنيا تارىخىغا كىرگۈزۈشنى ناھايىتى گۈزەل رەۋىشتە ئىپادە قىلىدۇ.

مەسىلەن، بىز بۇ ھالنى سالجۇقىيلارنىڭ چوڭ كۈچ ۋە شىددەت بىلەن غەربىي ئاسىياغا كىرگەن ۋاقتىدا ۋە كېيىن قەدىمكى شەرق (ۋىزانتىيە) ئىمپېراتورلۇقى ئورنىدا ئۆزلىرى ھۆكۈمەت تەسىس قىلغان تۈركلەردە ئۇچرىتىمىز. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بىرىنچى ئىسلاھاتچى، قانۇنچى بولغان پادىشاھلىرىنى ئوسمان دەپ يۇرگۈزۈپ، ئوسمانلى دەپ ئاتاشقان. خۇددى شۇ ھال كۆك ئوردىنىڭ شەرقىدە، ۋولگا بىلەن ئورال دېڭىزى ئارىسىدا ياشىغۇچى تۈرك ـ موغۇل قەبىلىرىدىمۇ مەۋجۇت؛ ئۇلار جوجى سۇلالىسىدىن توققۇزىنچى ھۆكۈمدار بولغان ئۆزبېك خان ئىسمىغا ئوخشىتىپ، ئۆزلىرىگە بىر سىياسىي قوشما نام — ئۆزبېك نامىنى قوبۇل قىلغان. (ئۆزبېكنىڭ مەنىسى: شەخسەن، ئۆزىگە مۇستەقىل، خوجايىن، ئەركىن دېگەندىن ئىبارەت. شۇنىسى دىققەتكە سازاۋەركى بۇ سۆز مۇھىم مەنىلىك ئۇنۋان ئىسمى بولۇپ، كونا ماجارلار (ۋېنگىرلار) دىمۇ ئۇچرايدۇ. شۇ مەزمۇندا 1150 ـ يىللارغا ئائىت ھۆججەتلەردىمۇ بۇ ئىبارە مەۋجۇت ـھ. ۋ). ئەبۇلغازى ئۆزىنىڭ «شەجەرەئى تۈرك» ئەسىرىدە بۇ ھەقتە مۇنداق نەقىل قىلىدۇ: ئۇ (ئۆزبېكخان ـ س. ئا) ھەر كىمنى خىزمىتىگە قاراپ تەقدىرلەيتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ خەلقىنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزدى ۋە شۇ ئارقىلىق نۇرغۇن ئادەملەر ئىسلام دىنىغا مۇشەررەپ بولدى. شۇ سەۋەبتىن جوجى خەلقى ئۆزىگە ئۆزبېك ئىسمىنى قوبۇل قىلدى. بۇ نام ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئاخىرقى دەۋرگىچە ساقلىنىپ قالدى.

ھامىبىر ھەقلىق رەۋىشتە ئېيتقاندەك ئۆزبېكخان ئۆز خەلقىنىڭ مەدەھىيىسىگىلا ئەمەس، بەلكى قىپچاق تەختىگە زىننەت بەرگەن تۆت ئۇلۇغ ھۆكۈمدارنىڭ (كېيىنكى ئۇچى باتۇ، بەركە، توختامىش) ئۇچىنچىسىدۇر. ئەرەب سەيياھى ئىبن بەتتۇتە تەرىپىدىن تىلغا ئېلىنغان ھەم تېمۇرىيلار ھاكىمىيىتى ۋاقتىدا بارلىققا كەلگەن بۇ نام ئۆزبېكخانىنىڭ ئۆز دەۋرىدە ھەم ئۇنىڭدىن كېيىنكى يىللاردا يەنى ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان پەيتلەردىمۇ بىر مۇھىم ۋەزىپىنى بېجىرمىدى. پەقەت 150 يىلدىن كېيىن كۈچلۈك ئالتۇن ئوردا دۆلىتى تۆت قىسمىغا بۆلۈنۈپ، رۇسىيىنى تاتار ھاكىمىيىتى ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىن خالاس قىلغان ئىۋان ۋاسىلىۋىچنىڭ كۈرەشى نەتىجىسىدە يۇقىرى ۋولگىدا جوجى ئەۋلادىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى تۈگىتىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن بىز ئۆزبېكلەرنىڭ ھاكىمى ئەبۇلخەيرخانىنىڭ سارايى ھاكىمىيىتىگە ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتقانلىقىنى، خانلىق ئالىي ھوقۇقىدىن پايدىلانغۇچى شاھزادىلەرمۇ تەۋەلەر ئارىسىدا بولغانلىقىنى كۆرىمىز.

شىمالدىكى خىرىستىئان دۇنياسى ئىسلام ھۆكۈمىتى ئۈستىگە تاجاۋۇز قىلغان ۋاقىتتا ئەبۇلخەيرخان ئۆزىنىڭ چېدىرلىرى ۋە كۆچمەنچى خەلقى بىلەن ئاستا ـ ئاستا شەرقىي سەھرا ۋىلايەتلىرى ئىچىگە چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. كۆك ئوردىنىڭ ئاخىرقى خانى كىچىك مۇھەممەدنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋاقتىدا ئۇ خېلى ئەھمىيەتلىك ئىش قىلىپ شۇ دەرىجىگە

يەتتىكى، تېمورىيلاردىن ئەبۇسەئىد، مۇھەممەد جوكى، ھۇسەيىن بايقارا يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك، ئۇنىڭدىن ھىمايە سورىدى. كىچىك مۇھەممەدنىڭ ئىنقىدازىدىن كېيىن قىپچاقتا جوجى تەختى پۈتۈنلەي يىمىرىلدى.

ئۆزبېكلەر غەربتىكى ساراي ۋە جەنۇبتىكى ماۋەرائۇننەھردە، راۋاجلانغان ئىسلام مەدەنىيىتىدىن يىراقتا ياشايتتى. ئۇلار ئورتاق ھاياتقا بۇرۇندىن كۆنۈپ، تېمورىيلارنىڭ يۈكسەك مەدەنىيەتكە ئىنتىلىشلىرى تۈپەيلىدىن نازۇكلىشىپ، كونا تۈركلەرگە خاس جەڭگىۋارلىقى سۇسلىشىپ قالغان قېرىنداشلىرىغا نىسبەتەن توران لەشكىرىگە خاس قاتتىق قوللۇقلۇقىنى ئۆزلىرىدە كۆپرەك ساقلىغان ئىدى. ئىسلام دىنى بۇلار ئارىسىدا نام ئۈچۈنلا تارقالغان ئىدى. ئۆزبېك خەلقىنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش تۇرمۇش ئادىتىمۇ تۈرك - موغۇل خەلقىنىڭ كىرىشىپ كەتكەن ئۆرپ - ئادەتلىرىدىن ئىبارەت ئىدى. ئامۇ ۋە سىر دەريا بويلىرىدىكى تۈركلەر تەدرىجىي تىل ۋە ئەدەبىيات بىرلىكى ۋە ئىران ھاياتىنىڭ نازۇك تەرەپلىرى بىلەن تونۇش بولغان بىر پەيتتە ئۆزبېكلەر يەنە قوي ۋە ئات تېرىلىرىگە ئورالغان ھالدا ھاپىز (ناخشىچى) لىق بىلەن مەشغۇل ئىدى. مەنىۋى ھاياتىدا بولسا، مىللىي ئەۋلىيالىرى ھېسابلانغان ساختا كارامەتچى، دەرۋىش خوجا ئەھمەد يەسەۋىينى ئۆزىگە پىر تۇتقان دەرىجىدىلا تەرەققىي قىلغان ئىدى، خالاس.

ئۆزبېكلەر دائىملىق ئورتاق ياشاشقا باشلىغىنىدىن كېيىنلا ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى قوپاللىقلىرىنى تاشلىدى. بولۇپمۇ چاغاتاي نامى بىلەن ماۋەرائۇننەھرنىڭ مەدەنىيەتلىك، ئولتۇراق تۈركىي خەلق، ئۆزبېك نامى بىلەن بولسا شىمال - غەربتىكى مەدەنىيەتسىز سەھرا ئاھالىسى ئاتىلاتتى. بۇ مۇناسىۋەت كېيىنچە پۈتۈنلەي ياكى يېڭى زامانغا قەدەر ئەكسىنچە ئاڭلىنىدىغان بولدى؛ يەنى، ئۆزبېك بۇرۇنقى چاغاتاي ئورنىنى ئېلىپ، قىرغىز ياكى قازاق دەپ مەدەنىيەتسىز تۈركلەرنى ئاتايدىغان بولدى.

ئەبۇلخەيرخان ئۆزى ياشاپ تۇرغان دەۋر ئەھۋالىنى ناھايىتى ياخشى بىلەتتى. ئۇ مەركىزىي ئاسىيانىڭ ئاشۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋال شارائىتىنى ئېتىبارغا ئالغانلىقى ۋە ئىمكانىيىتى يوقلۇقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئىستىلا قىلىش پىكرىگە بېرىلمىدى. ئەكسىچە، بىر - بىرىنىڭ قېنىغا پېتىپ، جاڭجاللىشىۋاتقان تېمۇر ئەۋلادلىرىغا بەزىدە ياردەم بېرىش بىلەن قانائەتلەندى. ئۇ پەقەت ئەبۇ سەئىدنىڭ پايدىسى ئۈچۈن قاراشمىدى. مانۇچېھر مىرزا ۋە سۇلتان ھۇسەيىن بايقارانى قوۋۋەتلىدى. ئابۇلخەيرخاننىڭ ئۆزبېكلىرى دائىم كۆپ ئولجىلار بىلەن قايتاتتى. ئۇنىڭ قىرىق يىلغا يېقىن ھۆكۈم سۈرگەن ھاكىمىيىتى سەھرا خەلقىنىڭ ئەڭ شانلىق دەۋرى ھېسابلىنىدۇ.

تۈركمەنلەردە بىر ماقال بار: «سەھرا قەۋمى غايەت تېز تارقىلىپ كېتىدۇ. ئەمما ئىنسانلارنىڭ بەختى ئۇنىڭدىنمۇ تېز تارقىلىدۇ». ئەبۇلخەيرخاننىڭ شانۇ - شەۋكىتى دۈشمەن ۋە ھەسەتچىلەرنىڭ ئۇنىڭغا قارشى سۇيىقەستلىرىنى بارلىققا كەلتۈردى. قوشۇنى ئىچىدىكى سەھراخانلىرى ئۇنىڭغا قارشى بىرلەشتى. ھەتتا يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بۆرگە سۇلتانغا ئوخشاش ئۆزىنىڭ يېقىنلىرىمۇ بۇلارغا قوشۇلدى. «ئاتاڭنىڭ يۇرتىغا دۈشمەن ھۇجۇم قىلسا، سەنمۇ ئۇلارغا قوشۇلۇپ بىرگە تالا» دېگەن تاتار ماقالىغا مۇۋاپىق ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىرلىكتە ئۇنىڭغا قارشى ھۇجۇم قىلدى، نەتىجىدە ئۇ كۈچسىزلەندى. ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن كۆپ نوپۇزلۇق ئائىلە ئەزالىرى سەھرانىڭ ھەر تەرىپىگە تارقىلىپ كەتتى. ئۆزىدىن كېيىن قالغان ئون بىر ئوغلىدىن يالغۇز بەشىنچى ئوغلى شەيخ ھەيدەر سۇلتانلا ئۆز ئورنىدا قالغان ئىدى. ئەمما ئۇنىڭمۇ قۇرۇق ئىسمىدىن باشقا ھېچنەرسىسى يوق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇنىڭ نوپۇزى ۋە ھاكىمىيىتىمۇ ناھايىتى قىسقا بولدى. ئۆزبېكلەر ئۆزلىرىنىڭ ئېتىبار ۋە ئىشەنچلىرىنى ئەبۇلخەيرنىڭ نەۋرىسى شاھزادە مۇھەممەد شايبانىغا قاراتقان ئىدى. ئۇنى شاھبەخت دەپ ئاتىشاتتى. بۇزات ئۆزىنىڭ ياشلىقىغا قارىماستىن

ئىستىقبال ئۈچۈن ئەڭ پارلاق ئۈمىدلەر پەيدا قىلغان ئىدى.
شايبانىي، بىز ئۇنى شۇ نام بىلەن ئاتايمىز، ئاتىسى بۇداق سۇلتان بىلەن ئانىسى قوزىبېگىمدىن ياش ۋاقتىدىلا يېتىم قېلىپ، ئۇكىسى بىلەن بىللە ئاتىسىنىڭ سادىق خىزمەتكارى قاراچابېكنىڭ ھىمايىسىدە ياشىدى. قاراچابېك بۇ شاھزادىگە يۇقىرى ساداقەتمەنلىك بىلەن خىزمەت قىلدى. شەيخ ھەيدەرنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، قاراچەبېك خېلى چوڭ بولۇپ قالغان بۇ يېتىم شاھزادىلەرنى ئېلىپ، ئەبۇلخەير ئائىلىسىنىڭ دۈشمەنلىرىدىن چەتتەرەك بولغان سىر دەريانىڭ تۆۋەن ئېقىنلىرىغا قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.
(داۋامى كېيىنكى ساندا)

# «مىراس» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇڭ!

## ئەسسالامۇئەلەيكۇم مۆھتەرەم ئوقۇرمەن!

«مىراس» ژۇرنىلى ئەجدادلىرىمىزنىڭ مەنىۋى مىراسلىرىنى دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ ھۇزۇرىغا سۇنىدىغان خاسىيەتلىك داستىخان، ئۆتمۈش بىلەن بۈگۈننى، ھازىر بىلەن كېلەچەكنى تۇتاشتۇرىدىغان ئالتۇن كۆۋرۈك.
جاھان ئەھلى ئىچىدە سىز ـ بىزنى مۆھتەرەم ۋە ئىپتىخارلىق قىلغان، مىللىتىمىزنىڭ ئەدەبىي، مەدەنىي مىراسلىرىنىڭ يېگانە كۆرىكى بولغان، خەلقىمىز ئەڭ قىزغىن سۆيۈپ ئوقۇيدىغان «مىراس» ژۇرنىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە بىرىنچى دەرىجىلىك ژۇرنالدۇر. ئۇنىڭدا قىزىق ـ قىزىق ھېكايە ـ چۆچەكلەر، ئاجايىپ ـ غارايىپ ئەپسانىلەر، ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ مۇھەببەت قىسسە ـ داستانلىرى، لەتىپە ـ كۇلدۇرگە، چاقچاقلار، تېپىشماقلار ۋە بالىلار ئويۇنلىرى، تارىخىي رىۋايەتلەر، ئۆرپ ـ ئادىتىمىزگە ئائىت ئۇچۇر، تەتقىقاتلار، ھايات ھەقىقەتلىرىگە تويۇنغان ھېكمەتلەر، ماقال ـ تەمسىللەر، سۆيگۈ قوشاق ۋە مەكتۇبلىرى، تېبابەت دۇردانىلىرى، مۇنەججىملىك دەستۇرلىرى، پالنامە ۋە سالنامىلەر، جاھاندىكى تۆرلۈك مىللەتلەرنىڭ مەشھۇر ھېكايە ـ چۆچەكلىرى قاتارلىق داڭلىق ئەسەرلىرى، مۆجىزىلىك ۋەقەلىرى ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرى تونۇشتۇرۇلىدۇ. قىسقىسى، «مىراس» ژۇرنىلى ئاۋامغا جاھاننامە، ئالىملارغا بايلىق، ئاشىقلارغا ۋىسال، ئاتا ـ ئانىلارغا مەسلىھەت، پەرزەنتلەرگە ئىنساپ، قىزلارغا شەرم ـ ھايا، يىگىتلەرگە غۇرۇر، بالىلارغا ئەقىل ـ ئىدراك، ئاغرىقلارغا شىپا، ئاجىزلارغا ئۈمىد بېغىشلايدۇ! «مىراس» ژۇرنىلى ئالدىمىزدىكى يېڭى ئەسىرنىڭ يېڭى يىلىدا كۆز ئالدىڭىزدا يېڭىچە قىياپەت بىلەن نامايان بولىدۇ. مەزمۇن دائىرىسى تېخىمۇ كېڭەيتىلىدۇ. ژۇرنال ئۆزىنىڭ رەڭگارەڭ سەھىپىلىرى بىلەن سىزنىڭ ھەقىقىي سىرداشىڭىزغا ئايلىنىپ قالغۇسى.
بىز ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئۆز جايىدىكى پوچتىخانىلار ئارقىلىق كېلەر يىللىق سانلارغا مۇشتەرى بولۇشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز!

ژۇرنالنىڭ پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60—58
يەككە باھاسى: 3.50 يۈەن، يىللىق باھاسى: 21.00 يۈەن
«مىراس» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

# تارانچى ناخشىلىرى[1]

(ن. ن. پانتوسوۋنىڭ «تارانچى ناخشىلىرى» ناملىق كىتابىدىن)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ھۆسەيىن كېرىم

## مايىمخاننىڭ ناخشىسى

زىندان تامى ئېگىز تام، ئانىڭ ئىچى گورستان،
ئەرەنلىككە بەل باغلاپ شەھىد بولغان مايىمخان.
مايىمخان ئۆزى ئوبدان، مەست بولسا خويى يامان،
قىر ئۈچۈن باشىڭ بېرىپ ئەمدى بولدۇڭمۇ ئامان.
خان خوجامنىڭ بوز ئېتى دەريالاردا ئۈزەمدۇ،
بۇزۇلۇپ كەتكەن قىزىڭنى دارىن ئامبال تۈزەمدۇ.
ئاتا بولغانىڭ قېنى، ئانا بولغانىڭ قېنى،
ياندۇرا - ياندۇرا چاپقاندا، تىلەپ ئالغانىڭ قېنى.
ئالدىمىزدا تۆرت مانجۇ قىلىچىنى ئويناتتى،
ھاكىمبەگ بۇلاپ بەرسە ئۆلتۈرمەيتتى، پالايتتى.
سىڭلى ئاتى مەيىنخان، ئاغا ئاتى مايىمخان،
ئەرلەر ئىچرە ئىلغانغان قەشقەردە بىرمايىمخان.
تۇرپاننىڭ يولى قۇملۇق ئۆتۈپ بارغىلى بولماس،
ئاتمىش يامبۇنى ئېلىپ بىكار تۇرغىلى بولماس.
ئاتمىش يامبۇنى ئېلىپ دارىن، ئامبال تويامدۇ،
مايىمخاننى ئۆلتۈردى خۇنى ئانى قويامدۇ.
كوھنە شەھەردە ئاق تېرەك يېڭى شەھەردە كۆك تېرەك،
مايىمخاننى ئۆلتۈردى ئاڭا ئوخشاش ئەر كېرەك.
گۈلباغ سۇفەت قەشقەردە يېڭى سوققان شەھەر بارمۇ؟
مايىمخان شېھىت بولدى ئاڭا ئوخشاش ئەر بارمۇ؟

## ئالتۇن خېنىم ناخشىسى

ئاققىنە ئايدەك يۈزۈڭگە زەيتۇنە خالىڭ بولاي،
كېچە يانىڭدا ياتىپ كۈندۈز گىرىفتارىڭ بولاي.

---

① بېشى ئۆتكەن ساندا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



بۇۋاپا بۇ كۈن بارۇر تاڭلا ئۇنۇتقاي يارنى،
ئادەمى ھەرگىز ئۇنۇتماس كوھنە سۆيگەن يارنى،
بۇكۈن ئۈچ كۈندىن بېرى يارنى كۆرمەمدۇر كىشى،
كۆرۈبان كۆرمەسكە سالسا تىرىك ئۆلمەمدۇر كىشى.
قارا قاشىم بار مېنىڭ، بارىپ كېلىشىم بار مېنىڭ،
قارا قاش كىردى بازارغە قاشىنى بازارلىتىپ،
ئۆزى چۈشكويدا يۈرەدۇر بىزنى سەرگەردان ئېتىپ.
مەن بېرىپ قاچان كۆرەرمەن ئامراقىمنىڭ يۈزىنى،
ياغلىقىمغە تۈگۈپ ئالدىم سايدا باسقان ئىزىنى.
سايدا باسقان ئىزىنى كۆزلەرىم سۈرمە قىلاي،
يارنى ئۆيىقۇدا تاپسام لەبىگە سۆيۈپ ئالاي.
ئالتۇن زىبا خېنىم، زىبا بويىڭدىن ئۆرگىلەي.

## قۇمۇل ناخشىسى يار سەنەم

سايدا يۈرگەن جەرەننى سەككىز دەڭلار يار سەنەم،
سەككىز قىزنىڭ بىرىنى سىڭلىم دەڭلار يار سەنەم.
ئەرگىم ـ ئەرگىم يوللاردا ئىز كېلەدۇر يار سەنەم،
كىمخاپ تونى پۈركەنىپ، قىز كېلەدۇر يار سەنەم.
ئېگىز تېرەك باشىدا، كاككۇك ئوينار يار سەنەم،
چوڭقۇرۇق بەگنىڭ قىزى بىرلەن، بەگلەر ئوينار يار سەنەم.
ئاپئاق ـ ئاپئاق توشقانلار سايدا تولا يار سەنەم،
قىز ئالمىغان يىگىتلەر تويدا تولا يار سەنەم.
يىغلىما قىز، يىغلىما قىز، تويۇڭ بولۇر يار سەنەم،
ئالتۇن بىرلەن كۆشۈكە، ئۆيۈڭ بولۇر يار سەنەم.
قىزىل ـ قىزىل پىيازنىڭ پوستى تولا يار سەنەم،
ئۆيلەنمىگەن يىگىتنىڭ دوستى تولا يار سەنەم.
قارا ـ قارا قارغىلار خىرماندادۇر يار سەنەم،
قىز ئالمىغان يىگىتلەر ئارماندادۇر يار سەنەم.
تاغنى تۇمان باسىپدۇر قار كېلەدۇر يار سەنەم،
بەرگى خازان تون كىيىپ، يار كېلەدۇر يار سەنەم.
بەرگى خازان تونىنىڭ بەرگى تولا يار سەنەم،
قىز ئالمىغان يىگىتنىڭ دەردى تولا يار سەنەم.

## دوستلارەي ناخشىسى

بىز بۇ ياقتا كەلگەندە يارىم ئىشىكدە قالغان،
قاچان كېلىسىز يار دەپ قارا كۆزگە ياش ئالغان.

قىزىل گۈل دېگەن نەرسە، بېهىشدىن چىققان نەرسە،
قىيامەتكە بارغاندا خۇدايىم گىمان بەرسە.
كۆرۈنگەن قارا تاغلار ئارقىسى قارا باغلار،
بىزنىڭ يار كىچىك بالا بېلىغە دۇردۇن باغلار.
تۈگۈلۈكدىن قاراپ باقسام يارىم تولغانىپ ياتتى،
ئايرىلىپ كېتەي دېسەم دەردىمنى تولا تارتتى.
يۇقاردىن تۇشۇپ كەلگەن بىر يالغۇز قارا ئاتلىغ،
كىچىككىنە قارا كۆزنىڭ سۆيسە لەبلەرى تاتلىغ.
ئۆيدىن ئاتلانىپ چىقىپ كىردىم چاكانا ئىزغا،
مەن يارىمنى بەرمەسمەن ئونبەش ياشدىكى قىزغە.
ئونبەش ياشدىكى قىزنى ئالسام ئارمانىم يوقتۇر،
سۆيگەن يارنى ئالماسام ئۆزگە لايىقىم يوقتۇر.
ئونبەش ياشدىكى قىزلار ئوسما قويۇپ ئوينايدۇر،
قارا كۆزنىڭ قوينىدا بالىق بولۇپ سويلايدۇر.
يارىم يازىغە كەتتى ئەمدىلەردە يەتكەندۇر،
ئاندا يارىنى كۆرۈپ بىزنى ئۇنتۇپ كەتكەندۇر.
يارىمنىڭ سارايىغە گۈل بىرلە مۇنار قىلسام،
يار ئىچىگدە بولمامدۇر هەر قانچە گۇناھ قىلسام.
يار دەيسەنۇ يار دەيسەن، يار قەدرىنى بىلمەيسەن،
يار قەدرىنى بىلگەندە، سەهەرلەردە يىغلايسەن.

## ئاللا ئۆرگۈلىمەن ناخشىسى

گۈلمىدى، غۇنچەممدى يارىم سېنىڭ باشىڭدىكى،
كېچەلەپ تونالمادىم كىملەر ئىدى قاشىڭدىكى.
قاش ئاتارىم كېلەدۇر، كىرپىك ئاتارىم كېلەدۇر،
بېلىغە ئالما تۇگۇپ، يالغانچى يارىم كېلەدۇر.
زەيتۇنە توننى كىيىپ، خەستە كۆڭۈلگە ئوت سېلىپ،
نەۋ ئاچىلغان غۇنچەدەك يۇزى ئانارىم كېلەدۇر.
ئەرتىيازنىڭ شامالى، تەگسە بولۇر ئاق تەن قارا،
غەم قىشنى هايداماقغە، نەۋ باهارىم كېلەدۇر.
بىر كۆرۈپ هەسرەت ئوتىدا، ئۆرتەنۇرمەن بارەها،
كۆيدۇرۇپ ئۆلتۇرگىلى كۆزى خۇمارىم كېلەدۇر.
نازىمى غەم باغىدا بۇلبۇل سۇفەت ئەفغان ئېتەر،
غەمنى بەرباد ئەتكىلى چۇن گۇل ئۇزارىم كېلەدۇر.

## دانە ـ دانە خاللارىڭدىن ناخشىسى

قاشىڭنى كۆپ قارا دەرلەر يۇزۇڭنى ۋەززۇها دەرلەر،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مەگەر ئىشقىڭدا جان بەرسەم شەھىدى كەربەلادەرلەر.
بارۇرغە يوللارىڭ بولسۇن قىزىل گۇل ھەمراھىڭ بولسۇن،
سېنىڭدەك نازىنىن يارغە مېنىڭدەك قۇللارىڭ بولسۇن.
ئىلىنىڭ باغىدا غۇنچە سۇفەتلىك سەن گۇلى رەئنا،
گۇلى رەئنانى ياد ئەتمەككە مەندەك بۇلبۇلۇڭ بولسۇن.
سېنىڭ چاچۇشلىرىڭ ئالتۇن، ساماۋار كۆرسىتىز زەردىن،
كى خاقان ئورداسىدا سەيرگاھىڭ ھەم يولۇڭ بولسۇن.
ئەگەر سەن خاھىش ئەتسەڭ ئەسىب تازەنى يۈگۈرتمەكنى،
بۇ نازىمنىڭ تەنى ئاتىڭغە سالماققە چۇلۇڭ بولسۇن.

## ئۇتۇك يامان ناخشىسى

يارىم يازغە كەتتى ئەمدىلەر يەتكەندۇر،
ئاندا يارىنى كۆرۈپ بىزنى ئۇنتۇپ كەتكەندۇر.
يار ئىشىكدە تۇرسا گۇل مودەن ئاچىلغاندەك،
كېتەي دېسەم كېتەلمەيمەن باش ئىركىت قىلىپ ئالغاندەك.
ئۇمىدىم ئۈزۈلمەيدۇر ياردىن ئايرىلالمايمەن،
ياندىن كېتەلمەيمەن ئىشق غۇلىنى سالغاندەك.
يىغالماي خىيالىمنى بىر يەردە قىلالماسمەن،
خىيال كېتەدۇر ھەريان دانەلەر ساچىلغاندەك.
يار ئىشىكدىن كەتمەي ئاھ ئۇرۇپ قاراپ تۇردۇم،
يار تۇرار ئۆي ئالدىدا قىزىل گۇل ئاچىلغاندەك.
نازىم كېتىبان ئۆزدىن، قان ياش ئاقادۇر كۆزدىن،
قالدى نەچچە كۈن سۆزدىن غەم ئىچىدە قالغاندەك.

## نېمە بار بۇ يەرلەردە، كېتەي ئۆز ماكانىمغا ناخشىسى

مېنى كۆرگەن دۇشمەنلەر، بۆلەك ئەلنى كۆرمەمدۇر،
دۇشمەن سۆزىگە كىرىپ، مېنى يارىم سۆيمەمدۇر.
قاشىنى قىلىچ ئەيلە، كىرپىكىن ئېتىپ خەنجەر،
ھىجران خەنجەرى سالدى قانىمىزنى ئالغالى.
باشىمغە سېلىپ مېھنەت، بىرلەرگە بېرىپ رۇخسەت،
دەيدۇر يانىمىزدىن كەت غەيرى بىلە قالغالى.
بۇ ئۈچى بىر ناخشىدۇر، خانىم ئۆرگەلەمەن،
دەردىڭ يامان ناخشى، دەردىڭ ئاھ يامان ناخشى.
يولۇڭ مېنىڭ يولى بولسە، خىيالىم سەندە تۇرماسمۇ،
چىرايىمنى سېرىق دەيدۇر، جۇدالىق دەردى بولماسمۇ.
دەريا بويىدا ئۆزۈم، يىغلايدۇ قارا كۆزۈم،

كىشىنىڭ يۇرتىغە كېلىپ، ئۆتمەيدۇر مېنىڭ سۆزۈم،
دەريا بويىدا تالى، تاللاپ ئالدىم تالىمنى،
بىۋاپامۇ يار ئىكەن، سورامايدۇر ھالىمنى.
يۈرۈك يارىم ئويناپلى، دەريا بويى بويلايلى،
بىلىقلارغە ئەرز قىلىپ، خۇدايىمغە يىغلايلى.

## غېرىبلىقمەن، ئەسىرلىقمەن، بەلادىن ئاسرا بەندەڭنى ناخشىسى

ئەرتە بىرلەن غاز ئۆتەر، سودىگەرلەر ياز ئۆتەر،
كىچىككىنە قارا كۆز، قانداغ قىلسام زار ئېتەر،
جۇۋانمۇ تېگەي دەيدۇ، چوكانمۇ تېگەي دەيدۇ،
چوكاننى ئالاي دېسەم ۋەقتىمغە باقاي دەيدۇ.
ۋەقتىغە قاراپ ھاردىم ھەر كۈندە ئاڭا باردىم،
بىر سۆيۈپ قويۇڭ دېسەم ئانامدىن سوراي دەيدۇ.
شەھرى غۇلجە ئىچرە سىز تاپماسسىز بۇ قىسمى قىز،
مەن قىلسام ئىشارەتنى خالىغە باراي دەيدۇ.
باشغە قىسىپ غۇنچە تۇرماس دەمى سۆيگۈنچە،
كۆيسەم ئاڭا ئۆلگۈنچە كۆڭلۈڭنى ئالاي دەيدۇ.
بۇلبۇلدەك قىلىپ ئەفغان دائىم قىلامەن گىريان،
ئالماققە تەنىمدىن جان ئىشق تىغى سالاي دەيدۇ.
پۇل تاپسا دېگەي نازىم، مەككەغە قىلاي تازىم،
يار ياخشى قالىڭ دېسەم، مەن بىرگە باراي دەيدۇ.

## نەغمىدە ئېيتىدىغان ناخشا

مەن ئۆلسەم ئاتىم ئۆچەر باشىمدىن شامال ئۆتەر،
ياخشى تۇتقان دوستلارىم يانىمدىن يىغلاپ ئۆتەر.
ئاتام ھەم ئۆلۈپ كەتكەن ئانام ھەم ئۆلۈپ كەتكەن،
قېرىنداش بولغان بىلەن كۆڭلى بۆلۈنۈپ كەتكەن.
يات خەلق دەردى چاغلىقدۇر، قېرىنداشىڭ دەردىدىن،
قېرىنداش قىلغان دەردلەر، ئىچىمگە تولۇپ كەتكەن.
ئاتامۇ ھايات بولسا، ئانامۇ ھايات بولسا،
دەردىنى ماڭا ئېيتسا، ھالىغە بۇدەم يەتكەن.
نەۋبەتى خەزان يەتتى مەۋسۇمى بەھار كەتتى،
ۋەقت بىزگە يېقىن يەتتى نازىم مۇنى دەپ كەتكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## ياھۇ يارەي، يامەۋلانەي ناخشىسى

پاچا ئەيتۇرسىز غەمە باشىم، غەمخانە بولدى نەيلەيىن،
بىر سۆز بىرلەن ئاشنا يارىم، بىگانە بولدى نەيلەيىن.
يامان كۆرمەك مىنى دەرلەر ئىگەمنىڭ بىر قۇلىدۇرمەن،
كىشى قەدرىمنى بىلمەيدۇر ۋەتەنىنىڭ گەۋھەرىدۇرمەن.
كىشى بىلمەس لەتىف سۆز دۇررىنى خەلقلەر ئۆز ساچىم،
كى سۆز بابىغە كەلگەندە سەخنۇرلەر دۇررى دۇرمەن،
ئۆزۈم ۋەسفىنى ئايتسام دىلبەر ئايتۇر ئانچە ئىرمەسسەن.
كەتۇرگەن سۆزگە سىزنى دىلبەرى ئۆزرە پەرىدۇرمەن،
كى تەئرىف ئەيلەدىڭ كۆپ باغ ئارا غۇنچە كۆرۈپ ئانى،
تەمامى نۇشكۇفە غۇنچەلەرنىڭ مىھتەرى دۇرمەن.
نەھەددى بىزگە ئول ئاي يۇزلۇك سۆزىنى تىلغە كەلتۇرمەك،
قۇلنىڭ قۇللەرنىڭ ئالدىدا بىر چاكەرىدۇرمەن.
قىيا باقسە تەرەھھۇم ئەيلەبان بىز خەستەغە ئول ئاي،
دىگەيمەن شاد ئولغاندىن، خەلايىق بىھتەرىدۇرمەن.
ئىلى بازارىدا يىغلاپ بۇ نازىم يالبارىپ يارغە،
كى ئىيتىپ بىر قىيا باقساڭ، نە بولغاي بىر قەرىدۇرمەن.

## ئايرىلغانغە ئۆلمەيمەن، مەن قەدرىمغە يىغلايمەن ناخشىسى

يار ئىشىكىدىن ئۆتتۇم ئالما شاخىنى تۇتۇپ،
سەن ئۆيۈڭدىن چىقمايسەن مەن تالادا قان يۇتۇپ.
شۇل يارىمنى كۆرگەن خەلق بارچە بولادۇر ئاشىق،
يارىمنى كۆرۈپ خەلقلەر كۆيۈپ ئۆلگۇدەك بوپتۇ.
يارىم يۇرەدۇر دائىم بىر ساچقە جالا سالىپ،
يارىمنىڭ قارا ساچى ئىككى بۆلگۇدەك بوپتۇ.
ئەۋۋەلدە ئويۇن قىلسام يىغلار ئىدى ئول دىلبەر،
بۇ دەمدە ئويۇن قىلسام قاراپ كۇلگۇدەك بوپتۇ.

## دوستلارىما ناخشىسى

ئۇيان ئۆتۇپ، بۇيان ئۆتۇپ كۆڭلۈڭنى ئالاي،
قارچىغەنىڭ بالاسىدەك قولۇڭغە قوناي.
قارالاسام كۆرۈنمەيدۇر سەمەندىن قورغان،
ئەجەب قاتتىق يامان ئىكەن ياردىن ئايرىلغان.

يار ئايرىلىپ چىدار ئىكەن بىز چىدالماسمىز،
ھېچ ئايرىلىپ چىدارمۇكىن كۆڭۈل ئالدۇرغان.
شۇل يارىمنى بىر كۆرۈبان كۆڭلۈم ئالدۇردۇم،
ھېچ مېنىڭدەك بارمۇ يارغە ئەۋۋارە بولغان.
ئەۋۋەل باقىپ كۆڭلۈم ئالىپ ئەمدى باقمايدۇر،
مەن ساددا مەن يارباقار دەپ ئۈمىددە تۇرغان.

## ئۆلمەمدۇر كىشى، كۆيمەمدۇر كىشى ناخشىسى

قىزارىپ تونغە سىغماسمەن، مەگەر كۆرسەم جامالىڭنى،
جاھان ئەھلىغە بەرمەسمەن سېنىڭ بىر جۆرە خالىڭنى.
قارانى يۇسا ئاق بولماس يامان ھەرگىز ياخشى بولماس،
سەن دوست بولساڭ، ئۇل دوست بولماس، مەن سېنى سۆيدۇم قارا كۆز.
قىزىل ئالما قىزارغاندەك تونۇڭ چوكان ياشارغاندەك،
قىزىل گۈلدە ياسالغاندەك يۈزۈڭغە كۆيدۇم قارا كۆز.

## چىن مودەن خېنىم ناخشىسى

يار ئىشىكدە تۇرۇپ، بىر جىلۋە قىلالمايدۇر،
بىر كۆرۈپ كېلەي دېسەم، خالىدە بولالمايدۇر.
ئۆگزەڭدىكى قومۇشنى مەن دەپسەپ ئۆتەرمەنمۇ،
كۆڭلۈمدىكى يار بىرلەن بىر كېچە ياتارمەنمۇ.
يالبارىپ ساڭا ھەر كۈن، ياد ئېتىپ سېنى ھەر تۈن،
باغرىمنى قىلىبان خۇن، ۋەسلىڭغە يېتەرمەنمۇ.
بارسام ئىشىكىڭغە يىغلاپ، ئاچچىغىڭ كېلىپ قوغلاپ،
بۇ قىسمى كۆرۈپ خارلىق دۇنيادىن ئۆتەرمەنمۇ.
يارىم ماڭا باقمايدۇر، سىنەسىنى ياقمايدۇر،
مۇنداغ بىۋاپا يارغە بىھۇدە كۆيەرمەنمۇ.
باقماي ماڭا دەرد قىلدىڭ، چىرايىمنى زەرد قىلىڭ،
دەردىڭغە داۋا تاپماي ئاخىر ئۆلەرمەنمۇ.
بىزلەرنى خاپا قىلدىڭ، جانىمغە جاپا قىلدىڭ،
سەندەك بىۋاپا يارغە ئەۋارە بولۇرمەنمۇ.

## گۈلزارە ناخشىسى

ئويمان بايتوقاي سازى، ئۆردەكدىن تولا غازى،
كىچىككىنە يارىم بار، ئۆلتۈردى ئېنىڭ نازى.
سەن دەردىڭ ماڭا ئېيتساڭ، سېنىڭ ھالىڭغە مەن يەتسەم،
ئۆزۈمنىڭ ئىلكىدە بولساڭ، چۆللەرگە ئېلىپ كەتسەم.

چۆللەر ئىچىدە يۈرسەڭ، ئىككىمىز بولۇپ مۇنىس،
سىنەمنى يېرىپ ئىنغدا يۈرەكىمنى كۆرسەتسەم.
بىزگە مەرھەمەت ئەيلەپ دەردىمنى ئىشىتكەندە،
ئۇن توققۇز قىلىپ تەزىم، مەن يارىمنى خۇش ئەتسەم.
يارىم يۇرتىغە كەتسە ئاتىسىنى كۆرگەلى،
بوز ئاتىمنى ئېگەرلەپ، يارنىڭ كەينىدىن يەتسەم.

## خانىم ئۆرگۈلەي دەيمەن ناخشىسى

ئالماتۇغە بارمايمەن، سايدا پۇتۇم ئاغرىيدۇ،
غۇلجەدىكى يارىمغە، ئەجەب ئىچىم ئاغرىيدۇ.
ئاخشىمى قاراڭغۇدا، كۆرەنۇر چىراغ ئوتى،
ئاشىقلىق قىلاي دېسەم، قورقىمەن كىشى يۇرتى.
يارىم تەئرىفىنى دەپ، كېچە - كۈندۈز سۆزلەيمەن،
مەندەك سۆز قىلالمايدۇر، شاھلار ئاسراغان تۇتى.
يۈرەكىمنى كۆيدۈردى، مېنى ھەركۈن ئۆلتۈردى،
كۆيدۈردى ۋۇجۇدۇمنى يارنىڭ ئىشقىنىڭ ئوتى.

## يۇملاق چوكان يارىم ناخشىسى

سېنىڭكى ھىجرى دەردىڭدە بوغۇزۇمدىن غىزا ئۆتمەس،
بىر يىل بولدى كۆيگەلى، كۆيگەن ئوت ساڭا ئۆتمەس.
باغ ئىچىدە بوستانلار ياشارىپدۇر چوكانلار،
يارنىڭ دەردىدە يىغلاپ ئاقتى كۆزۈمدىن قانلار.
يارىم يانىمە كەلسە، بوينۇمنى قۇچۇپ سۆيسە،
قۇچاغىمدا ئۆلتۈرسا، تازە بولادۇر جانلار.
يار ئۆيگە كېلۈر بولسا، يانىمىزدا ئولتۇرسا،
جانىمنى خەرىد ئەيلەپ، قىلسام ئانى مېھمانلار.
يارىم باغقە بارالىن، گۈل غۇنچەسى ئالالىن،
مودەن گۈل ئاچىلىپدۇر قىسىلىڭ باشقە رەيھانلار.
نازىم بارادۇر باغقە، ئوۋ ئوۋلاپ كۆيۈك تاغقە،
غۇلجەدە سۆزۈم ئاڭلاپ خۇشھال بولادۇر خانلار.

## ئۆرگۈلىمەن ئاللا ناخشىسى

ئىشىكىڭدىن ئۆتتۇممەن، مەھافەم تاراقلاتىپ،
تارتىنماي سۆيۈپ قويۇڭ، جالانى پۇلاڭلاتىپ.
لاچىن بولۇپ ئەرگىيمەن، ھويلاڭدە تېرەكىڭدە،
بالىق بولۇپ ئوينايمەن، مەيدەڭدە يۈرەكىڭدە.

ئۆزۈم قارچىغاي بولسام، تورۇڭغە ئىلىندۇرساڭ،
مېنى قولىڭا ئالساڭ، تەلپۈنسەم بىلەكىڭدە.
ياز كۈنى تومۇزلاردا، ياز ئاخىرى كۈزلەردە،
قىش كۈنى مەسجىدلەردە، يۈردۈممەن تىلەكىڭدە.
باغىڭدا گۈلۈك بولسام، باشىڭدا گۈلۈك بولسام،
باغقە سۇغە كىرگەندە، سۇ بولسام چىلەكىڭدە.
غۇلجەغە بارىپ كۈزدە، ياتتىم مەن تالا تۈزدە،
نازىم بولۇبان ھۇقۇش، قىچقارۇر تېرەكىڭدە.

## گۈل يارەي، دادەي ناخشىسى

ئۇيان ئۆتەدۇر بىر گۈل، بۇيان ئۆتەدۇر بىر گۈل،
ھەزرەتنىڭ ئاياغىدا، سايراپ تۇرادۇر بۇلبۇل.
مەن ئەمدى نېچۈك قىلاي، غەمگە قالغان باشىمنى،
كۆرگەلى ئۇزاق بولدى، ساغىندىم ئاداشىمنى.
ساغىنغان بىلەن يارنى مىنگەلى تېپىلماس ئات،
ئات بولسا كۆرەر ئېردىم، بارىپ قارا قاشىمنى.
ئالاي مەن دېسەم بىر ئات، ئاتنىڭ بىر خۇيىدۇر يات.
يارغە يەتكۈرەرمۇ پات، كۆرسەم باغرى تاشىمنى.
خوش ياخشى ئىلى شەھرى، يارنىڭ بارمۇدۇر مەھرى،
مەن ئەمدى بىلەلمەسمەن، يارىمغە باراشىمنى.
يار ئارقاسىدىن باردىم، قورغاسىنىڭ مازارىغە،
يارىمدىن بىلەلمەيمەن، بىر خەبەر ئالاشىمنى.
قۇمرىدەك قىلىپ گۇگۇ، شەيخلەردە ئېيتىپ ھۇ - ھۇ،
يىغلاپ يۈگۈرۈپ ھەرسۇ، تۆكۈپ كۆزدە ياشىمنى.
بىۋاپا بۇدۇن ئەفلاك، يۈرەكنى قىلىپدۇر چاك،
قىلىپدۇر زەھر ئاغۇش، ھەركۈن ئىچەر ئاشىمنى.
خەلق بىزگە جاپا قىلدى، دىلبەردىن جۇدا قىلدى،
نازىم تولا ئاھ قىلدى، كۆرەلمەي ئاداشىمنى.

## چاققان يارەي ناخشىسى

قارالاسام كۆرۈنمەيدۇر، ئالەمنىڭ ئۇچى،
بۇ ئالەم بىر كوھنە رابات، بىز يول ئۆتكۈچى.
قارالاسام كۆرۈنمەيدۇر ئابرالىنىڭ تاغى،
ئۇتدا كۆيۈپ ئەدا بولدى يۈرەكنىڭ باغى.
يار دەردىدە سارغاردىممەن زەئفران سۈفەت،
كۈز ۋەقتىدە سارغارغاندەك، تېرەك ياپراغى.
غۇنچە يۈزلۈك نىگارىمنى، كۆرەر كۈن بارمۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەسبىھ تەھلىل بولدى ماڭا، يارنىڭ سورافى.
يارىمىزنىڭ قىلغان سۆزى داغ بولدى بىزگە،
يۈرەكىمنى مەجرۇھ قىلدى، شۇل سۆزنىڭ داغى.
ئاراس ئۈستەڭ توغراقلىقدۇر، يارىمنىڭ جايى،
قاراپ يارغە بەسىر بولدى، كۆزنىڭ قاراغى.
ئۇلاغىمنىڭ يوقلۇقىدىن، كۆرمەدىم يارنى،
كۆرەر ئەردىم زالى زەرنىڭ بولسە ئۇلاغى.

## نادەخان ناخشىسى

ياغلىقىمنىڭ ئۇچىدا قەند بىرلەن يىمىشىم بار،
ياخشى دەمدۇر، يامان دەمدۇر، ئەل بىرلەن نىمىشىم بار.
بىزگە ياخشىلىق قىلغان كىشىگە قىلاي خىزمەت،
ھەركۈن خىزمەت ئەتمەككە ھەركۈندە بارىشىم بار،
كىم قىلسە زىيان بىزگە، زىيانى ئەيان بىزگە،
بارۇرنى قىلىبان تەرك، ھەم ئاندىن يانىشىم بار.

## ھەمدەم يارەي ناخشىسى

تەرگەن بىرلەن ئېلىپ بولماس سايىنىڭ تاشىنى،
دەرد كەلگەندە ئېرتىپ بولماس كۆزنىڭ ياشىنى.
سۇغا سالسام سۇ كۆتۈرمەس مىسقال تۆمۈرنى،
ئالتۇن بىرلەن ئېلىپ بولماس قالغان كۆڭۈلنى.
يارىم بىزگە باقماي يۈرۈپ، دىلغە غەم سالدى،
شەفقەت بىرلەن سورىغان بارمۇ كۆڭلى مالالنى.
بەختىم قارا بولغان ئۈچۈن يار بىزگە باقماس،
يىغلاتقانى ياخشى ئېرمەس، بىزدەك ئوغۇلنى.
يارىم بىزگە باقماس بولدى، بايلار نامرادغە،
ئەرەنلەر ھەم يوقلاماسلار ئېرى يوق تۇلنى.
ئايا يارىم، قەھقە كۈلۈپ، ئاچىڭ كۆڭلۈمنى،
يامان بولماس يوقلاسىڭىز نازىمى قۇلنى.

## ۋاي دادەي ناخشىسى

ئاقتۇر بىلەكىم ئاقتۇر، ياردىن تالىئىم يوقتۇر،
ياردىن تالىئىم بولسە، ئۆلسەم ئارمانىم يوقتۇر.
يارنى ئۆيىدە قويۇپ، باغدا مەشرەپ ئويناپلى،
قاشنى تەبرەتىپ قويۇپ، يارنى قىيناپ ئويناپلى.
قىز ھەممەسى يار بولماس، يارنىڭ قەدرىنى بىلمەس،

قىزلار كوچىدا كۆپدۇر، قىزنى تاللاپ ئوينايلى.

## مەن ھەيران ئارسلانخان ناخشىسى

سايراڭ بۇلبۇلۇم سايراڭ، شۇل گۇلنىڭ شاخى سۇنسۇن،
يار ئايرىلىمەن دەيدۇ، ئايرىلىپ كۆڭلى تىنسۇن.
بۇ ئالەمغە كېلىپ تاپقان، مېنىڭكى مېھرىبانىمسەن.
بۇ ئالەمغە روشەنى كۆڭلۈم خۇشى ئارامى جانىمسەن.
سېنىڭدەك نازىنىنلا كەلمەگەندۇر دەھرىگە ھەرگىز،
ھەمە قىزلاردىن ئارتۇق باخىدەد شىرىن زەبانىمسەن.
ئىشىكىڭدىن قاۋۇمە، چۈن غۇلامىڭنىڭ غۇلامىمەن،
مېنىڭدەكلەرگە شەفقەت ئەتكەلى، شاھى زەمانىمسەن.
لەبى لەئلى زىلالىڭ بىزگە دۇركىم ئابى ھەيۋان،
ئۆلۈك تەنلەرنى زەندە ئەتكەلى روھى رەۋانىمسەن.
بۇ نازىم ئېيتادۇر يۈز ئىلتىجا ئەيلەپ نىگارىغە،
ماڭا پەندى ـ نەسىھەت ئەتكەلى بىر نۇكتەدانىمسەن.

## ئالتۇنجان ناخشىسى

قاراپ كۆزلەرىم تالدى بىر سۆزۈڭنى بەرمەيسەن.
نېمە مۇنچىزا بولدۇڭ، سۆيۈپ قويغانغە ئۆلمەيسەن.
مېنىڭ مەقسەد كانىم شۇلدۇر، سېنىڭ ئالدىڭدا جان بەرسەم،
ئاياغىمدا مادارىم يوق، بارىپ باشىڭدىن ئۆرگۈلسەم.
مېنىڭ بۇ خەستە كۆڭلۈمنى چىرايلىق مەئشۇقۇم ئالدى،
راست سۆزۈڭنى ئېيت يارىم جان كىچىككىنە قالدى.
مېنىڭ يارىم ئەجەب دانا، ئەجەب رەئنا، ئەجەب خۇشخۇي،
ئاخشاملىققە مەن باراي، ئىشىكنى تاقاماي بوش قوي.
مېنىڭ يارىم ئەجەب رەزگى، ئوينايدىغىنا ۋاقتى،
ئىچىمدىكى دەردلەرىم، قانغە ئۆرۈلۈپ ئاقتى.
مېنىڭ يارىم سەفەر كەتتى، مېنىڭ مۇنداق يارىم يوق،
كۆيەر ئوتغە سالىپ قويدى، مېنىڭ تارتماسقە چارەم يوق.
مېنىڭ دەردىمنى سەن تارتقان، سېنىڭ دەردىڭنى مەن تارتقان،
كېچەلەر تاكى مەجنۇندەك، بېلىڭغە چىرماشىپ ياتقان.
كۆچەت تىكتىم سۆگەت بولدى، بىر قاراڭغۇ باغ بولدى،
يارىم قىلغان ئاھانەت، يۈرەكىمغە داغ بولدى.
يارنىڭ ئىشىكى تاللىق، شاخ ـ شاخى مارجانلىق،
سېنى سۆيگەن ئاشىقلار، ھەر كوچىدا ھەيرانلىق.
ئۆستەڭ بويىدا يالپۇز، يالپۇزنىڭ شاخى يالغۇز،
ئەقىللىق مېنىڭ يارىم، يىغلاپ يۈرگۇدەك يالغۇز.

www.uyghurkitap.com



ئۆستەڭنىڭ تېگى لايدۇر، دەسسىسەم لىغىرلايدۇ،
يارىمنى خىيال قىلسام، يۈرىكىم جىغىلدايدۇ.
ئۆستەڭنىڭ تېگى قاتتىق، چاپاي دېسەم كەتمەن يوق،
دەردىمنى ئېيتاي دېسەم، ئۆزۈمگە ئوخشاش دەردمەن يوق.

## ئاھ يارلار ئاي ناخشىسى

لەيلى مەجنۇن شاخ ئېگىلدى، يار ئېگىلمەيدۇ ماڭا،
يا كېلىپ جانىمنى ئالغىل، ياكۆڭۈل بەرگىل ماڭا.
كەت دېسەڭ سەھرا كېتەيىن، قالدى قەشقەرىڭ ساڭا،
ئەلىمىڭنى تولا تارتتىم، رۇخسىتىڭ بارمۇ ماڭا.
ئېگىز ئۆگزىگە چىقىپ، شەرەتلىشىڭدىن ئۆرگىلەي،
تال چىبىقدەك تولغىنىپ، مېڭىشلەرىڭدىن ئۆرگىلەي.
قۇرغۇيۇم ئۇچتى قولۇمدىن، قايدا مېھماندۇر بۇگۈن.
مەن كېتەر بولدۇم بۇگۈن، ئەرزىم بايان ئەيلەپ كېتەي.
مېھرىبانىم قايدا دەپ، چۆللەردە قان يىغلاپ كېتەي.
قاراقاش بولغان بىلەن كەلمەيدۇر قاشىمغە مېنىڭ،
بۇ مەلامەت تاغلارى، سېرىلدى باشىمغە مېنىڭ.
ھەۋادا پارچە بۇلۇت، يامغۇر يېغىپ ئۆتكەن ئەمەس،
ئىككى ئاشىق بىر بولۇپ، مۇرادىغە يەتكەن ئەمەس.
مەن بېلىمنى باغلادىم، قىل بىلەن ۋەسىم بىلەن،
سەن ئەقىدە باغلاساڭ، ئۆمرۈم ئۆتەر سېنىڭ بىلەن.
يار يىراقدا، بىز فىراقدە، ۋەئدە يالغان بولماسۇن،
خەلقىئالەم بىر بولۇپ، يولدىن چىقارغان بولماسۇن.
ئىشىكىڭغە مەن كېلىپمەن گۈل زاراڭزا تەرگەلى،
گۈل زاراڭزا بانە بولدى، ئاي يۈزۈڭنى كۆرگەلى.
ئاي يۈزۈڭنىڭ شولەسى تۈشتى سېفىلغە سايەسى،
خۇشماغۇ يىراق بولۇپتۇر ئىككىيلەننىڭ ئاراسى.

## لەيلۈن يارەي ناخشىسى

ئاق بوز ئاتنىڭ قۇيرۇقى يەرگە سۆرەلەمدىكى،
ئۆزۈمنىڭ مەئشۇقى بولسا، باشىمدىن ئۆرگۈلەمدىكى.
ياخشى ئاتغە نېمىدى شەھەر يولۇڭنىڭ ئاراسى،
پاختىدىن يۇمشاق ئىكەن ئىككى ئەمچەك ئاراسى.
ئاتنىڭ ياخشىسى جەدە دېگەن يەرگە يەتمەيدۇر،
ئەل يارىنى ماختايدۇر، بىزنىڭ يارغە يەتمەيدۇر.
تورۇق ئاتدا تورۇق بار، ئاق بوز ئاتدا قورۇق بار،
سۆيسەڭ ياخشىنى سۆيگىل، قىيامەتدە سوراق بار.

ئاتلارىڭنىڭ ئىچىندە مىنگۈدەك ئېتىڭ بارمۇ،
يېنىپ ئارقاڭغا قارايسەن، يارغە بىر گېپىڭ بارمۇ.
ئاتنى ئويناتىپ چىقتۇق، قورغاسىنىڭ غولى بىرلەن،
ئوينىساڭ تۇزۇك ئوينا هەر ئىشنىڭ يولى بىرلەن.
ئېتىمنى توقۇپ قويۇپ، ئاتنى مىندىم قايرىلدىم،
دۈشمەن سۆزىگە كىرىپ، مەن يارىمدىن ئايرىلدىم.
ئېتىمنى توقۇپ قويدۇم، شۇئىرغان يامان قاردا،
باشىمغە هەر بالا كەلسە، خىيالىم تەخى تېغى ياردا.
سەن ئاتىڭنى ئويناتىپ، دۈشمەنلەرغە بات قىلمە،
سەن يارىم مېنى دېسەڭ، بۆلەك يارنى ياد قىلمە.
ياخشى ئاتنى مىنگەندە، ئالدىم قولۇمغە قامچى،
يارىمغە ياراشىپدۇر، پوپۇش بىلە تىزلامچى.
ئاتنى ساتماسام بولماس، دەردنى تارتمىسام بولماس،
پۇلۇم يوق دېگەن بىرلەن، خوتۇن ئالماسام بولماس.
يامغۇرلار تولا ياغسا، ئۆيدىن ئۆتەدۇر تامچى،
مەن يارنى سېغىنغاندا پۇتۇم ئاق قولۇم قامچى.

## يارەي ناخشىسى

ۋاي ئاتلارىڭنى هايدامىسىز مۇز داۋان بىرلەن،
ۋاي بىر ياخشىنى قىينامىسىزلەر بىر يامان بىرلەن.
ۋاي بارادۇرمىز، يانادۇرمىز ياخشى قالىڭلار،
ۋاي ئېگىز داۋان ئاشادۇرمىز، شوتا سالىڭلار.
ۋاي ئۇ تاغىڭدىن بۇ تاغىڭغە، قۇرغۇي سالىشتۇق،
ۋاي قىزىل گۈلنىڭ غۇنچەسىدەك، كۆڭۈل ئالىشتۇق.
ۋاي قىزىل ـ قىزىل قىياقلىقدا، قىينالدىم سىزگە،
ۋاي قىزىل گۈلنىڭ غۇنچەسىدەك ئېگىلدىم سىزگە.
ۋاي قارالاسام كۆرۈنمەيدۇر ئالەمنىڭ ئۇچى،
ۋاي بۇ ئالەم بىر كوهنە رابات بىز يول ئۆتكۈچى.
ۋاي ئاربانىدىن نېرى دوستلار، ئىككەن بۇغدايىم،
ۋاي بىر ياخشىنى بىر يامانغە، قوشقان خۇدايىم.
ۋاي سىم ـ سىم دەيدۇر، سىم ـ سىم دەيدۇر، سىم ـ سىم قوينۇمدا،
ۋاي زەررە گۇناھ مەندە بولسە، قىلىچ بوينۇمدا،
ۋاي ئۆيان ئۆتۈپ، بۇيان ئۆتۈپ تىشىڭغە تېگەي،
ماڭا قويغان ئالماڭىزنى، ئايلاڭىز يېگەي.
ۋاي ئۇقاتدا سەن، بۇ قاتدا مەن، قاچان كۆرەرمەن،
ۋاي خۇدا بەرسە سېنى يارىم، بىر كۈن سۆيەرمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## ئاللا يەي ناخشىسى

ئاسماندىكى ئۈچ ئۆردەك، ئۇچۇلىسى ھەم بىر دەك،
كىچىككىنە يارىم بار، ئاچىلمىغان قىزىل گۈلدەك.
يار بولسە ياراشقۇدەك، دۈشمەنلەر ماراشقۇدەك،
ئۆزى ئۈيقۇدا تۇرۇپ، ئويغانىپ كۆز ئاچقۇدەك.
يار يالغۇز ياتامدىكىن، مەن بارسام قاتامدىكىن،
خۇشما تولا ساغىندىم، خىيال قىلىپ ياتامدىكىن.
ئاخشاملىققە يار كەلسە، بىر بەلگە ئېلىپ قالسام.
ھەرگىز تۇيماسۇن دۈشمەن، يارنىڭ كەلمەكى ئاسان.
يار دەردى يامان ئىكەن، ئۆرە بولالمايمەن،
باراي دېسەم يول يىراق، ۋەقتىدە كۆرەلمەيمەن.
بۈگۈن كېچە تۈش كۆرسەم، تۈشۈمدە مەيدەم ئاغرىپىدۇ،
يار مەندىن يامانلاپدۇ، نېمەدىن كۆڭلى ئاغرىپدۇ.
يار بار مەلىگە بارسام، يۈرەكىم پوكولدايدۇ.
دۈشمەنلەر مېنى كۆرۈپ، خۇشماغۇ كوتۇلدايدۇ،
بۈگۈن كېچە تۈش كۆرسەم، تۈشۈمدە يولغە بارغۇم بار،
قولۇمغە پىچاق ئېلىپ، يۈرەكىمغە سالغۇم بار.
قولىغە پىچاق ئالغان، ئوغۇل بالالىق ئېرمەس،
ئاشىق تۈتقان ئەرلەرما، پىچاقىغە بوي بەرمەس.
يانىمغە پىچاق ئاستىم، ئانىڭ چوكاسى دەندان،
ئويناماساڭ ئوينىما، سېنىڭدەك چوكان چەندان.
ياغاچ پىچاق ئاسقانلار بازارغە كېلەلمەيدۇ،
يالغۇز بىر پىچاق بىرلە، چوكاننى ئالالمايدۇ.
پىچاقنى سالاي دېسەم، يارىم قولۇمنى تۇتتى،
ئەگمە قاشىنى ئاتىپ، مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئۇتتى.
سارغارغان سۆگەتلەرنىڭ سايەسى بولامدىكى،
يارغە كۆيگەن يۈرەكىنىڭ تازاسى بولامدىكى.
ئاق يارغا ساراي سالدىم، مەخمەل بىرلە ياپتۇردۇم،
سەپەر كەتكەن يارىمنى خۇدايىمغە تاپشۇردۇم.

## دوستلارىم يەي ناخشىسى

كەپتەر تالۇكەپتەرتال، كەپتەر تالدا كەپتەر بار،
كەپتەرىڭنى بەرمىسەڭ، جانىڭ قۇرۇپ ئۆلۈپ قال.
يارنىڭ ياندا باغدا، بۇلبۇل تولا سارايدۇ،
خۇدا قوشقان كۆڭۈلنى دۈشمەن قانداق ئايرىيدۇ.
ھاۋا تۇتۇلۇپ قاپتۇ، ئۆگزەسىدە قار بارمۇ،
ئالەمنى كېزىپ كەلدىم، سەندەك ياخشى يار بارمۇ،

ئالتە شەھەردە بارمۇكىن، سەن يارىمدەك ئاي چىراي،
ئىلاندەك تولغىنىپ چىقسالىڭ، قايداق سەندىن ئايرىلاي.
ئالتۇن ھىرلە رەئنانى مەن يارغە تۇتاي دەرمەن،
مەي بولسە خەرىدارى، بىر قەترە يۇتاي دەرمەن.
ھاۋادىكى لاچىنىنىڭ باشىدا تۇماغاسى،
بىر سۆيۈپ قويۇڭ يارىم، جانىڭنىڭ ساداغاسى.
خىتاي قامچاسى دەيدۇ، ئوق ئىلانغە ئوخشايدۇ،
قول سالىپ چىقىپ كەلسە، مېنىڭ يارىمغە ئوخشايدۇ.
قىز بالا دېگەن نەرسە، تاۋار ئەڭنىنى كەيسە،
بويىندىن تۇتۇپ تۇرۇپ، شىرىن لەبىغە سۆيسە.
ئاخشامى قاراڭغۇدا، كۆرۈنەر چىراغ ئوتى،
ئاشىقلىق قىلاي دېسەم، قورقىمەن كىشىنىڭ يۇرتى.
چاچىڭ نېمە ئۆسمەيدۇر، تارامايسەن ئۆسمەيدۇر،
يارىڭ نېمە كەلمەيدۇر، چىللامايسەن كەلمەيدۇر.
قىزىل گۈل ئىشتمەيدۇ بۇلبۇلنىڭ ساداسىنى،
ئۆلسەم ئارمانىم يوقتۇر، بىر كۆرسەم جامالىنى.
بۇلبۇل قوندۇرما باغىڭغە، مېنى كۆيدۇرمە داغىڭغە،
ئەتلەس كەمزۇل ياراشىپدۇر، سېنىڭ نازۇك جامالىڭغە.
ئۇچاڭدىكى پەشمەتنى، بىر يىللىق بولا دەمسەن،
كۆڭلۈمدىكى يارىمسەن، ئايرىلسا ئۆلە دەمسەن.

## نازىرگۈل ناخشىسى

يارىمنىڭ بويى زىبا، زىبا بويىدا گۈل بار،
شىرىن سۆزلەرى تاتلىق، ئايدەك يۈزىدە خال بار.
قاشىڭىزنى ئاتتىڭىز، بىزنى تاشلاپ ئەتتىڭىز،
يوقىمىدى ئۇياتىڭىز، زار - زار يىغلاتتىڭىز.
قۇشقاچلار جىبىرلايدۇ، قۇرغۇي كەلگەن ئوخشايدۇ،
يۈرەكلەر جىغىلدايدۇ، يارىم كەلگەن ئوخشايدۇ.
چىلان باغقە كىرمەيمەن، چىلان باغدا ئىلان بار،
يار قاشىغە بارمايمەن، يارىڭ بۆلەك يارى بار.
دەرۋازاڭ ئەجەب يوغان، ئېلىپ قويغالى بولماس،
كىشىنىڭ قولىدا يارىم، سۆيۈپ قويغالى بولماس.
ئىشىكنى قىيا ئاچقىل، يۈزۈڭنى كۆرۈپ ئالاي،
قۇلاقىڭدىن تۇتۇپ تۇرۇپ، ئاغزىڭغە سۆيۈپ ئالاي.
ئىشىككە چىقىپ ئاپسەن، سەن كۆزۈڭنى ئويناتىپ،
سېنىڭ بىر خىيالىڭ بار، مەن غىرىبنى قاقشاتىپ.
يارىڭ باغىغە كىرىپ، ئۆرۈك ئىرغىتاي يارىم،
ئۆرۈك ئۇچىدا تۇرۇپ، سېنى يىغلىتاي يارىم.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى


كۆيۈپ كۇل بولماغاي ئەردىم، يانىپ ئوت بولماغاي ئەردىم.
ساڭا بەرمىسەم كۆڭۈل، مۇنچە بولماغاي ئەردىم.
كۆرۈنگەن قارا تاغدا، ئات قاندا ياغدى قار،
ئايرىلىپ كېتەي دېسەم، كىچىكلىكدە تۇتقان يار.
كۆرۈنگەن قارا تاغلار، ئارقاسى ئانىڭ باغلار،
بىزنىڭ كىچىك باللار، بېلىغە دۇردۇن باغلار.
مەن باغنىڭ تاشىدە، سەن باغنىڭنىڭ ئىچىندە،
سەندەك نەچچە چوكانلار، رومالىمنىڭ ئىچىندە.
ئورماڭىزنى مەن ئوردۇم، ئۇنچەڭىزنى سايلاماي،
يانىڭىزدا يار تۇتتۇم، ئوتۇڭىزغە پايلاماي.
شەھەردىكى بايلارنىڭ، ئىككىدىن سارايى بار،
بىزنىڭ قارا كۆز يارنىڭ، ئالتۇندەك چىرايى بار.

## ئولتۇرسا قوپالمايدۇ، قوپسا ئولتۇرالمايدۇ ناخشىسى

ئۆڭزەڭگە ئىلان چىقتى، يەلپۈنۈپ چوكان چىقتى،
كېچەشنى پىشارغاندە، ئىسمائىل دۇكان چىقتى.
چىبجىقچە مېنىڭ جانىم، نەچچەڭگە بولەي خانىم،
نەچچەڭگە بۆلۈپ كەلسەم، يەتمەيدۇر مېنىڭ جانىم.
يان يەرگە ساراي سالدىم، شامال كەلسە دالدا دەپ،
ئارزۇلاپ سېنى سۆيدۇم، قىز چوكاننىڭ ئالدى دەپ.
ئۆيىمىز شامالباغدا، بارسىلا تاپالاملا،
ئىشىك باشىدا ئاچقۇچ، كىلىتاڭنى ئاچالاملا.
دەريا بويى قومۇشلۇق، ئېنىك تۆبىدە قوراي،
مەن ساڭا كۆيۈپ قالدىم، ئېرىڭ بارمۇكىن سوراي.
سېرىق سەچەك سايدا بار، سىزدەك چوكان قايدا بار.
سىزدەك چوكاننى سۆيسەك، قىيامەتتە پايدا بار.
ئورۇس ياساغان ساندۇق، جانىم سىزگە تەسەددۇق،
ئىشلەتسەڭىز مىلىك كۆنلۈك، سېتىپ يېسەڭ بىر كۆنلۈك.
مېنى مۇندا قويامسەن، ئۆزۈڭ ئاندا بارمامسەن،
ئاتام سالغان باغچاڭدا، ئويناتقالى قويمامسەن.
ئاسماندا ئۈچۈپ كەتكەن، بىر يالغۇز قارا قارغە،
باساڭلا سالام دەڭلا، بىزنى سوراغان يارغە.
كېچە بولسە ياتمايمەن، پەنجىرەڭدىن پاتمايمەن،
راست گېپىڭنى ئېيتماسەن سېنىڭ دەردىڭنى تاتمايمەن.
باي توقاينىڭ يولىدا، ئالا ئۆردەك ئىزى بار،
ئونبەشى ئاكام ئۆيىدە، ئوتتۇز ياشىدا قىزى بار.
سىز مېنى كىچىك دېمەڭ، سەكرەپ سۆيىمەن سىزنى،

هەر قانچە كىچىك بولسام، ئوتغە سالىمەن سىزنى.
بۇ باپدا توي تارتىپ بارۇردا ئېيتادۇرغان ئۆلەڭنى،
خاتۇن - قىزلار چىن قىچقارغاننى، باز يانىپ كەلگەندە،
ئېيتادۇرغان ئۆلەڭنى، هۆجرە گەپدە ياش،
يىگىتلارنىڭ ئېيتادۇرغان سۆزلەرىنى پۈتۈپ قويغان دەپتەر.

## بىرىنچى بابتا

توي تارتىپ بارۇردا، ياش يىگىتلارنىڭ ئېيتادۇرغانى بۇدۇر،
هاي - هاي ئۆلەڭ هاي ئۆلەڭ گۇل قايدا بار،
بىر ياخشىغا بىر يامان هەر يەردە بار.
هاي - هاي ئۆلەڭ، هاي ئۆلەڭ، بارمۇ هايات،
قارچىغىدەك بويۇڭغە بولدۇم سەيياد.
هاي - هاي ئۆلەڭ، هاي ئۆلەڭ، هاي نە قىلاي،
خەنجەر ئالىپ يۈرەكنى پارە قىلاي.
هاي - هاي ئۆلەڭ، هاي ئۆلەڭ قار كېلەدۇر،
بەرگى خازان تونىنى كىيىپ يار كېلەدۇر.
بەرگى خازان تونىنىڭ بەرگى تولا،
قىز ئالماغان يىگىتنىڭ دەردى تولا.
قارا - قارا قارغالار خاماندادۇر،
قىز ئالماغان يىگىتلار ئارماندادۇر.
قىزىل - قىزىل پىيازنىڭ پوستى تولا،
ئۆيلەنمەگەن يىگىتنىڭ دوستى تولا.
ئالا - ئالا كۆكۆنەك پاقا ئالۇر،
ئۆيلەنمەگەن يىگىتلەر خاپا بولۇر.
ئاق - ئاق تۇرغان ئاق قۇچقاچ، جاپ - جاپ قىلۇر،
ئۆيلەنمەگەن يىگىتلەر تويغە كېلۇر.
سېرىق - سېرىق، سېرىق قۇش هۇ - هۇ دەيدۇر،
ئۆيلەنمەگەن يىگىتلەر ئارمان يەيدۇر.
ياشىل - ياشىل كۆك قارغا تاغدا ياتۇر،
ئۆيلەنمەگەن يىگىتلار قايدا ياتۇر.
يىگىت كۆڭلى خۇش بولۇر خاتۇن ئالىپ،
قىز كەلگەندە ئۇخلاشۇر ئورۇن سالىپ.
ئاپپاق - ئاپپاق تاۋۇشقان سايدا تولا،
ئۆيلەنمەگەن يىگىتلەر تويدا تولا.
شىلدىر - شىلدىر قومۇشغە سىرغام تۇشتى،
سىنالمىغان يىگىتكە سىڭلىم تۇشتى.
ياخشى - ياخشى موللاملار نىكاھ قىلىڭ،
كۇن ئولتۇرۇپ كەچ بولدى قىزنى بېرىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب ئۆيى www.uyghurkitap.com

## ئىككىنچى بابتا

قىزنى كۆچۈرۈپ بارۇردا، قىزنى زىلچەگە ئولتۇرغۇزۇپ، تۆرت بۇرجىدىن تۆرت كىشى تۇتۇپ تۇرۇر، تۆرت كەمپىر خاتۇن چىن قىچقىرۇر.

يىغلاما قىز، يىغلاما قىز، تويۇڭ بولدى،
ئالتۇن گۇللۇك كۆشۇكە ئۆيۈڭ بولدى.
ئەۋۋەل باشلاپ خۇدانى ياد ئېتىلى،
مۇھەممەدنىڭ روھىنى شاد ئېتىلى.
يىغلاما قىز، يىغلاما قىز، خۇش بولۇرسىز،
قارچىغىدەك يىگىتكە تۇش بولۇرسىز.
يىغلاما قىز خۇشھال بولغىل تويلاشىڭدۇر،
ئالتۇن بويلۇق گۇل يىگىت ئويناشىڭدۇر.
ئالتۇن بويلۇق يىگىتلار چاكىرىڭدۇر،
ئاچىلماغان غۇنچە سۇفەت ئەر كۈيەڭدۇر.
ئالتۇن بويلۇق يىگىت بىرلە بويلاشارسىز،
بىر تۇشەكنىڭ ئىچىدە ئويناشارسىز.
يىغلاما قىز فەرىدۇندەك بەختىڭ بولۇر،
ئالتۇن گۇللۇك كۆشۇكىدە تەختىڭ بولۇر.
يىغلاما قىز ساڭا بۇ كۈن بەخت بىقىپدۇر،
كۆشۇكىڭغە ئالتۇندىن مىخ قاقىپدۇر.
ئابتابەدە سۇ قۇيسام ئىنىمايدۇر،
قىز ئاناسى ئۆگەيمۇكىن يىغلامايدۇر.

## ئۈچىنچى بابتا
## قىزنىڭ ئاناسى يىغلاپ ئېيتقان سۆزى

كىچىككىنە قارا كۆز ۋاي بالام، ۋاي بالام،
تىلى تاتلىغ شىرىن سۆز، ۋاي بالام، ۋاي بالام.
مەن بالامنى بەرمەيتتىم، ۋاي بالام، ۋاي بالام،
ئاقچەسىنى ئالمايتتىم، ۋاي بالام، ۋاي بالام.
بالام مەندىن ئايرىلدى، ۋاي بالام، ۋاي بالام،
قاناتلارىم قايرىلدى، ۋاي بالام، ۋاي بالام.
ئۆيدە يالغۇز قالارمەن، ۋاي بالام، ۋاي بالام،
كەلسە تارتىپ ئالۇرمەن، ۋاي بالام، ۋاي بالام.
ئونبەش ياشقە يەتمەگەن ۋاي بالام، ۋاي بالام.
سوقسام ئۆيدىن كەتمەگەن، ۋاي بالام، ۋاي بالام.
ئۈچۈپ كەتتى ئۆيۈمدىن، ۋاي بالام، ۋاي بالام،
غايىب بولدى كۆزۈمدىن ۋاي بالام، ۋاي بالام.

بالام بارىپ ئوخلاغاي، ۋاي بالام، ۋاي بالام،
بالامنى ھەق ساقلاغاي، ۋاي بالام، ۋاي بالام.
شوڭقارىمنى قاچۇردۇم، ۋاي بالام، ۋاي بالام،
خۇدايىمغە تاپشۇردۇم ۋاي بالام، ۋاي بالام.

ئاتاسى، ئاناسى شۇبۇ سۆزلەرنى ئېيتىپ ئۆيدە يىغلاپ قالۇر. قىزنى، يىگىتنى ئۆيگە ئېلىپ كېتەر، يولدا كېلىپ يېتىپ بارغۇنچە ئۆلەڭنى يەنە ئېيتىپ بارۇر.

## تۆتىنچى بابتا

ياش يىگىتلەر يىغىلىشىپ بىر ئۆيگە جەمئى بولۇپ، ھەر بىر يىگىتلەر توققۇز قىسمى گېزەك ئالىپ كىرىپ ئېيتادۇرغان سۆزلەرى.

چۈچۈ سەلۋات بەرمۇھەممەد، ھەر كىشى سۆزلەر، ئىشىكنى كۆزلەر، ئۇنىڭغا بەگلەر، چورۇڭقا ئاغاچەلار ئاتلاتلار كۆل تام بولماس، كۆيوغۇل ئوغۇل بولماس، كۆيوغۇل ئوغۇل بولسە، كۆڭۈل خوش بولۇر، كۆل تام بولسا تۆبى بوش بولۇر. ئاتلاتلار، ئىشتىڭلار پالان ئاخۇننىڭ تويى مەئرەكەسىگە، پالاننىڭ ئوغلى پالانى ئاخۇن توققۇز قىسمى گېزىكى بىلەن توققۇز تۈلۈم ئەراقى بىلەن دەم يەتكۈزۈپ كېلىپتۇر، دېگەي. جەمئىسى ئوڭ قولىنى كۆتەرىپ بارىكاللا دەر. ئاندىن سول قولىنى كۆتەرىپ بارىكاللا دېگەي.

## بەشىنچى بابتا

كۆيوغۇلنى قېيناتىسىنىڭكىدە ئورۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئۆيگە ئېلىپ بېرىپ سالام بەردۇرگىنى يەنى كۆيوغۇل بىلەن بىر مۇنچە ياشلار بىرگە ئاخشىمى بېرىپ، قېيناتىسىنىڭ ئۆيگە «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ كىرىپ، دۇئا قىلىپ ئاندىن ھەممىسى ئۆرە قوپۇپ تۇرۇپ ئېيتۇركى «كۆيوغۇل سالام بەردى خۇدا يولىدا» دېگەي. ئاتىسى «خۇدايىتائالا يار بولسۇن» دەر. يەنە يىگىتلەر «كۆيوغۇل سالام بەردى پەيغەمبەرلەر ھەققىدە» دېگەي، پەيغەمبەرلەر يار بولسۇن دەر.

— كۆيوغۇل سالام بەردى چاھارىيارلىرىمىز ھەققىدە،
— چاھارىيارلىرىمىز يار بولسۇن.
— كۆيوغۇل سالام بەردى ئانىلىرىمىز ھەققىدە.
— ئانىلىرىمىز يار بولسۇن.
— كۆيوغۇل سالام بەردى چوڭ ئاتىسغە، چوڭ ئانىسىغە،
— چوڭ ئاتىسى، چوڭ ئانىسى رازى بولسۇن.
— كۆيوغۇل سالام بەردى ئاتا - ئانىسغە،
— ئاتا - ئانىسى رازى بولسۇن.
— كۆيوغۇل سالام بەردى قېرىنداشلىرىغە،
— قېرىنداشلىرى خوش بولسۇن.
— كۆيوغۇل سالام بەردى قاققان قوزۇق، تۇگكەن تۇگۈچغە،
— ئوغلىمىز ئۆزى ئۇبدان بولسە، ئۆي ئىچىدىكى ھەممە پۇل، مال كۆيوغۇلىمىزنىڭدۇر، دەپ بىر پارچە كىگىز، بىر چىنە، بىر پەتنۇس ۋە بىر ياغلىقنى

www.uyghurkitap.com

كۆيوغۇلغە بېرۇر. يەنە يىگىتلەر قايىسى ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ يۇقىرىقى سۆزلەرنى ئېيتىپ، بىر نەرسىلەرنى ئېلىپ، ئۆيىگە قايتىپ كېلۇر. كېلىن بالىنى ھەم يىگىتنىڭ ئاتىسىنىڭكىگە يىگىتنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭكىگە سالامغە ئېلىپ بېرىپ يۇقىرىدا دېيىلگەن سۆزلەرنى قىلۇر. كېلىن بالىغىمۇ ئاتا ـ ئانىسى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىر مۇنچە نەرسىلەرنى بېرۇر.

## ئالتىنچى بابتا

بەرائەت ئايىنىڭ، دۇئا ئايىنىڭ ئون بەشىنچى كېچەسىدە ئەر ـ ئايالالار، قىز ـ ئوغۇللار تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىماي ئويغاق يۈرۈر، ناماز ئوقۇر، ياخشى ئەمەللەر بولسە قىلۇر. ئادىل پادشاھلار ھەققىدە دۇئا قىلۇر. قىز بالا سەھەرلەردە مەسچىتلەرغە كىرىپ، بەخت ـ تەلىيىنى خۇدايىتائالادىن تىلەر. قىزلار يىغلاپ ئېيتۇرلەر:

بەخت ئانا، بەخت ئانا، بەخت دەۋلەت بەر ماڭا،
بەخت دەۋلەت بەرمىسەڭ، سەبىر تاقەت بەر ماڭا.
بەخت ئانا، بەخت ئانا، بەخت دەۋلەت بەر ماڭا،
بەخت دەۋلەت بەرمىسەڭ، ياخشى ئىززەت بەر ماڭا.
بەخت ئانا، بەخت ئانا، بەخت دەۋلەت بەر ماڭا،
بەخت دەۋلەت بەرمىسەڭ ھەم سائادەت بەر ماڭا.

شۇبۇ يۇقىرىقى ئالتە مىسرا بېيىتنى ئوقۇپ يىغلار، بىر مۇنچە يامان ئوغۇللار، باللار قىزلارنى مەسخىرە قىلىپ ئېيتۇرلار:

بەخت ئانا، بەخت ئانا، بەخت دەۋلەت بەر ماڭا،
بەخت دەۋلەت بەرمىسەڭ، بوينى يوغان بەر ماڭا.

دەپ قىزلارنى مالامەت قىلىپ ئويناشۇر.

## رامىزان چىرلاسدۇر

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ياتقان بايلار،
خۇدانىڭ پەرمانىغە پاتقان بايلار.
رامىزان ئېيتىپ كەلدۇق ئىشىكىڭگە،
خۇدايىم ئوغۇل بەرسۇن بۆشۈكىڭگە.
رامىزان ئېيتقان بىلەن تويماسىمىز،
پەيغەمبەر سۈننەتىنى قويماسىمىز.
روزىنى ئون بەش تۇتۇپ كەلدۇق سىزگە،
روزىنىڭ زاكاتىنى بېرىڭ بىزگە.
روزىنىڭ ئۇنى كۈنى، قەدرى كۈنى،

بۇلتۇرقى مۇسۇلمانلار بۇ يىل قېنى.
كېپىنەك پىل - پىل قىلىپ سۇدىن ئۆتەر،
ئاغاچام بەرگەن ئۇنى توزۇپ كېتەر.
روزىدا ئۆلتۇرگەنىڭ بوز ئالا قوي،
گوشتىنى ئۆزۈڭ يېسەڭ، تۆشىنى قوي.
ئاسماندىن تۇشۇپ كەلگەن قىزىل پوتا،
خۇدايىم ئوغۇل بەرسۇن، خىزىر ئاتا.
ئۆيۈڭنىڭ ئارقاسىدا تايىنىڭ ئىزى،
كەشتە ياغلىق بېرىدۇر باينىڭ قىزى.
مەككىدە بىر ياغاچنىڭ باشى قارا،
خۇدايىم ئوغۇل بەرسۇن قاشى قارا.
دەرۋازەنىڭ باشىدىن ئاي كۆرۈنۇر،
بارچە ئۆيدىن شۇبۇ ئۆي باي كۆرۈنۇر.
ئاق توخۇ ئاپپاق توخۇ، ئوڭغاقمۇ سەن،
ئورنۇڭدىن قوپالماغان دوڭغاقمۇسەن.
هەر يەردە شۇنچە تۇرسام كەچ بولادۇر،
بەرگەنىڭ بەرمەگەنىڭ هېچ بولادۇر.
رامىزان ئېيتا - ئېيتا هېرىپدۇمەن،
ساقالىم چىقماي تۇرۇپ قېرىپدۇرمەن.
مومام قوپتى تاغاردىن ئۇن ئۇسقالى،
تاغار ئۆرۈلدى مومايىنى باسقالى.
رامىزان ئېيتىپ كەلدۇق بانى بىلەن،
چەرادە قاتتىق بېرىڭ نانى بىلەن.
هەسەن هۇسەيىننى پىچاقلادى،
ئالاي دەپ قارا ناننى قۇچاقلادى.①
بۇ روزا ئوتتۇز كۈن مېهماندۇر،
روزىنى تۇتماغانلار هايۋاندۇر.
روزا تۇت، ناماز ئۆتە، جانىڭ ئۈچۈن،
خەيرى قىل، زاكات بەر، مالىڭ ئۈچۈن.
ئىشىكىڭنىڭ باشىدا تەم - تۇم ئالا،
بىر تىيىنما بەرمەدى كۆڭلى قارا.
قى - قى قىق قىزىل خوراز، ئەركەك تىشى،
خوشمىغۇ جەۋر ئېتەدۇ مەزلۇم كىشى.
رامىزاننى چىرلامىش هەزرەت ئەلى،
ئۇلاردىن بىزگە قالىپدۇر ئەمەلى.
ئۆيۈڭنىڭ ئارقىسىدا غازنىڭ ئىزى،
سۇ دىسە شەربەت بېرۇر تازنىڭ قىزى.
رامىزان ئاللا شەهرى رامىزان،

① تېكىستتە بېرىلگەن ئىزاهتا «ئاللاھ دەپ قۇرئاننى قۇچاقلادى» دېگەن شەكلىمۇ بارلىقى يېزىلغان.

ئۇيغۇرچە كىتابلار تورى www.uyghurkitap.com



خۇش مۇبارەك بولسۇن بۇ رامىزان.
رامىزانغە ئاغاچام ئۇن بىرەدۇر،
سېخىيلىق قىلسە بېگىم تون بىرەدۇر.
رامىزان ئېيتىپ تۇرۇپ توڭدى قۇلاق،
پارچە ـ پارچە نان بىرۇر، ياغاچ قۇلاق.
ئىشىكنىڭ ئارقاسىدا توز تۇرادۇر،
ئۆيۈڭىزنىڭ تۆرىدە قىز تۇرادۇر.
قارا قاش قىز ماڭا بىر نان بىرەدۇر،
قارا كۆز قىزغە يىگىت جان بىرەدۇر.
رامىزاننىڭ ئوتتۇزى ئايغە باقۇر،
ئەيد ئاي كىرگەن كۈنى، زايغە باقۇر.
رامىزاننىڭ ئاخىرى بوش بولادۇر،
ئەيد كىرسە، قىز جۇۋان، خۇش بولادۇر.

بارات كۆتەرگەندە ئېيتقان بېيتلىرى، نورۇزلۇقنىڭ ئېشى، ئىككى ھېيتتا قەلەندەرلەر گۈلخان سالغانى، كۆزسىز، قولسىز، ئاياغسىــــز، گادايلار خەلقدىن بىــــر مېمەرسە تېلىمگەنى، سېخىيلارنىڭ تەئرىفىنى، بېخىللارنىڭ مەزە مەتتىنى ئېيتقانى.
بارات ئايىنىڭ ئون بەشىنچى كېچىسىدە ھەممە خەلق ئۇخلىماي ئىبادەت قىلۇرلار. ياغ قاپاقنى چەنزىنىڭ ئۇچىغە بېكىتىپ ئوت يېقىپ كۆتىرىپ تۇرۇپ ئېيتىدىغان بېيتلىرى:

بارات كەلدى تۇيدۇڭلارمۇ،
بىزگە چەلپەك قويدۇڭلارمۇ.
بارات ئايى ئۇلۇغ ئايدۇر،
ئۇيغاقلارغە جەننەت جايدۇر،
تۆبە قىلىڭ، خەيرى شەرغە،
مەلائىك يازغايكىم، دەپتەرغە.
بۇ كۈن پۈتكەن دەپتەرىڭنى،
مەلائىك سۆيگەي، خۇش ئاتىڭنى.
تۆبە قىلغىل بىر خۇداغە،
ئىلكىڭ تاپشۇر رەھنەماغە.
يانغىل بۇكۈن ئىسيانىڭدىن،
ھاجەت تىلە خۇدايىڭدىن.
جۈملە ھاجەت رەۋا بولغاي،

گەدا بولسە غەنا بولغاي.
بارچە غەملەر ئەدا بولغاي،
دەردلەرىڭغە داۋا بولغاي.
بارچە بايلار ئېھسان قىلغاي،
مۈشكۈللەرى ئاسان بولغاي.
پۇقرالار قىلىڭ تائەت،
تەڭرىم ئەتا قىلۇر دەۋلەت.
بۇ كۈن كېچە مۇبارەك تۈن،
ئۈتكەر شەبنى بىدار پۈتۈن.
بولغاي ساڭا ھەق رەھنەمۇن،
بەندەسىنى قىلماس زەبۇن.
يا رەب، ئەتا قىل جەننەتنى،
بىزدىن رەھاقىل مېھنەتنى.

بۇ بابتا كونا يىل ئاخىرلىشىپ، يېڭى يىل كىرگەن كۈننى نەۋرۇز دەرلەر. نەۋرۇز كۈنىدە يەتتە خىل يېمەكلىكنى جەمئى قىلۇر. مەسىلەن: سىرىغ سامساق، جىگدە، ئالما، قوينىڭ كاللىسى، سوكە، سەنبۇسە ۋە سەيەر (؟) لەرنى يەيدۇ. بۇلارنى كېچىچە قاينىتىپ، ئەتىسى شورپىسىنى ئىچىدۇ. مۇنى ھەفت سالام سۈيى دەپ ئاتايدۇ. مەكتەپتە موللىلار قانچە

بالا بولسا، شۇنچە قەغەزگە ھەر بىرىگە بىردىن نەۋرۇزلۇق بېيىت يېزىپ بالىلارغا بېرىدۇ. ھەرقايسى موللىلغا ئازراقتىن تىيىن پۇل بېرىپ بىر پارچە قەغەزدىكى بېيىتنى ئېلىپ ئوقۇپ، شادلىغ قىلىشىپ يۈرۈيدۇر. (كۆڭلىنى خوش قىلىشىپ يۈرىدۇ).

## نورۇزلۇق بېيىتلار

يىل باشى نەۋرۇز كۈنى، ئالەم گۈلىستان بولغۇسى،
ئاسماندىن يەر يۈزىگە ئابى رەھمەت ياغقۇسى.
ھەر ئوغۇل خىزمەت قىلىپ، ئۇستادىنى قىلسە رىزا،
ئىككە ئالەمدە بۇ فەرزەند، ھەق رىزاسىن تاپقۇسى.
نەۋرۇز كېلىباب، يەر يۈزىنى ئەيلىدى گۈلزار، پەرمانى خۇدادۇر،
رەھمەت سۇيىدىن يەر يۈزى بولغايكى سەمەنزار... بۇ سۇنئى ئاللادۇر.
خىزمەت قىلىبان موللا سىنى ئەيلىسە خوشنۇد...ھەم كېچە ۋە كۈندۈز،
ھەر ئىككى جەھاندا بۇ كىشى بولماغۇسى خار...تەڭرىدىن ئەتادۇر.

## نورۇزلۇق بېيىت

نەۋرۇز كەلدى جەھانغە،
بېرىپ ئايتقىل ئاتاڭغە.
ئاتاڭ بەرسۇن بىر تەڭگىنى،
بېرىپ بەرگىل موللاڭغە.
موللاڭ بەرسۇن قۇچناچقە،
قۇچناچ سالسۇن ساندۇققە.
كەلدى نەۋرۇز ئەيش بۇنياد ئەتكەلى،
بارچە ئادەم كۆڭلىنى شاد ئەتكەلى.
ھەر ئوغۇل موللاسىدىن ئالسا دۇئا،
كۆڭلىنى غەملەردىن ئازاد ئەتكەلى.

## ئىككى ئەيددا قەلەندەرلەر گۈلخان سالغانى

ئۇلۇغلار نامازغا بېرىپ، نامازنى ئوقۇپ ياندانا، قەلەندەرلەر بۇ بېيىتلارنى ئېيتىدۇ. ئۇلۇغلار قەلەندەرلەرگە ئون تەڭگە، يىگىرمە تەڭگە ئاقچا بېرىدۇ.

## بېيىتلار

قاچان بولغاي ۋىسالىڭ، جەمالىڭنى كۆرسەممەن،
مەنسۇر يەڭلىغ بولۇبان، داردا مەجلىس قۇرسامەن.

نەزەر تەگسە شۇل زەمان، ئاچىلۇر سەچەك مىڭ ئالۋان
فارە بولۇر تەندە جان، جانىدىن كەچىپ ئۆلسەممەن.
جانىدىن كەچمەي ئىش پۈتمەس، قەسىد قىلمايىن نەفەس ئولماس،
قۇرۇق دەئۋا سۇدا ئەتمەس، يالغان كۆڭۇل بەرسەممەن.
يالغان تىلنىڭ سانى يوق، ئىشقسىز تەننىڭ جانى يوق،
دەردسىزلەرگە داۋا يوق، تەبىبىمدىن سورىسامەن.
تەبىبىمسەن داۋا قىل، ھاجەتىمنى رەۋا قىل،
فەزلىڭ بىرلەن نەداقىل، يولسىز قەدەم قويسامەن،
قۇل سۇلايمان سۆزلەدى، تەرىقەتنى ئىزلەدى،
رازى ھەقنى ئىزدەدى، كەرەك دىيدار كۆرسەممەن.

## قارىغۇلار

توكۇرلار، چولاقلار يوللاردا خالايىقلاردىن بىرەر نەرسە تىلەپ ئېيتقانلىرى:

ھەق ياللا ئىنشائاللا، خۇدايى تائاللانىڭ يولىدا سىزلەردىن تىلەيدۇرمەن. خۇدايى تائالا سىزلەرنىڭ كۆزۈڭلارنى، قول - ئاياغىڭلارنى تازا - تەۋانا قىلىپدۇر. ئەي ياخشىلار، كۆزۈڭلارنىڭ پۈت - قولۇڭلارنىڭ شۈكرانىسى ئۈچۈن بىزلاردەك كۆزسىز، قولسىز، ئاياغسىزلارغە بىرەر نەرسە خەير - ساخاۋەت قىلساڭىزلار ئاللا تائاللا بىر پۇلۇڭلارنىڭ ئورنىغە ئون پۇل ئەتا قىلۇر. چۈنكى ئاللا تائالا سېخىيلارنى جەننەتى دەيدۇ. بېخىللارنى دەۋزىخى دەيدۇ. ئەي سېخىيلار، ساخاۋەت قىلىڭلار. سەدىقە بېرىڭلار.

ھەدىستە:

سەدىقە بىلەن كەلگەن بەلالار رەد بولۇپ، ئۆمرى ئۇزۇن بولۇر دەپتۇر. ئەي سېخىيلار سەخاۋەت قىلىڭلار...

ئەي ياخشىمۇسلەر بىزلەرگە مەرمەھەت قىلىڭلار، — دەپ تىلەيدۇ.



# چاغاتاي ئەدەبىياتى

## كۆپرۈلۈزادە مۇھەممەد فۇئاد

### تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى

چىڭگىزنىڭ ئوغلى چاغاتاي نامىغا بېرىلگەن بۇ ئىسىم، قەدىمكى ۋە يېڭى شەرق ھەم غەرب ئاپتورلىرى، تىلشۇناسلىرى تەرىپىدىن پەرقلىق مەنىلەردە قوللىنىلىپ، ئىپادىلىمەكچى بولغان مەزمۇنىنىڭ چېگرالىرى بېكىتىلمەستىن، ھازىرغىچە مۇجمەل ھالەتتە بولۇپ كەلمەكتە. ئەلىشىر نەۋائىي بىلەن ئۇنىڭ ئىزىدىن ماڭغان ئوتتۇرا ئاسىيا شائىرلىرى قوللانغان ئەدەبىي تىلغا ۋە بۇ تىل بىلەن يېزىلغان مەھسۇللارغا ئومۇمەن چاغاتاي ئەدەبىياتى دەپ نام بېرىلمەكتە. لېكىن بۇ تەبىرنىڭ دائىرىسىنى قايسى ئەسىرگىچە ئارقىغا سۈرۈش كېرەكلىكىنى، قايسى ساھەلەردە يېزىلغان ئەسەرلەرگە ھەم قايسى ۋاقىتقىچە بۇ نامنى بېرىشكە بولىدىغانلىقىنى بەلگىلەش ھەققىدە پىكىرلەر بىرخىل بولماستىن، ھەتتا ئەينى ئاپتورنىڭ بۇ تەبىرنى ئىزچىل ئەينى مەنىدە قوللانمىغانلىقىنى ئۇچرىتىمىز. بۇ قالايمىقانچىلىق تۈركولوگىيە تەتقىقاتىنىڭ ئارقىدا قالغانلىقىدىن، شۇنىڭدەك بۇ ھەقتىكى ئىزدىنىشلەرنىڭ ئىپتىدائىيلىقىدىن كېلىپ چىققانلىقى ئېنىق. بىز ئاز تۆۋەندە بۇ تارىخىي ۋە فىلولوگىك ئاتالمىنىڭ تارىخىنى بېرىپ، بۇنىڭ بىلەن ئىپادىلىمەكچى بولغان مەزمۇنىنىڭ دائىرىسىنى بېكىتىش خۇسۇسىدا كېيىنكى يىللاردا ئالغا سۈرۈلگەن قاراشلارنى تەنقىدىي سۈرەتتە ئىزاھلاپ ئۆتىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە پۈتۈن مۇتالىئە ۋە مۇنازىرىلەرنىڭ تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىلىشى ئۈچۈن، ئالدى بىلەن بۇ خۇسۇستىكى چۈشەنچىلىرىمىزنىڭ، كىچىك بىر خۇلاسىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇ مۇرەككەپ مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت تارىخىي جەھەتتىن بولغان ئەھمىيىتىنى ئاساسىي پرىنسىپلىرى بىلەن ئوتتۇرىغان قويۇپ ئۆتىمىز.

**چاغاتايچە:** چاغاتايچە دېگەن بۇ ئاتالمىنىڭ كەڭ مەنىسى «موڭغۇل ئىستىلاسىدىن كېيىن چىڭگىز ئوغۇللىرى تەرىپىدىن قۇرۇلغان چاغاتاي، ئىلخانىي ۋە ئالتۇن ئوردا خانلىقلىرىنىڭ مەدەنىيەت مەركەزلىرىدە XIII – XIV ئەسىرلەردە تەرەققىي قىلىپ، تۆمۈرىيلەر دەۋرىدە بولۇپمۇ XV ئەسىردە كلاسسىك بىر خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، مول بىر ئەدەبىيات ياراتقان ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي تىلىدۇر». XI – XII ئەسىرلەردە پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلىرىنىڭ ئەدەبىي (خاقانىيە) تىلىنىڭ، موڭغۇل ئىستىلاسىدىن كېيىن، تۈرلۈك رايونلاردا ھەرخىل يەرلىك دىئالېكتلار بىلەن بولۇپمۇ ئوغۇز – قىپچاق تىللىرىنىڭ ئارىلاشمىسىدىن مەيدانغا كەلگەن ۋە بۇ سەۋەب بىلەن نۇرغۇن پەرقلەر بىلەن

www.uyghurkitap.com



ئايرىلىدىغان بۇ ئەدەبىي تىل مەھسۇللىرىنى دەسلەپكى چاغاتاي دەۋرى ئەسەرلىرى دەپ ھېسابلايمىز. دەسلەپ تۈركىستان، خۇراسان، ئىران، خارەزمدە كېيىنچە ئالتۇن ئوردۇدا مەيدانغا كەلگەن بۇ تەرەققىيات XIV ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدا تۆمۈرىيلەر دەۋرىدە خۇراسان ۋە ماۋەرائۇننەھىرنىڭ ھېرات ۋە سەمەرقەندكە ئوخشاش مەدەنىي ۋە سىياسىي مەركەزلىرىدە كلاسسىك بىر ئەدەبىي تىل خاراكتېرىنى ئېلىشقا باشلىغانىدى، بۇ ئىككىنچى دەۋرگىمۇ كلاسسىك چاغاتاي دەۋرىنىڭ باشلانغۇچى دەپ نام بېرىمىز. XV ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا نەۋائى بىلەن باشلانغان دەۋر كلاسسىك چاغاتاي دەۋرى ھېسابلىنىدۇ. XVI ئەسىردە بابۇر ۋە ئوغۇللىرى زامانىدا ھىند سارايلىرىدىكى يۇكسەك ئارىستوكراتلار ئەدەبىياتى شەكلىدە داۋام قىلغان ۋە شەيبانىيلار دەۋرىدە تۈركىستاندا ۋايىغا يەتكەن چاغاتاي ئەدەبىياتى XVI ئەسىر كلاسسىك دەۋرىنىڭ داۋامى ھېسابلىنىدۇ. XVII ئەسىردىن XX ئەسىرگىچە مەدەنىيەت تىلى بولۇپ، نۇرغۇن ئەسەرلەر بەرگەن بولسىمۇ ئەمما ئۇلۇغ شەخسىيەتلەر يېتىشتۈرمىگەن چاغاتاي ئەدەبىياتى تۇرغۇنلۇق ۋە چېكىنىش دەۋرىگە كىرگەنىدى، بۇ ھالەت XX ئەسىردە ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي ئامىللارنىڭ تەسىرى بىلەن يېڭى ئۆزبېك ئەدەبىياتىنىڭ مەيدانغا چىقىشىغىچە داۋام قىلىدۇ. تارىخىي تاكامۇللىشىش باسقۇچلىرى ئاساسىي چېگرىلىرى بىلەن كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن بۇ ئەدەبىيات، موڭغۇل ئىستىلاسىدىن كېيىن شەكىللەنگەن ئۈچ چوڭ تۈركىي ئەدەبىي تىل (ئوسمانىيلار، ئازەرىي ۋە چاغاتاي) ئەدەبىياتلىرى ئارىسىدا، ئوسمانىيلار ئەدەبىياتىدىن قالسا ئەڭ ئەھمىيەتلىكى ۋە ئەڭ مولى چاغاتاي ئەدەبىياتى ئىدى. ئازەرىي ۋە ئوسمانىيلار رايونى سىرتىدىكى بارلىق تۈركىي خەلقلەر ئەللىرىدە، گەنسۇدىن ئىدىل بويلىرىغا، قىرىمغا، خۇراسان ۋە ھىندىستانغا قەدەر ئەسىرلەرچە ئومۇمىي بىر مەدەنىيەت تىلى بولۇپ قوللىنىلغان چاغاتايچە، بولۇپمۇ نەۋائىدىن كېيىن، ئازەرىي ۋە ئوسمانىيلار رايونلىرىدىمۇ يۇكسەك ئەدەبىي مۇھىتلاردا ئەھمىيەت ۋە قىممەت قازانغان. نەۋائىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇش ئۈچۈن، چاغاتايچىغا مەخسۇس گىراممatiكا ۋە لۇغەت كىتابلىرى تۈزۈلگەنىدى. ئوسمانلى شائىرلىرى ئارىسىدا تەنزىمات (سۇلتان ئابدۇلمەجىد زامانىدا يەنى 1839 ـ يىلى «گۈلخانە خەتتى ھۇمايۇنىي» ئىسمى بىلەن ئاتالغان بىر بۇيرۇق بىلەن ئېلان قىلىنغان رەھبەرلىكنى رەتكە سېلىش لايىھىسى) دەۋرىگىچە نەۋائىغا چاغاتايچە نەزىرە يازغانلار ئۈزۈلمىگەنىدى. ئازەرىي رايونىدا بولسا بۇ تەسىر تېخىمۇ كۈچلۈك ئىدى، دۆلەت مەكتۇپلىرىدا بەزىدە بۇ تىل (چاغاتاي تىلى) قوللىنىلغىنىدەك، ئەسەرلىرىنى چاغاتايچە يازغان ئاپتورلارمۇ ئۇچرايدۇ. XIV ـ XV ئەسىرلەردە مىسىر، سۈرىيە مەملۇكىيلەر ئىمپېراتورلۇقىدا، XVI ئەسىردە ھىند سارايلىرىدا، يەنى نوقۇل تۈركىي ئەللەر سىرتىدىمۇ ئەھمىيەت قازانغان چاغاتايچىنىڭ مەلۇم زامانلار موسكۋا چار پادىشاھلىرىنىڭ ۋە پولشا ھۆكۈمدارلىرىنىڭ تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان ئەللەرنىڭ خانلىرى بىلەن بولغان ئالاقىلىرىدا قوللانغانلىقىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرگىنىمىزدە، مەدەنىيەت تىلى ۋە رەسمىي تىل سۈپىتىدە ئەسىرلەرچە رول ئوينىغانلىقىنى تېخىمۇ ئوبدان چۈشەندۈرگەن بولىمىز.

چاغاتاي ئەدەبىياتى يەتتە ئەسىرگە يېقىن ئۇزۇن ھاياتىدا تۈرلۈك ۋايىغا يېتىش باسقۇچلىرىنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەندىن كېيىن خۇراسان، ئىدىل بويلىرى، قىرىم، تۈركىستان ۋە شىنجاڭغا ئوخشاش رايونلاردا ھەم بەزى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان قەبىلىلەر ئارىسىدىكى ئورنىنى ئاستا ـ ئاستا يەرلىك تىللار بىلەن شەكىللىنىشكە باشلىغان ئەدەبىياتلارغا تاشلاپ بەردى ۋە ھاكىمىيەت ساھەسى بارغانسېرى تارىيىپ ئاخىرىدا XX ئەسىردىكى يېڭىلەشمە (تەكرارلىنىش) ھەرىكەتلىرى نەتىجىسىدە، بۇ تارىخىي ئاتالما ئورنىغا ئۆزبېك ئىسمى قوللىنىلىشقا باشلاندى. شۆھرەت ۋە نۇفۇزى قەشقەردىن ھۇنگارىيە ئىچىدىكى شەھەرلەرگىچە بارلىق تۈركىي ئەللەرگە تارقىلىپ، نەۋائىدىن كېيىن تەكرار ئۇ دەرىجىدە يېرىك سەنئەتكار يېتىشتۈرەلمەي، XVII ئەسىردىن بېرى ئۈزلۈكسىز چېكىنىش بىلەن

بىرلىكتە بىر تەرەپتىن ئۆز ئورنىنى ئىگىلىگەن بىر تۈركۇم يەرلىك تىللار ئەدەبىياتلىرىنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن چوڭقۇر ئىز قالدۇردى. يەنە بىر تەرەپتىن XI – XII ئەسىرلەر خاقانىيە ئەدەبىياتىنىڭ بىۋاستە ۋارىسى بولۇشى، ئوسمانلى ۋە ئازەرى ئەدەبىياتلىرى بىلەن ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتلەردە بولۇشى جەھەتتىن بۇ ئەدەبىياتنىڭ ئىلمىي تەتقىقات تېمىسى بولۇشى، تۈركىي ئەدەبىياتنىڭ ئومۇمىي تارىخىدىكى يۈكسەك ئەھمىيىتىنى ئىزاھلاشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق ئىكەنلىكىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بىر ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بېرى شەرقتە ۋە بولۇپمۇ غەربتە بۇ ئەدەبىيات ھەققىدە بەزى تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلىپ، بەزى تېكىستلەر بېسىلغان بولسىمۇ كۆپرەك ئىپتىدائىي بىر ماھىيەتتە ياكى بەزى خۇسۇسىي مەسىلىلەرنىڭ ۋە ئايرىم شەخسىيەتلەرنىڭ تەتقىقى بىلەن چەكلىنىپ قالغان بۇ يازمىلار مول چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي تاكامۇلى ھەققىدە توغرا ۋە ساغلام پىكىر بېرەلمەيدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا 1931 – يىلى بارتولد تەرىپىدىن يېزىلغان كىچىك ماقالە بۇنى ئوچۇق كۆرسىتىپ تۇرىدۇ.

## چاغاتاي تىل ۋە ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي دەۋرلىرى

چاغاتاي تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ تاكامۇللىشىش تارىخىنى ئىزاھلاشقا كىرىشىشتىن بۇرۇن، چاغاتاي سۆزىنىڭ بۇرۇنقى ۋە يېڭى ئاپتورلار تەرىپىدىن قانداق مەنىلەردە قوللىنىلغانلىقىنى بېكىتىش، بۇ ھەقتىكى ئېنىقسىزلىقلارنى تۈگىتىش ۋە بەزى خاتا چۈشەنچىلەرگە يول قويماسلىق جەھەتتىن پايدىلىق بولۇپلا قالماي بەلكى زۆرۈر ئىدى. مۇشۇنداق قىلغاندىلا بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلارنىڭ تەنقىدىي بىر خۇلاسىسىنى ئىشلىگەن ھەم بىزنىڭ بۇ ئاتالمىغا بەرگەن مەنامىزنىڭ تارىخىي ۋە فىلولوگىك چۈشەنچىلەرگە قانچىلىك ئاساسلانغانلىقىنى قىسقىچە ئىزاھلىغان بولىمىز.

ئومۇمەن، چىڭگىزنىڭ ئوغلى چاغاتاينىڭ ئىسمىدىن ئېلىنغان بۇ سۆز مۇنۇ ئۇقۇملارنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. (1) چاغاتاينىڭ سىياسىي ھاكىمىيىتى ئاستىغا ئېلىنغان تۈركىي ۋە موڭغۇل قەبىلىلىرى بىرلەشمىسىگە يەنى موڭغۇلچە تەبىر بىلەن «چاغاتاي ئۇلۇسى (ئېلى) غا مەنسۇپ بولغانلار؛ (2) چاغاتاي ئۇلۇسىغا مەنسۇپ بولغان تۈركىي قەۋملەرنىڭ ۋە تۈركلىشىپ كەتكەن موڭغۇللارنىڭ سۆزلەشمە تىللىرى بولغان تۈركىي تىل؛ (3) چاغاتاي ۋە ئوغۇللىرىنىڭ ھەم كېيىنكى تۆمۈرىيلەرنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى مەملىكەتلەردە تەرەققىي قىلغان ۋە مەلۇم دەرىجىدە چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ سۆزلەشمە تىلىغا ئاساسلانغان ئەدەبىي تۈركىي تىلىغا ۋە تارىخىغا ئائىت ئەسەرلەر يازغان قەدىمكى شەرق ئاپتورلىرى چاغاتاي ئاتالمىسى بىلەن بۇ ئۇقۇملارنىڭ بىرىنى نەزەردە تۇتۇشاتتى. تۆمۈر دەۋرىدىن بېرى ھەتتا ئۇنىڭدىن بۇرۇن ماۋەرائۇننەھر ۋە خۇراسان تۈركىي خەلقلىرى ھەققىدە قوللىنىلغان بۇ ئاتالمىنىڭ XVI ئەسىر باشلىرىدا موڭغۇل ئاتالمىسىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ كەتكەنلىكىنى بابۇرنامەنىڭ خاتىرىلىرىدىن كۆرىمىز (ئىلمىنسكى نەشرى 255 – بەت؛ بېۋېرىدگې نەشرى 202 – بەت). كېيىنكى زامانلاردا سەمەرقەند ئۆزبېكلىرى ئارىسىدا ۋە ھىندىستاندا ھازىرمۇ چاغاتاي نامى بىلەن ئاتىلىۋاتقان قەبىلىلەر (ئارىستوۋ، زامېتكى ئوب ئېتنىك. سوست. تۇرېتسك. پلېمېن ...، پېتېربۇرگ. 1897 –، 317 –، 423 –، 425 – بەتلەر) بۇرۇنقى چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ خاتىرىسىنى ساقلاپ قالغان ئاخىرقى قالدۇقلار ھېسابلىنىدۇ.

چاغاتاي ئاتالغۇسىنىڭ «مۇئەييەن بىر تۈركىي ئەدەبىي تىل»نى ئىپادىلەش ئۈچۈن قوللىنىلغان دەۋرى خېلى كېيىن. XIV – XV ئەسىرلەردە بۇرۇنقى چاغاتاي ئىمپېراتورلۇقى ھۆكۈم سۈرگەن مەملىكەتلەردە ياكى ئەينى تىل بىلەن باشقا تۈركىي خەلقلەر مەملىكەتلىرىدە يېزىلغان تۈركىي تىلدىكى ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورلىرى، بۇ ئاتالغۇنى زادىلا قوللانماستىن

ئومۇمەن تۈركىي يەنى تۈركچە دېگەن ئاتالغۇنى قوللىنىشقانىدى. ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر ئەسەرلىرىنىمۇ ئومۇمەن دېگۈدەك بۇلارنىڭ تۈركىي تىل بىلەن يېزىلغانلىقىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرسەك، بۇنىڭ ماھىيىتىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنەلەيمىز. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى تۈركچە دېگەن ئاتالغۇ بىلەن مەھمۇد قەشقىرى قەتئىي ھالدا خاقانىيە تۈركچىسى دەپ ئاتىغان ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي تىلىنى دېمەكچى بولىدۇ. «قۇتادغۇبىلىگ» ۋە «ئەتەبەتۇلھەقايىق» قا ئوخشاش XI – XII ئەسىرلەردىكى ئەدەبىي مەھسۇللار بۇ تىل بىلەن يېزىلغان بولۇپ، ئاپتورلىرى ئۆز تىلىنى تۈركچە دەپ ئاتاشقان. شۇنىڭغا ئوخشاشلا دەسلەپكى ئوسمانلى يازغۇچىلىرىنىڭ ئۆز تىلىنى ئوغۇزچە دېمەي تۈركچە دېگەنلىكىنى كۆرىمىز. يەنە موڭغۇل ئىستىلاسىدىن كېيىن ماۋەرائۇننەھر، خارەزم، ئالتۇن ئوردا، خۇراسان ۋە غەربىي ئىراندا يېزىلغان تۈركچە ئەسەرلەردىمۇ شۇ خىل ئەنئەنىگە رىئايە قىلىنغان. چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ كلاسسىك شائىرى نەۋائىمۇ ئۆزى قوللانغان تىلنى چاغاتايچە دېمەستىن، دائىم تۈركچە دېگەنلىكىنى ئەستىن چىقارماسلىقىمىز كېرەك.

تۈرغۇن دىئالېكت ۋە شۋېلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان تۈركچە ئاتالغۇسىدىن باشقا، ئايرىم دىئالېكت ۋە شۋېلەرنى ئېتىنىك ياكى تارىخىي ماھىيەتتە خۇسۇسىيناملار بىلەن ناملاندۇرۇش تەشەببۇسى دەسلەپ ئىسلام ۋە تۈركىي فىلولوگلار تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى. تۈركىي تىللار دىئالېكتولوگىيىسىنىڭ قۇرغۇچىسى بولغان مەھمۇد قەشقىرىدىن كېيىن جالالىددىن خارەزمشاھ نامىغا، بىر قانقىلى لۇغىتى يازغان مۇھەممەد بىن قەيس ۋە باشقىلىرى بۇ يولدا مېڭىشتى، موڭغۇل ئىستىلاسىدىن كېيىن مىسىردا ۋە ئىراندا يېزىلغان تۈركىي لۇغەت ۋە گرامماتىكىلاردا ئاپتورلارنىڭ تۈرلۈك تۈركىي تىللارنى بىر بىرىدىن ئايرىش ئۈچۈن قىپچاق، تۈركمەن (ئەبۇ ھەييان ۋە باشقىلار)، تۈركىستانى ۋە تۈركمەن (ئىبن مۇھەننا) گە ئوخشاش ئاتالغۇلارنى قوللىنىپ، چاغاتاي ئاتالغۇسىنى زادىلا قوللىنىشمىغانىدى. نەۋائى ئەڭ مۇھىم فىلولوگىك ئەسىرى بولغان «مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەين» دە بۇ ئاتالغۇنى قوللىنىشتا ئادەتتە چىڭ تۇرغاندەك قىلىدۇ. پەقەت كېيىنكى ئەسىرلەردە يېتىشكەن تۈركىي پارس ئاپتورلىرى نەۋائى بىلەن ئىز باسارلىرىنىڭ تىلى ھەققىدە «تۈركچە، موڭغۇلچە، تاتارچە ۋە نەۋائى تىلى» غا ئوخشاش ئاتالغۇلاردىن باشقا «چاغاتاي تۈركچىسى» ياكى ئاددىيلا «چاغاتايچە» ئاتالغۇسىنىمۇ قوللىنىشقا باشلىدى. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى بۇ ناملار ئۆزلىرى تەرىپىدىن قويۇلغان بولماستىن، باشقىلار تەرىپىدىن قويۇلۇپ، كېيىن ئاستا – ئاستا ئۆزلىشىپ قالغان. بۇ ناملارنى دەسلەپ تىلشۇناسلار قويىدى دېيىش مۇمكىن. نەۋائىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ، چۈشىنىشنى تەلەپ قىلغۇچىلار ئۈچۈن XVI ئەسىردىن باشلاپ، ئوسمانلى ئىمپېراتورلۇقىدا ئىران ۋە ھىندىستاندا تۈزۈلگەن «چاغاتايچە – ئوسمانلىچە» ۋە «چاغاتايچە – پارسچە» بىر تۈركۈم لۇغەت ۋە گرامماتىكا كىتابلىرىدا، نەۋائى ۋە ئىز باسارلىرىنىڭ تىلى ھەققىدە ئومۇمەن يەنىلا چاغاتاي سۆپەتى قوللىنىلدى ۋە چاغاتايچە دەپ ئومۇمىيۈزلۈك تۈركمەن تىلىنى چۈشىنىشتى. بۇ ئاپتورلار تۈركچە دېيىلگەندە قەتئىي ھالدا چاغاتايچىنى بەزىدە ئۆزبېكچىنى نەزەردە تۇتۇشتى، شەيبانىيلاردىن كېيىن بۇنى تېخىمۇ شۇنداق دەپ قاراش كېرەك (بولۇپمۇ XVII – XIX ئەسىرلەر). بۇنىڭدىن باشقا تۇرانىي ياكى كاشغەرى (قەشقەرى) تىلى بىلەن رۇم تۈركلىرىنىڭ (ئوسمانىيلار) ۋە ئىران تۈركلىرىنىڭ (ئازەرىي) تىللىرى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتۈشكەنىدى، شۇنىڭدەك نوغاي ۋە تۈركمەن (خارەزم ۋە ئىران تۈركمەنلىرى) دىئالېكتىنىمۇ تىلغا ئېلىپ، بۇ تىللار ئارىسىدىكى فونېتىك ۋە مورفولوگىيىلىك سېلىشتۇرمىلارغىمۇ كىرىشكەنىدى.

بۇ تىلچىلار ئارىسىدا فىلولوگىيىلىك چۈشەنچە جەھەتتىن ئەڭ مۇھىمى «سانگلاخ» ناملىق چوڭ ھەجىملىك چاغاتاي لۇغىتىنىڭ ئاپتورى مىرزا مەھدىخان ئاسترابادىنىڭ

«مەبانىئەللۇغە» نامىلىق مۇھىم ئەسىرىمۇ بۇ جەھەتتىن ئىنتايىن قىممەتلىك ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. XVIII ئەسىرنىڭ بۇ قىممەتلىك تارىخچىسى ۋە فىلولوگى تۈركىي تىلنىڭ ئۈچ چوڭ ئەدەبىي تىلىنى ناھايىتى ياخشى بىلگەنلىكتىن، رۇم ۋە ئىران تۈركىي تىلىنىڭ سىرتىدا قالغان ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي ئەدەبىي تىلىغا خاسلا چاغاتاي نامىنى بەرگەنىدى («مەبانىئەللۇغە» د. روسس، كالكۇتتا نەشرى، 1910، بىبل. ھىند، ن س، نەشرى. 1225). ئەبۇلغازى باھادىرخان مەشھۇر «شەجەرەئى تۈركى» نامىلىق ئەسىرىدە «ھەممە كىشىنىڭ ئاسان چۈشىنىشى ئۈچۈن، چاغاتاي تۈركچىسىدىن، پارسچە ۋە ئەرەبچىدىن يات سۆزلەر ئالمىغانلىقى» نى سۆزلىگەن (دەمائىسون نەشرى، 37 ـ بەت؛ رىزانۇر تەرجىمىسى، 4 ـ بەت)، شۈبھىسىزكى نەۋائى ۋە ئىز باسارلىرى قوللانغان ئېغىز ۋە بېزەلگەن تىلنى دېمەكچى بولىدۇ. قەدىمكى ئوسمانلى ئاپتورلىرىمۇ چاغاتايچە دېگەن ئاتالمىنى بۇ مەنىدە قوللانغانىدى.

چاغاتاي ئاتالغۇسى، شەرقشۇناسلار ئارىسىدا، بولۇپمۇ ۋامبىرىنىڭ 1867 ـ يىلى چىققان Ca3ataische Sprachstudien (چاغاتاي تىلى تەتقىقاتى) نامىلىق ئەسىرىدىن كېيىن زور بىر قىزىقىش پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭ ئىزىدىن ماڭغان بىر تۈركۈم ھۇنگار ۋە نېمىس شەرقشۇناسلىرى (يوزىن تورى، مارتىن ھارتمان ۋە باشقىلار) تەرىپىدىن قوللىنىلىشقا باشلاندى. بۇلار بۇ ئاتالغۇ ئاستىدا XIV ئەسىردىن باشلاپ ئۆز زامانلىرىغىچە مەيدانغا كەلگەن پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي مەھسۇللىرى (ئەسەرلىرى) يېزىلغان تىلنى ياكى تىللارنى نەزەردە تۇتاتتى. XIX ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدىن بېرى كۇئاترېمېرې (Quatremere) دىن پاۋېت دې كۇرتېيللې (Pavet decourteille) گىچە بۇ تىلنىڭ مەھسۇللىرى (مۇشۇ تىل بىلەن يارىتىلغان ئەسەرلەر) بىلەن شۇغۇللانغان فرانسۇز شەرقشۇناسلىرى «شەرق تۈركچىسى» دېگەن ئاتالغۇنى قوللىنىپ كەلگەنىدى. ۋامبىرى ۋە ئىز باسارلىرى بولسا «شەرق تۈركچىسى» دېگەن ئاتالغۇغا مەنداش بولغان چاغاتاي ئاتالغۇسىنى قوللىنىش بىلەن XVII ـ XIX ئەسىرلەردىكى تۈركىي ۋە فارسىي فىلولوگلارنىڭ ئەنئەنىسىگە قايتىشتىن باشقا بىر نەرسە قىلىشالمىدى. تەنزىمات دەۋرىنىڭ ئەھمەد ۋەفىق پاشا، ئەلى سۇئاۋى، نامىق كەمال ۋە ئەھمەت مىدھەت ... لەرگە ئوخشاش ياۋروپا تۈركولوگىيىسىدىن خەۋەردار ئاپتورلىرىمۇ بۇ ئەنئەنىگە سادىق قېلىشقانىدى. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە نەۋائى ھەققىدىكى تەتقىقاتلىرى بىلەن تونۇلغان فرانسۇز شەرقشۇناسى بېلىن بىلەن بىللە نەۋائىنىڭ «مەھبۇبۇل قۇلۇب» نى باستۇرغان ۋەفىق پاشانى مەلۇم دەرىجىدە ئىستىسنا قىلغاندا (ھېسابقا ئالمىغاندا)، باشقىلىرىنىڭ چاغاتاي تىلى ۋە ئەدەبىياتى ھەققىدىكى مەلۇماتلىرى يوق دېگۈدەك دەرىجىدە ئىدى.. ھالبۇكى XV ـ XVIII ئەسىرلەردە ئوسمانلى پىكىر ۋە سەنئەت مۇھىتلىرىدا، چاغاتاي تىلى ۋە ئەدەبىياتى ھەققىدە تېخىمۇ كەڭ ۋە ساغلام مەلۇماتلارغا ئىگە ئاپتورلارمۇ بار ئىدى.

XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ۋە XX ئەسىر باشلىرىدا رۇس تۈركولوگلىرى، بولۇپمۇ رادلوۋ، كورش ۋە مېلىئورانسكىي شەرق تۈركچىسى بىلەن چاغاتايچە دېگەن ئاتالغۇلارنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىپ، كېيىنكى ئاتالغۇنىڭ مەنىسىنى تېخىمۇ تار ۋە ئايرىم ھالەتتە چۈشەندۈرۈشكە كىرىشكەنىدى. رادلوف ۋە كورشىنىڭ تۈركىي تىلىنى گۇرۇپپىلاش تەجرىبىسىدە شەرق تۈركچىسى ياكى شەرق تىللىرى (دىئالېكتلىرى) دەپ نام بەرگەن گۇرۇپپىسى، سامايلوۋىچنىڭ گۇرۇپپىلاش تەجرىبىسىدە شەرقىي جەنۇب تىللىرى (دىئالېكتلىرى) دەپ ئاتىغان گۇرۇپپىدىن ئىبارەت. چاغاتاي ئاتالمىسى ئۇلارنىڭ قارىشىچە، رادلوفنىڭ ئۇيغۇر نامىنى بەرگەن قاراخانىيلار تۈركچىسىدىن كېيىنكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي تىلى ئىدى. سامايلوۋىچنىڭ ھەقلىق ھالدا ئىشارەت قىلغىنىدەك، بۇ ئالىملارنىڭ ئالغا سۈرگەن بۇ چۈشەنچىلىرىنى پۈتۈنلەي توغرا دەپ قارىغىلى بولمايدۇ؛ چۈنكى ياكى جۇغراپىيىۋى رايون ۋە ياكى خرونولوگىيە جەھەتلىرىدىن بۇ ئەدەبىي تىلنىڭ مەنبەئى ۋە

www.uyghurkitap.com

چېگرالىرى مەسىلىسىنى ئېنىق بېكىتىشمىگەنىدى. شۇنداق بولسىمۇ رادلوفنىڭ بۇ جەھەتتىكى خىزمىتىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ. بابۇر، نەۋائى قوللانغان ئەدەبىي تىلنىڭ پەرغانىدە ئەنجان خەلقىنىڭ ئېغىز تىلىدىن باشقا بىر نەرسە ئەمەسلىكىنى ئالغا سۈرگەنىدى؛ رادلوف 1888 ـ يىلى چاغاتايچىنىڭ ھېچقانداق يەرلىك بىر تىل بىلەن مۇناسىۋىتى بولمىغان، قاراخانىيلار دەۋرىدىمۇ ئىسلام مەدەنىيىتى تەسىرى ئاستىدا تاكامۇللاشقان ئۇيغۇرچىنىڭ داۋامى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. موڭغۇل ئىستىلاسى دەۋرىدە ئۇيغۇرچىنىڭ ۋە ئۇيغۇر باخشىلىرىنىڭ دۆلەت تەشكىلاتىدىكى ئەھمىيىتى، ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ بۇ دەۋردە قايتىدىن جانلىنىپ، XVI ئەسىرگىچە ئوتتۇرا ئاسىيا، خۇراسان ۋە ئىراندا قوللىنىلىشى، كېيىن ئۇيغۇرچىغا خاس بىر تۈركۈم شەكىللەرنىڭ ئەدەبىي چاغاتاي تىلىدىمۇ كۆرۈنۈشى رادلوفنى مۇشۇنداق چۈشەنچىگە كەلتۈرۈپ قويغانىدى. تۈرلۈك جايلاردا ۋە تۈرلۈك زامانلاردا يېزىلغان چاغاتايچە ئەسەرلەر ئارىسىدا، فىلولوگىك جەھەتتىن بىر مۇنچە پەرقلەرنىڭ بولۇشىغا كەلسەك، رادلوف بۇنى شەرق تۈركىي خەلقلىرىنىڭ (مەسىلەن ئوسمانلى دۆلىتىدىكى ئىستانبول مەركەز تىلىغا ئوخشاش) بۈيۈك ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك بىر سىياسىي ھەم مەدەنىي مەركەزگە ئىگە بولمىغانلىقلىرىنى چۈشەندۈرىدۇ؛ ئۇنىڭ قارىشىچە، تۈرلۈك كىچىك مەركەزلەردە يېزىلغان ئەسەرلەردە يەرلىك تىللارنىڭ ئازدۇر كۆپتۇر تەسىر كۆرسىتىشى تەبىئىي ئىدى.

بۇ يىللاردىن كېيىن، ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرىنىڭ مەيدانغا چىقىرىلىپ، ئوقۇلۇشى، بىر تۈركۈم ئۇيغۇر ۋەسىقىلىرىنىڭ تېپىلىپ ھەل قىلىنىشى، بىر بۆلۈم چاغاتايچە ېكىستلىرىنىڭ نەشر قىلىنىشى، ئاخىرىدا ئىبىن مۇھەننا لۇغىتى ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى» غا ئوخشاش ئەسەرلەرنىڭ مەيدانغا چىقىشى تۈركولوگىيە ساھەسىدە يېڭى سەھىپىلەرنى ئاچتى. شۇنداق بولسىمۇ «چاغاتاي تىلى» ئاتالغۇسى ھەققىدىكى چۈشەنچە يەنىلا رادلوف سىزىپ بەرگەن دائىرىدىن چىقىپ كېتەلمىدى. سامايلوۋىچ 1919 ـ يىلى باستۇرغان تۈرك ئەدەبىياتى ھەققىدىكى ئومۇمىي ماقالىسىدا (Literatura vostok, peteresburg) توغرىلىق يەنە شۇ چۈشەنچىنى تەكرارلىغانىدى.

مەن 1919 ـ يىلى چىققان «تۈرك ئەدەبىياتىدا دەسلەپكى تەسەۋۋۇپچىلار» (163 ـ 165 ـ بەتلەر) دە چاغاتايچە دېگەن ئاتالغۇنى «چىڭگىز ئىستىلاسىدىن كېيىن، ئىسلام مەدەنىيىتى تەسىرى ئاستىدا شەكىللىنىپ ۋە تەكرارلانغان ئەدەبىي شەرق تۈركىي تىلى» دەپ تەرىپلەپ، XIV ئەسىردىن باشلاپ، پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي ئەسەرلەرنى، ئارىلىرىدىكى فىلولوگىك پەرقلەرگە قارىماي، بۇ تەبىر ئاستىغا توپلاش كېرەكلىكىنى ئالغا سۈرگەنىدىم. يەنە بۇ يەردە (196 ـ 198 ـ بەتلەر)، XIV ئەسىردە ئالتۇن ئوردا رايونىدا كلاسسىك بىر تۈركىي ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىنى ئالغا سۈرۈپ، بۇ ئەدەبىيات مەھسۇللىرىنىمۇ چاغاتايچىنىڭ ئىچىگە ئېلىنىش لازىملىقىنى قوغدىغان ئىدىم. بارتولد، 1926 ـ يىلى ئىستانبۇلدا قىلغان دوكلاتلىرىدا بۇ تېما ئۈستىدە توختىلىپ، چاغاتاي ئەدەبىي تىلىنىڭ موڭغۇل ئىستىلاسى نەتىجىسىدە شەكىللەنگەنلىكىنى، ئەمما تۈركىستانىنىڭ ئالتۇن ئوردىغا ئەمەس، ئەكسىچە ئالتۇن ئوردا ۋە خارەزم رايونلىرىنىڭ تۈركىستانغا تەسىر قىلىشى بىلەن بۇ ئەدەبىي تىلنىڭ ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكىنى (ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تارىخى ھەققىدە دەرسلەر، ئىستانبۇل، 1927 ـ يىل، 132 بەت). بۇ ھەقتە ھەر ئىككىمىزنىڭ ئاساسىي دەلىلىمىز خارەزمىنىڭ «مۇھەببەتنامە» ناملىق مەسنەۋىسى ئىدى. سامايلوۋىچ 1927 ـ يىلى چاغاتاي شائىرى ئاتايى ھەققىدىكى بىر ماقالىسىدا، ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي تىلىنىڭ ئوخشاشمىغان دەۋرلىرى ھەققىدە بەزى پىكىرلەرنى ئالغا سۈرگەن بولسىمۇ، ئىككىنچى يىلى چىققان «ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي تۈركچىسىنىڭ تارىخىغا دائىر» ناملىق باشقا بىر ماقالىسىدا (ئەلىشىر نەۋائى مەجمۇئەسى، رۇسچە، لېنىنگراد، 1628؛ ئابدۇلقادىر ئىنان، تۈركچە

تەرجىمىسى، ئەنقەرە تىل ۋە تارىخ - جۇغراپىيە فاكولتېتى يىللىق مەجمۇئەسى، I ، 73 - 95 - بەتلەر)، بۇرۇنقى قارىشىنى ئۆزگەرتىپ، يېڭى بىر نەزەرىيىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. 1928 - يىلى چىققان «تۈرك ئەدەبىياتى تارىخى» دا، چاغاتاي تىل ۋە ئەدەبىياتىنىڭ دەسلەپكى تاكامۇللىشىش دەۋرلىرى ھەققىدە ئۇزۇن ۋە ئەتراپلىق مەلۇمات بېرىپ، بۇرۇن ئالغا سۈرگەن ئاساسىي پىكىرلىرىم ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ، بەزى ئۆزگىرىشلەرنى كىرگۈزۈپ تاماملىدىم. مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات تارىخلىرىنىڭ ئومۇمىي دائىرىسى ئىچىدە گۈرۈپپىلاشقا تىرىشىپ، XIV ئەسىردە تۈركىستان، خۇراسان، خارەزم ۋە ئالتۇن ئوردىدا يېزىلغان بارلىق ئەسەرلەرنى چاغاتاي گۇرۇپپىسى ئىچىگە كىرگۈزۈش بىلەن بىرلىكتە، بۇلاردىن ھەر بىرىنىڭ بولۇپمۇ بەزى ئېنىق دىئالېكت پەرقلىرىنىڭ بارلىقىنى چۈشەندۈردۈم ۋە بۇنىڭ ماھىيىتىنى ھەم سەۋەبلىرىنى چۈشەندۈرۈشكە تىرىشتىم. سامايلوۋىچ، يۇقىرىدا نامى تىلغا ئېلىنغان ماقالىسىنى مېنىڭ كىتابىمنىڭ نەشرىدىن بۇرۇن يازغانلىقى ئۈچۈن مېنىڭ چاغاتايچە توغرىلىق چۈشەنچىلىرىمنى «دەسلەپكى تەسەۋۋۇرچىلار» دېگەن ماقالەمدىن ئالغانىدى.

سامايلوۋىچ بۇ ماقالىسىدا يالغۇزلا فىلولوگىك ئاساسلارغا باغلىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، چاغاتاي ئاتالغۇسىنى پەقەت XV ئەسىر ئەدەبىي تىلغا كىرگۈزمەكچى بولىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمان تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر دەۋرى ئۈچۈن، ئومۇمەن پەقەت بىرلا ئەدەبىي تىلنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلىپ، بۇ ئەدەبىي تىلنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى ئاساسەن ئۈچ دەۋرگە ئايرىش لازىم ئىكەن: (1) پائالىيەت مەركىزى قەشقەر بولغان قاراخانىيلار دەۋرى؛ (2) سەيھۇن (سىر) دەريانىڭ تۆۋەنكى قىرغاقلىرى ۋە خارەزم مەركەز بولغان ئوغۇز، قىپچاقلار ئارىسىدا ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلىش بىلەن باشلانغان ئوغۇز - قىپچاقلار دەۋرى؛ (3) تۆمۈر ئوغۇللىرىنىڭ مەملىكەتلىرىدە مەدەنىيەت ھاياتىنىڭ تەرەققىياتى نەتىجىسىدە، بۇرۇنقى چاغاتاي مەملىكەتلىرىدە باشلانغان ئەسلى چاغاتاي دەۋرى. كۆرۈنۈپ تۇرغىنىدەك، سامايلوۋىچ چاغاتاي ئاتالغۇسىنى يالغۇزلا بۇ دەۋرگە يەنى XV ئەسىردىن باشلاپ XX ئەسىردە ئۆزبېك نامىنى ئالغىنغا قەدەر بەش ئەسىر داۋام قىلغان دەۋرگە بەرمەكچى بولىدۇ.

بۇ ماقالىنىڭ بېشىدا بىز ئالغا سۈرگەن پىكىرلەر بىلەن سامايلوۋىچنىڭ بۇ چۈشەنچىلىرىنى سېلىشتۇرىدىغان بولساق چاغاتاي تەبىرىنى ئۇ بەك تار، بىز بولساق بەك كەڭ مەنىدە قوللانغانلىقىمىز ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. سامايلوۋىچ XI ئەسىر خاقانىيە تۈركچىسى بىلەن XV ئەسىر چاغاتايچىسىنى بىر بىرىگە باغلىغان ئىككىنچى دەۋر تىلىنىڭ XII - XIV ئەسىرلەردە سىر دەريانىڭ تۆۋەنكى ئېقىمى رايونلىرى بىلەن خارەزمدە ۋە XIII ئەسىردىن باشلاپ ئالتۇن ئوردىدا قوللىنىلغانلىقىنى سۆزلىگەن بولسىمۇ، موڭغۇل ئىستىلاسىنىڭ چاغاتاي تىلىنىڭ تەرەققىياتى ئۈستىدىكى تەسىرىگە نىمە سەۋەبتىندۇر ئەھمىيەت بەرمەي قالغان. ھالبۇكى رادلوفتىن بارتولدقىچە، بۇ ئىستىلانىڭ چاغاتاي تىلىنىڭ شەكىللىنىشى ئۈستىدىكى تەسىرى ئومۇمەن قوبۇل قىلىنغان، ھەتتا شۇ بۈيۈك ئامىلنىڭ ئوسمانلى ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا بەرگەن تەسىرى ۋە ئازەربىي تىلى ھەم ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشى جەھەتتىكى مۇھىم رولىنى مەن ئىزاھلاپ ئۆتكەنىدىم. بۇ ھەقتىكى پىكىرلىرىمىزنى قوبۇل قىلغان سامايلوۋىچنىڭ چاغاتاي تىلىنىڭ تەرەققىياتىدا موڭغۇل ئىستىلاسىنىڭ بىۋاستە رولىغا دىققەت قىلماسلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئىدى. بىز بۇ مەسىلىنى، تارىخىنىڭ يىرىك ئامىللىرىنى ئومۇمەن تۈركىي مەدەنىيەت تارىخىنىڭ تەرەققىياتىنى كۆز ئالدىمىزدا تۇتۇپ، تەتقىق قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن، XV ئەسىر چاغاتاي ئەدەبىياتىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن ۋە ئەدەبىي خاراكتېرلىرى جەھەتتىن ئۇنىڭدىن پۈتۈنلەي پەرقسىز بولغان. XIII بولۇپمۇ XIV ئەسىرلەر ئەدەبىي مەھسۇللىرىنىمۇ دەسلەپكى چاغاتاي

www.uyghurkitap.com

دەۋري ئەسەرلىرى دەپ نام بېرىشنى ئەۋزەل كۆردۇق ۋە XV ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يېرىمىنى كلاسسىك دەۋرنىڭ باشلانغۇچى، ئىككىنچى يېرىمىنى، يەنى نەۋائى دەۋرىنى كلاسسىك دەۋر دەپ ئايرىشنى زۆرۈر دەپ ھېسابلىدۇق. دەۋرلەرگە ئايرىشنىڭ ۋە نام بېرىشلەرنىڭ ئالاھىدە ئېتىبارى بولۇشى چوقۇم ئىدى. ئەمما يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەنلىرىمىز ئەقىل ۋە مەنتىقىغە ئۇيغۇن بولۇشى، تارىخنىڭ ئومۇمىي شەرتلىرىگە زىت كەلمەي، ئۆزىگە خاس مۇئەييەن خاراكتېرلەرگە ئىگە بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. يەنە فىلولوگىيىلىك خاراكتېرلەرگە سەل قارىماسلىق قانچىلىك زۆرۈر بولسا، تىپلىغۇچىنىڭ تارىخىي ۋە ئەدەبىي خاراكتېرلەرنىمۇ نەزەردە تۇتۇشى، كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشى، تىل ۋە ئەدەبىيات تارىخىنى دەۋرلەرگە ئايرىشتا بىرىنچى شەرت ھېسابلىنىدۇ. سامايلوۋىچ چاغاتاي ئاتالغۇسىنى يالغۇز XV ئەسىردىن بېرى يېزىلغان ئوتتۇرا ئاسىيا ئەسەرلىرىگە قارىتىش بىلەن ئادەتتە چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى ھەققىدە، نەۋائىنىڭ توغرا بولمىغان چۈشەنچىسىگە قوشۇلۇپ كېتىدۇ. چۈنكى نەۋائى ئۆزى ئەڭ زور بىر قۇدرەت بىلەن ۋەكىللىك قىلغان بۇ ئەدەبىياتنىڭ، پەقەت تۆمۈر ئوغۇللىرى زامانىسىدىلا، سەككاكى ۋە لۇتفىغا ئوخشاش شائىرلار بىلەن باشلانغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ («مۇھاكەمەتول لۇغەتەين» گە قاراڭ). ھالبۇكى نەۋائىي، ئەھمەد يەسسەۋىي، ئەدىب ئەھمەد («ئەتەبەتۇلھەقايىق») نىڭ ۋە بۇنىڭدىن باشقا بۇلارغا ئوخشاش بىر تۈركۈم قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا شائىرلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى شۈبھىسىز بىلەتتى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى، ھەرقانداق فىلولوگىيىلىك بىر چۈشەنچىگە ياكى تارىخىي، ئەدەبىي بىر مۇلاھىزىگە ئەمەس، تۈركىي ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات شەرىپىنى تۆمۈرىيلەرگە ۋە بولۇپمۇ سۇلتان ھۈسەيىن بايقاراغا بېرىش ئارزۇسىغا تايىناتتى.

سەل تۆۋەندە چاغاتاي تىل ۋە ئەدەبىيات تارىخىنىڭ تاكامۇلى ئۈستىدە توختالغىنىمىزدا، سامايلوۋىچنىڭ دەۋرلەرگە بۆلۈشتىكى ئاجىزلىق ۋە يېتەرسىزلىكلىرىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈش بىلەن بىرگە، ئۆزىمىز دەۋرلەرگە بۆلۈشتە تايانغان ئاساسلارنى تېخىمۇ ئەتراپلىق چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمىز. قولىغا چۈشكەن چەكلىك تىل ۋە ئەدەبىيات مەھسۇللىرى بىلەنلا ئالدىراپ ـ تېنەپ قىلىنغان، تولۇق بولمىغان سېلىشتۇرمىلارغا ئاساسلىنىپ، شۈبھىلىك ۋە چۈشىنىكسىز نەتىجىلەر ئۈستىدە كلاسسىفىكاتسىيىلەشكە ئوخشاش بىر مېتودولوگىيىلىك خاتالىق ئۆتكۈزگەن سامايلوۋىچنىڭ ئەكسىچە، بىز تېخىمۇ مول ماتېرىيالغا ئاساسلىنىپ، تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئېتنولوگىيىسىگە، مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات تارىخلىرىغا ئائىت بىر تۈركۈم تەتقىقاتلىرىمىزنىڭ نەتىجىلىرىدىن پايدىلىنىپ، چاغاتاي تىل ۋە ئەدەبىياتىنىڭ يىلتىز (مەنبە) لىرى ۋە تەرەققىياتى مەسىلىلىرىنى تۈركىي خەلقلەرنىڭ مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىيات تارىخىنىڭ ئومۇمىي دائىرىسى ئىچىدە ئىزاھلاشقا تىرىشىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە تەنقىد قىلغان بولساقمۇ، سامايلوۋىچنىڭ بۇ جەھەتتىكى مۇھىم خىزمىتىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىۋېتەلمەيمىز. ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى پىكىرلىرىدىن ئەڭ كۆپ پايدىلانغان بارتولدقا ئوخشاش بۈيۈك (مەشھۇر) تارىخچىنىڭمۇ قولىدىكى چەكلىك ماتېرىياللارنىڭ كۆرسەتكەن خاتا مەنزىرىسىگە ئالدىنىپ، چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ XIV ئەسىردىكى دەسلەپكى تەرەققىياتىنى «توغرىدىن توغرا خارەزىم ۋە ئالتۇن ئوردىدا ۋۇجۇتقا كەلگەن، كېيىنچە خۇراسان ۋە ماۋەرائۇننەھرگە تەسىر قىلغان» دېگەنگە ئوخشاش قاراشلارنى نەزەرگە ئالغاندا، سامايلوۋىچنى بۇ ھەقتە تېخىمۇ كۆپرەك ئۆزرىلىك دەپ قاراشقا توغرا كېلىدۇ. چاغاتاي ئەدەبىياتى ھەققىدىكى دەسلەپكى تەتقىقاتلىرىمىز نەشر قىلىنىپ، 30 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتتى؛ بۇ ۋاقىت ئىچىدە بۇنداق كەڭ تېما ئۈستىدە ئىشلەپ بارغان ئەمما نەشر قىلىش ئىمكانىيىتى ھازىرلىيالمىغان نۇرغۇن تەتقىقاتلىرىمىزنىڭ نەتىجىلىرىنى بۇ يەردە قىسقىچىلا بېرىمىز. ھازىرغىچە ئۈستىدە ناھايىتى ئاز تەتقىقات ئىشلەپ بېرىلگەن، يەتتە ئەسىرلىك باي بىر ئەدەبىياتنىڭ پۈتۈن مەسىلىلىرىنى قوشلارنىڭ قارىشىدەك بىر سخېما ئۈستىدە تەپسىلىي

كۆرستىپ بېرىشكە مۇمكىن بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. لېكىن بۇ ئۆزۈن تەرەققىياتنىڭ ئاساسلىرىنى ۋە ئومۇمىي خاراكتېرلىرىنى، مۇھىم تارىخىي سەۋەبلەر بىلەن بىرلىكتە كۆرستىپ بېرىشكە تىرىشىمىز.

# چاغاتاي تىل ۋە ئەدەبىياتىنىڭ تاكامۇللىشىش تارىخى

## 1. دەسلەپكى چاغاتاي دەۋرى

ئەسىرلەر XIII – XIV

مەنبەلەر مەسىلىسى: چاغاتايچە دەپ ئاتالغان ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي تۈركىي تىلىنىڭ مەنبەلىرىنى، موڭغۇل ئىستىلاسىدىن كېيىنكى ۋاقىتلاردىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدىغانلىقىنى ھەممە ئېتىراپ قىلغاندەك كۆرۈنىدۇ. بۇ تىلىنىڭ ھەرقانداق بىر مەدەنىيەت ياكى جۇغراپىيىۋى ساھەنىڭ ۋە ياكى ھەرقانداق چوڭ بىر قەبىلە ۋە قەبىلىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئېغىز تىلىغا ئاساسلىنىپ، XIII ئەسىردە ياكى ئېخىمۇ كېيىن مەيدانغا چىققان بولماستىن، بۇنىڭ دەسلەپكى شەكلىنىڭ موڭغۇل ئىستىلاسىدىن بۇرۇنقى ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي تۈركىي تىلىدىن ئېلىنغانلىقى رادلوف دەۋرىدىن بېرى مەلۇم ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن چاغاتاي ئەدەبىي تىلىنىڭ مەنبەلىرىنى ۋە XV ئەسىر باشلىرىدا خوراسان ۋە ماۋەرائۇننەھر مەركەزلىرىدە تەرەققىي قىلغانغا قەدەر بېسىپ ئۆتكەن تەرەپلىرىنى (باسقۇچلىرىنى) لايىقىدا بېكىتىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن مۇنۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرىشكە توغرا كېلىدۇ:

1. موڭغۇل ئىستىلاسىدىن بۇرۇنقى ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي تىلىنىڭ ماھىيىتى نېمە؟

2. موڭغۇل ئىستىلاسىدىن كېيىن، بۇ زور ھادىسىنىڭ ئېتنىك ۋە مەدەنىي جەھەتتىن تۈركىي مەملىكەتلەرنىڭ ئۆزگىرىشلىرىگە سەۋەب بولغان ئامىللار نېمىلەردىن ئىبارەت؟

3. قەدىمدىن بېرى داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ياكى بۇ ئىستىلادىن كېيىن مەيدانغا چىققان ئامىللار، XII ئەسىر ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي تىلىنى قانداق تاكامۇللاشتۇردى؟

4. پىكىر ۋە سەنئەت جەھەتتىن، قەدىمكى ئەدەبىي قاراشلاردا يەنى ئىدىئولوگىيىدە ۋە ئەدەبىي شەكىللەردە قانداق ئۆزگىرىشلەر بولدى؟

ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۇ مۇرەككەپ مەسىلىلەرنى كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، يەنى موڭغۇل ئىستىلاسىدىن بۇرۇن ۋە كېيىن، ئومۇمەن يېقىن ۋە ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي تارىخىي كاتېگورىيىسى ئىچىدە بولۇپمۇ بۇ ئەسىرلەردىكى ئىران ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات تارىخى بىلەن بولغان زىچ مۇناسىۋىتىنى كۆزىتىپ، باشقا چوڭ تۈركىي تىللىرى ۋە ئەدەبىياتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى كۆز ئالدىدا تۇتۇپ تەتقىق قىلىشتىن ئىبارەت. بولمىسا ھازىرغا قەدەر ئېلىپ بېرىلغاندەك، تەسادىپىي ھالدا قولغا چۈشكەن بىرقانچە چەكلىك تىل يادىكارلىقىنىڭ ئەڭ تار مەنىسى بىلەن فىلولوگىك تەھلىلى ئۈستىگە قۇرۇلغان پەرەزلەر، بۇ مەسىلىلەرنى ھەرگىزمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. بۇ مۇھىم مېتودولوگىك پرىنسىپنى مۇشۇ شەكىلدە بىر قېتىم ئىپادىلىگەندىن كېيىن، بۇ تۆت سوئالنىڭ جاۋابلىرىنى، ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئاساسلارغا مۇۋاپىق كەلگىدەك دەرىجىدە ئىشلەپ، قىسقىچە چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمەن.

موڭغۇل ئىستىلاسىدىن بۇرۇن ئوتتۇرا ئاسىيادا قاراخانىيلار دەۋرىدىن بېرى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان ئەدەبىي تۈركىي تىلىنىڭ ماھىيىتى مەسىلىسى، بولۇپمۇ «تۈركىي تىللار دىۋانى» نەشر قىلىنغان ۋە XI – XIII ئەسىرلەرگە ئائىت بەزى نادىر ئەسەرلەر ۋە تارىخىي ھۆججەتلەر مەيدانغا چىققاندىن كېيىن ئايدىڭلاشتى ھەم رادلوفنىڭ بۇ ھەقتىكى كونا

چۇشەنچىلىرى تۇزۇتىلدى. باشقا جەھەتلەردىكىگە ئوخشاش، دىئالېكتولوگىيە جەھەتتىنمۇ يېڭى ۋە مول ماتېرىياللار بەرگەن بۇ ئەسەر ئارقىلىق، قاراخانىيلار دەۋرىدە مەھمۇد قەشقىرىنىڭ خاقانىيە تۇركچىسى دەپ ئاتىغان ئەدەبىي تىلىنىڭ قەشقەر، بالاساغۇن ۋە ھەتتا سەمەرقەندتىمۇ ئومۇملاشقان تىل بولغانلىقىنى بولۇپمۇ شەرقىي قاراخانىيلاردا رەسمىي تىل بولۇپ، دۆلەت ئىشلىرىدىمۇ قوللىنىلغانلىقىنى بىلىمىز. تەكرىتاغلىرىنىڭ شەرقىدىكى رايونلاردا تېخىمۇ جانلىق بولغان قەدىمكى مەدەنىي ئەنئەنىلىرىنىڭ بۇ يەرلەردە ئىسلام مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى بىلەن بىرگە ياشىغانلىقى، ئىسلام ئىلىملىرىنىڭ، ئەرەب ۋە ئەجەم ئەدەبىياتلىرىنىڭ بۇ يەرلەردىكى مۇسۇلمان مەركەزلىرىدە كۆچلۈك تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بولۇپمۇ سەمەرقەند قاراخانىيلىرى رايونىدا ئەجەم تەسىرلىرى تېخىمۇ كۆچلۈك ئىدى. شەرق قاراخانىيلىرى بۇددىست قارا قىتانلار تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنىپ، سەمەرقەند خاقانلىرىمۇ ئوخشاش سىياسىي نوپۇز ئاستىغا چۈشۈپ قالغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر ئەنئەنىلىرىنىڭ بىر ئاز كۆچەيگەنلىكى تەخمىن قىلىنىدۇ. XI ئەسىردە قۇتادغۇبىلىگنى، XII ئەسىردە ئەتەبەتۇلھەقايىقنى ۋۇجۇتقا چىقارغان بۇ ئەدەبىي تىلنى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ، ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ كۆچلۈك تەسىرى ئاستىدا، قارلۇق ۋە ياغما قەبىلىلىرىگە ئوخشاش، قەبىلە دىئالېكتلىرىنىڭ تەسىرلىرى ئارىلاشقاندىن كېيىن بارلىققا كېلىپ، يېڭى بىر مۇكەممەللەشكەن ھالەت شەكىللەنگەن ئىدى دەپ قارايمىز.

**XII ئەسىردىكى تۈركىي تىل ۋە ئەدەبىيات:** موڭغۇل ئىستىلاسىنىڭ، مەدەنىيەت تارىخى ۋە ئېتنوگرافىيىسى جەھەتلەردىن، ئۆزگىرىشلەرگە سەۋەب بولغان ۋە بۇنىڭ خاقانىيە دىئالېكتىنىڭ ھەمدە ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىشىگە كۆرسەتكەن تەسىرلىرى ھەققىدە ئېنىق ھەم كېسىپ بىر نەرسە دېيىش ئەمدىلىكتە خېلى تەسكە توختايدۇ. ئەمما بۇ ھەقتە توختىلىشتىن بۇرۇن، پەقەت بۇ مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ئەمەس، تۈرك مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىيات تارىخىغا ئائىت بىر قاتار ئاساسىي مەسىلىلەرنى يورۇتۇش ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بىر تېما ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتمەكچىمىز. ئافغانىستان ۋە خوراسان رايونلىرى بىلەن خارەزمدە، يەنى غەزنەۋىلەر، گورلۇقلار، سەلچۇقىلار ۋە خارەزمشاھلار ھاكىم بولغان مەملىكەتلەردە تۈركىي تىل ۋە ئەدەبىياتنىڭ XII ئەسىردىكى ۋەزىيىتى مەسىلىسى. XI ئەسىر باشلىرىدىلا غەزنەۋىيلەر سارىيى شائىرلىرىدىن مىنۇچەھرىنىڭ تۈركىي ۋە ئوغۇز شېئىرلىرىنىڭ بولغانلىقى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتۈشى، سەلچوقىلار دەۋرى شائىرلىرىنىڭمۇ فارسچە، تۈركچە يېزىلغان خىلمۇ خىل شېئىرلارنى كۆرگەنلىكى، XII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا گورلۇقلار سارىيىدا ئۆتكەن فەخرىددىن مۇبارەكشاھنىڭ خاقانىيە تۈركچىسى بىلەن يېزىلغان شېئىرلارنى تىلغا ئېلىشى، ھەتتا بىر ئۆرنەكمۇ بەرگەنلىكى ئېتىبارغا ئېلىنسا، كلاسسىك تۈرك شېئىرىنىڭ XII ئەسىردە جەيھۇننىڭ پەقەت شەرقىدىلا ئەمەس، بەلكى غەربىدىكى تۈرك يۇرتلىرىدا ياشىغانلىقىمۇ ئاسانلا قوبۇل قىلىنىدۇ. XII ئەسىردە سەيھۇن بويلىرىدا ۋە خارەزمنىڭ شىمالىدىكى داللىلاردا قانقىل، قىپچاقلارنىڭ زىچ ئورۇنلاشقانلىقلىرىنى، XI ئەسىردىن بېرى ئەتراپىدىكى تۈركىي قەبىلىلەر ياشىغان خارەزم رايونىدا، بولۇپمۇ خارەزم شاھلارنىڭ كېيىنكى دەۋرىدە، بۇ قىپچاقلارنىڭ زور ئەسكىرىي ۋە سىياسىي نوپۇزغا ئىگە بولغانلىقلىرىنى، ئەھمەد يەسسەۋى ۋە ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ، پەقەت سەيھۇن (دەريا) بويلىرىدا ۋە شىمال داللىرىدا ئەمەس، خارەزمدە، خوراساننىڭ بەلكە ئوخشاش چوڭ مەركەزلىرىدە ھەتتا ئىدىل بولغارلىرى ئارىسىدا دىنىي سۇفىيانە ماھىيەتتە ۋە تۈركىي خەلقلەر شېئىرى ئەنئەنىلىرىگە ئۇيغۇن شەكىللەر ئاستىدا، كۈچلۈك بىر تەشۋىقات ئەدەبىياتى يارانقانلىقلىرىنى ئۇنۇتمايمىز. قانقىل، قىپچاق قەبىلىلىرىنىڭ XII ئەسىردە داۋام قىلغان ئىسلاملىشىش ھەرىكەتلىرىدە يەسسەۋىلىكنىڭ زور رولى بولغانلىقى ئېنىق. يەنە بۇ ئەسىردە، ماۋەرائۇننەھردە ۋە بولۇپمۇ خارەزمگە قوشنا رايونلاردا ئوغۇز، تۈركمەن قەۋملىرىمۇ

پاشايىتى. سۇلتان سەنجەرنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا دەھشەتلىك ئىسيان كۆتۈرگەن خۇراسان ئوغۇز قەبىلىلىرى، ئۇنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن پەقەت خۇراسانىلا ئەمەس، بەلكى ئافغانىستان ۋە ئىراننىڭ بەزى رايونلىرىنىمۇ قولىلىرىغا كىرگۈزۈۋالدى. بۇ ۋاقىتتا بەزى ئوغۇز بەگلىرى خۇراساننىڭ بەزى مەدەنىي مەركەزلىرىگە ئورۇنلىشىپ، بىرمۇنچە كىچىك بەگلىكلەرنى قۇرۇشقىمۇ ئۈلگۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن خارەزمشاھلار ئىمپىراتورلۇقىنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئېتىراپ قىلغان بۇ ئوغۇز رەئىسلىرىنىڭ سارايلىرىدا، XII ئەسىردە ئوغۇز دىئالېكتى بىلەن كلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىي قىلىشقا باشلىغانلىقى، ھەتتا موڭغۇل ئىستىلاسىدىن كېيىنكى XIII ئەسىردە خۇراساندا ئوغۇزچە شېئىرلار يازغان كلاسسىك شائىرلارنىڭ بار ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق. خاقانىيە دىئالېكتى ئەدەبىي مەھسۇللىرى (ئەسەرلىرى) بىلەن ئەجەم ئەدەبىياتىنىڭ بۇ جەھەتتە ئۈرنەك بولغانلىقى ھەققىدە شۇبھە يوق. بىراق بۇ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ پارلاق مەركىزى دەپ خارەزمنى قوبۇل قىلىش كېرەك. XI ۋە بولۇپمۇ XII ئەسىرلەردە قىسمەن تۈركمەنلەر، پەقەت تېخىمۇ كۆپ ھەرخىل قاڭقىل، قىپچاق ئۇنسۇر (ئامىل) لىرى تەرىپىدىن تۈركلەشتۈرۈلگەن خارەزم رايونىدا، خارەزمشاھلار ئىمپىراتورلۇقىنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئىلغار ھۆكۈمدارلارنىڭ يۈكسەك ھىمايىلىرى ئاستىدا، پەقەت ئىسلام ئىلىملىرىنىڭ ۋە ئەجەم ئەدەبىياتىنىڭلا ئەمەس، بەلكى تۈركىي تىل ۋە ئەدەبىياتىنىڭمۇ يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەنلىكىنى تەخمىن قىلىساق ھەرگىزمۇ خاتا بولمايدۇ. كۆپ قېتىم نوپۇزلۇق قىپچاق رەئىسلىرىنىڭ قىزلىرى بىلەن ئۆيلەنگەن خارەزمشاھلارنىڭ قەدىمكى تۈركچە ئىسىم ۋە ئۇنۋانلارغا ئەھمىيەت بېرىشلىرى، ئاخىرقى ھۆكۈمدار جالالىددىن نامىغا مەشھۇر ئەدەبىياتچى مۇھەممەدبىن قەيسىنىڭ قاڭقىل لۇغىتى يېزىشى بۇ جەھەتتىكى كۈچلۈك دەلىل ھېسابلىنىدۇ. ھەر ھالدا خاقانىيە تۈركچىسىنىڭ XII ئەسىردە غەربىي تۈركىستان، خۇراسان ۋە خارەزم ئوغۇز، بولۇپمۇ قىپچاق تىل ئامىللىرى بىلەن ئارىلاشقانلىقى ئېنىق. سەلچۇقلار ۋە خارەزمشاھلار زامانىسىدىكى بۇ گۈللىنىشنىڭ تەسىرى، XIII ئەسىردە ئوچۇق كۆرۈنىدۇ. XII ئەسىردە خۇراسان ۋە ماۋەرائۇننەھردە بولۇپمۇ بۇ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا خارەزمدە يېزىلغانلىقى ئېنىق بولغان ئەسەرلەرنىڭ، دەسلەپتە سەنجەرگە قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن ئوغۇز قەبىلىلىرىنىڭ خۇراسان مەركەزلىرىدە ئېلىپ بارغان بۇزغۇنچىلىقلىرى يۈزىسىدىن ۋە كېيىنچە موڭغۇل ئىستىلاسىنىڭ قان ۋە ئوت قويۇنلىرى سەۋەبىدىن يوقىلىپ كەتكەنلىكى ئېشەنچلىك بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ.

**موڭغۇل ئىستىلاسىنىڭ تەسىرلىرى:** چاغاتاي ئەدەبىي دىئالېكتىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلغان خاقانىيە تۈركچىسىنىڭ XII ئەسىردىكى ۋەزىيىتىنى ۋە خارەزمنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئۇلۇغ رولىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەندىن كېيىن، موڭغۇل ئىستىلاسىنىڭ بۇ گۈللىنىش ئۈستىدىكى تەسىرلىرىنى تەتقىق قىلىمىز. ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي مەدەنىيىتىنىڭ ماۋەرائۇننەھر، خۇراسان ۋە خارەزمدىكى چوڭ مەركەزلىرىنى دەسلەپكى ھۇجۇمدا خارابىزارلىققا ئايلاندۇرغان موڭغۇل ئىستىلاسىنىڭ، دەسلەپكى تالاش ـ تارتىش دەۋرىدە ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ بارلىق ئامىللىرىغا ئوخشاش، مۇسۇلمان تۈركىي ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغىمۇ ئېغىر زەربە بەرگەنلىكى ئېنىق. لېكىن بۇ دەسلەپكى ئوت ۋە قان قويۇنى (بوران ـ چاپقۇنى) ئۆتۈپ، ئىستىلاغا ئۇچرىغان يەرلەردە تەرتىپ ۋە باشقۇرۇش قايتا تۇرغۇزۇلغاندىن كېيىن، ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ۋەكىللىك تەسىرى ئاستىدا، سان جەھەتتىن ئاز بولغان ھاكىم موڭغۇل تۈركىي ئامىللىرىنىڭ ئاستا ـ ئاستا ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغانلىقىنى، موڭغۇللارنىڭ تۈركلەشكەنلىكىنى، قەدىمكى مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بەزىلىرىنىڭ يېڭىدىن باش كۆتۈرۈپ، پارلاق تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەنلىكىنى كۆرىمىز. مەسىلەن، خارەزم، شەرقىي ياۋروپا بىلەن غەربىي ئاسىيا ۋە يىراق شەرق ئوتتۇرىسىدىكى

كارۋان يوللىرى ئۈستىدىكى مۇھىم مەركەز بولغانلىقى ئۈچۈن، قەدىمكى ئۆرگەنچ خارابىلىرى يېنىدا قۇرۇلغان يېڭى ئۆرگەنچ شەھىرى، بىر ئەسىر ئىچىدە قايتىدىن مەدەنىي ۋە ئىقتىسادىي مەركەز ھالىغا كەلگەندى؛ مەدەنىيەت ۋە ئىقتىساد جەھەتلەردىن خارەزمگە مۇناسىۋەتلىك بولغان تۆۋەن سەيھۇن شەھەرلىرىمۇ قەدىمكى ھالەتلىرىنى قوغداپ قالغانىدى ۋە تېخى XIII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا بۇ يەرلەردە پىكىر ۋە سەنئەت ھەرىكەتلىرى (پائالىيەتلىرى) قايتا كۆزگە چېلىققانىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە تۇرلۇك موڭغۇل دۆلەتلىرىدە ئىسلاملىشىش ھادىسىسىنىڭ ئازدۇر - كۆپتۇر كىرىزىسلارغا، ئىچكى توقۇنۇشلارغا، بەزەن خېلى ئېغىر قانلىق كۆرەشلەرگە سەۋەب بولغانلىقى كۆرۈلىدۇ. بولۇپمۇ بۈيۈك خاقاننىڭ ئائىلە ئۈستىدىكى نوپۇزى تەۋرىنىپ، موڭغۇل خانلىرى ئارىسىدا رىقابەتلەر ۋە تالاش - تارتىشلار باشلانغانلىقتىن ۋە بۈيۈك چىڭگىز ئىمپېراتورلۇقى خېلى كىچىك ۋە بىر - بىرىگە رەقىب دۆلەتلەرگە بۆلۈنگەندىن كېيىن، يەرلىك ئامىللارنىڭ تەدرىجىي خېلى مۇھىم بىر ھالەتكە ئېرىشكەنلىكلىرى كۆزگە چېلىقىدۇ. بۇ ۋەزىيەت ئىسلام دىنىنىڭ ۋە مەدەنىيىتىنىڭ باشقا دىن ۋە مەدەنىيەتلەر ئۈستىدىن غالىپ كېلىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغانىدى ھەمدە بۇنىڭ نەتىجىسىدە، تۈرك ئەدەبىياتى، ئىدىئولوگىيە جەھەتتىن، قىسقا ۋاقىتتىن كېيىن XII ئەسىردىكى گۈللىنىش يولىغا قاراپ قايتىدىن ماڭغانىدى.

XIV ئەسىرنىڭ باشلىرىدا موڭغۇل خانلىرىنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا بولغان ئىسلام دۇنياسىدىكى باشقا مەدەنىي تىللارنىڭ ۋەزىيىتىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئەرەبچىنىڭ ھېسابىغا پارسچىنىڭ، پارسچىنىڭ ھېسابىغا تۈركچىنىڭ نوپۇزغا ئىگە بولغانلىقىنى كۆرىمىز. پەقەت ئەدەبىي تىل سۈپىتىدىلا ئەمەس، ئېغىز تىلى سۈپىتىدىمۇ تۈركچىنىڭ جۇغراپىيىۋى ئورنى كېڭەيدى، ئەسكىرى موڭغۇل ھۆكۈمرانلار سىنىپى، ھۆكۈمدار ئائىلىلىرى باشلامچى بولۇپ، تۈركچە تىلنى قوللىنىشقا باشلىدى. لېكىن موڭغۇل ئىستىلاسىنىڭ تىل جەھەتتىكى ئەڭ مۇھىم نەتىجىسى يېڭىدىن كۆچۈشلەر (ئاھالىنىڭ) ۋە ئارىلىشىپ ئولتۇرۇشلار سەۋەبلىك يېقىن شەرقنىڭ XII ئەسىردىكى ئېتنىك ئەھۋالىدا بىر مۇنچە ئوخشىماسلىقلار كېلىپ چىقتى. موڭغۇلىستاندىن ۋە قارا قىتانلارغا تەۋە ئۆلكىلەردىن (رايونلاردىن) بىرمۇنچە تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ غەربكە، ئىسلام مەملىكەتلىرىگە كېلىشى، ماۋەرائۇننەھر، خۇراسان ۋە خارەزمدىكى بىرمۇنچە ئوغۇز ۋە قىپچاق قەبىلىلىرىنىڭ بىر قىسمىنىڭ غەربكە، بىر قىسمىنىڭ جەنۇبقا ۋە بىر قىسمىنىڭ غەربىي شىمالغا قاراپ چېكىنىشلىرى ئاناتولى، ئەزەربەيجان ۋە ئەرران (ئىران؟) رايونلىرىدا تۈركىي خەلقلەرنىڭ كۆپىيىشى، ئىران، ئافغانىستان ۋە ئاناتولىغا كەلگەن بەزى ئاجىز موڭغۇللارنىڭ تۈركلەشكىنىدەك بولدى. دەسلەپكى ئىستىلانىڭ ناھايىتى زور زىيانلارنى ئېلىپ كەلگەنلىكىگە قارىماي، كۆچمەن تۈركىي قەۋملەرنىڭ ئاجىزلىشىپ كەتمىگەنلىكى ۋە يېڭى كەلگەن تۈركىي قەبىلىلەر (توپلار) بىلەن موڭغۇللارنىڭ تۈركلىشىپ كېتىشى نەتىجىسىدە، ئەمەلىيەتتە كۈچەيگەنلىكى سۆزلىنىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە شەھەرلەردىكى تۈركىي ۋە فارس خەلقلەرنىڭ چوڭ زىيانغا ئۇچرىغانلىقى تەبىئىي. بۇ خىل ئېتنىك ئۆزگىرىشلەرنىڭ تىل جەھەتتىن فارسچىغا تەسىر قىلغىنىدەك، تۈركچىگىمۇ بىر مۇنچە موڭغۇل ئامىللىرىنىڭ كىرىشى، تۇرلۇك دىئالېكتلار ئارىسىدا ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇشلارغا ئورۇن بېرىشى، قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي ئامىللىرىنىڭ قايتا جانلىنىشى ۋە ئاخىرى بۇلاردىن خېلى مۇھىم بولغان، ئازەرى ئەدەبىيات دىئالېكتىنىڭ مەيدانغا چىقىشى ۋە XII ئەسىر خاقانىيە تۈركچىسىنىڭ XV ئەسىر كلاسسىك چاغاتايچىسىغا قاراپ دەسلەپكى قەدەملىرىنى بېسىشقا باشلىغانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىقىنىڭ خېلى دەسلەپكى دەۋرلىرىدىن باشلاپلا بۇددىست ئۇيغۇر

باخشىلىرىنى ۋە شىنجاڭلىق مۇسۇلمان تۈركلەرنى دۆلەت ئىشلىرىدا كاتىپ قىلىپ ئىشلىتىشى، قوللانمىلارنى (ھۆججەتلەرنى) ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ موڭغۇلچە ۋە تۈركچە رەسمىي يېزىقلاردا يېزىلىشى، موڭغۇل ئوردا ئىشلىرىدا ئىمپىراتورلۇق ئىچىدە ياشىغان بارلىق تىللارنىڭ ۋە بولۇپمۇ تۈركچىنىڭ رەسمىي تىل ھەتتا پېللىئوتنىڭ پىكرى بويىچە ئېيتقاندا ئىمپىراتورلۇقنىڭ باشقا ئۇنسۇرلىرى (ئامىللىرى) ئارىسىدا باشقىچە رەسمىي تىل بولۇپ قوبۇل قىلىنىشى، XII ئەسىر ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي تىلىنىڭ ۋە ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ غەربىي ئىران ۋە ئىراق رايونلىرىغا قەدەر تارقىلىشىغا سەۋەب بولغان، بۇ تەسىر پەقەت XIV ئەسىر بىلەن XV ئەسىردە تىمۇرلۇقلار زامانىدىلا ئەمەس، قاراقويلۇقلار، ئاق قويلۇقلار ۋە سەفەۋىيلەرگە ئوخشاش تۈركمەن سۇلالىلىرىنىڭ ئوردا ھۆججەتلىرىدە بولۇپمۇ ھۆكۈمدار يارلىقلىرىدىمۇ ئۆزىنى كۆرسەتكەنىدى. XV ئەسىردە ئوسمانىيلار ئوردىسىدا ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنى (يېزىقىنى) بىلگەن كاتىپلارغا ئۇچراپ قېلىشى، فاتىھ مۇھەممەدنىڭ ئۇزۇن ھەسەنگە غەلىبىسىنى شەرق مەملىكەتلىرىگە بىلدۈرۈش ئۈچۈن يوللىغان مەكتۇبىدا چاغاتاي تىلى ۋە ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللانغانلىقىمۇ، بۇ تەسىرنىڭ داۋامىغا نىسبەتەن بىر دەلىل ھېسابلىنىدۇ.

**تەرەققىي قىلغان دەسلەپكى مەركەزلەر:** ئەمدى بارلىق مۇلاھىزىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي تۈرك تىلىنىڭ XIII - XIV ئەسىرلەر ئارىلىقىدا قەيەردە ۋە قاچان تەرەققىياتقا ئېرىشكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ كۆرەيلى. يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزگە ئوخشاش ئالدى بىلەن بارتولد، كېيىنچە سامايلوۋىچ چاغاتاي ئەدەبىياتىنى قاراخانىيلار دەۋرى ئەدەبىياتىغا باغلىماقچى بولغان ۋە بۇنى «شەرقتىن غەربكە قاراپ كېڭەيگەن» شەكىلدە ئىزاھلىغان رادلوفنىڭ نەزەرىيىسىنى تەنقىد قىلىپ، بۇ ئەدەبىي تەرەققىياتنىڭ دەسلەپتە چارەك ئەسىر شۇنىڭغا ئوخشاش سىياسىي ھاكىمىيەت ئاستىدا ياشىغان خارەزم، سەيھۇننىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى رايونلار ۋە ئالتۇن ئوردا مەركەزلىرىدە ۋۇجۇتقا كەلگەنلىكىنى ھەم چاغاتاي دۆلىتى مەملىكەتلىرىگە كېيىن تەسىر قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈپ، بۇ دەۋرگە ئوغۇز قىپچاق نامىنى بەرگەنىدى. ئۇلارنىڭ بۇنداق دېيىشىگە سەۋەب بولغان ئامىللار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت. سەيھۇننىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدىكى بارچەكەند شەھىرىدە ياشىغان شەيخ ھىسامىدىن ھامىدنىڭ تۈركچە شېئىرلىرى ۋە باشقىلارنىڭ تۈركچە ئەسەرلىرى بولغانلىقى ھەققىدە 672 - يىلى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەن «مۇلھافاتۇس - سۇراھ» مۇئەللىپىنىڭ ئېيادىسى، 1341 - يىلى ئالتۇن ئوردىدا، قۇتب ئىسىملىك بىر شائىر تەرىپىدىن تۈركچە «خۇسراۋ ۋە شىرىن» مەسنەۋىسىنىڭ يېزىلغانلىقى، 754 (1353) - يىلى خارەزمى تەخەللۇسلۇق بىر شائىرنىڭ يەنە ئالتۇن ئوردىدا يازغان «مۇھەببەتنامە» ناملىق تۈركچە بىر مەسنەۋىسىنىڭ بولغانلىقى. بۇ ئەسەرلەر ئۈستىدە تىل جەھەتتىن قىسمەن بەزى تەتقىقاتلار ئېلىپ بارغان ۋە بۇلار بىلەن XII - XV ئەسىر ئوتتۇرا ئاسىيا ئەسەرلىرى ئوتتۇرىسىدا سېلىشتۇرۇش ئېلىپ بارغان سامايلوۋىچ، «خۇسراۋ ۋە شىرىن» ناملىق ئەسەردە خاقانىيە دىئالېكتى ئامىللىرىنىڭ مۇھەببەتنامىدىكىدىن خېلى ئاز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ؛ XIII ئەسىر باشلىرىدا (630) ئەلى ئىسىملىك بىرسى تەرىپىدىن يېزىلغان «يۇسۇف ۋە زۇلەيخا» ناملىق نەزمىلىك شېئىر بىلەن رابغۇزىنىڭ XIV ئەسىر باشلىرىدا يېزىلغان «قىسسەسۇل ئەنبىيا» ناملىق كىتابىنىڭ دىئالېكت جەھەتتىن قۇتبىنىڭ ۋە خارەزمىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىرىنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىشكە تىرىشتى. بۇ ئەسەرگە ئوغۇز قىپچاق ئامىللىرىنىڭ ئارىلاشقانلىقلىرى ۋە ئومۇمەن خارەزم ۋە ئالتۇن ئوردىدا يېزىلغانلىقلىرى، ئۇلارنى بۇ جەھەتتە ھەقلىقتەك كۆرسىتىدۇ.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# چاغاتاي تىلىدا يېزىلغان نەزمىي ئەسەرلەردىكى جۈملە تەركىبلىرىنىڭ تۈرى

## ئايىسىما مىرسۇلتان

تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئالغاندا، نەسرىي ئەسەرلەرنىڭ تىلىمۇ، نەزمىي ئەسەرلەرنىڭ تىلىمۇ شۇ مىللىي تىلنى قوللىنىدىغان مىللەتنىڭ مىللىي تىلى ھېسابلىنىدۇ. ئەدەبىياتنىڭ نەسرىي ۋە نەزمىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى خىل ژانىرى بولسا، ئىنسانلارنىڭ ئالاقە شارائىتىدىكى ئىككى خىل ئېھتىياج ئارقىسىدا كېلىپ چىققان. يەنى، بۇنىڭ ئالدىنقىسى پەقەت ئاددىي رەۋىشتە بىلدۈرۈش، خەۋەرلەندۈرۈش، ئۇچۇر بېرىشنى مەقسەت قىلغان بولسا، كېيىنكى شەكىلدە سۆزلىگۈچىنىڭ ئېيتماقچى بولغان مەقسەت ـ مۇددىئالىرىنى كىشىلەرگە تۇلارنى ھاياجانلاندۇرۇش، تەسىرلەندۈرۈش ئۇلارنىڭ ئىنچىكە قەلب تارىلىرىنى چېكىش يولى بىلەن يەتكۈزۈش مەقسەت قىلىنىدۇ.

توغرا، نەسرىي ئەسەرلەردە، ئالايلى بەدىئىي ئەسەرلەرنىڭمۇ كىشىلەرنى ھاياجانلاندۇرىدىغان، تەسىرلەندۈرىدىغان رولى بار. لېكىن قانداق بولمىسۇن بۇ ئىككى خىل شەكىلنىڭ كىشىلەردە پەيدا قىلىدىغان قوزغىتىش رولىنى ئوخشاش دەرىجىدە دەپ ھېسابلىغىلى بولمايدۇ.

نەق مۇشۇ سەۋەب تۈپەيلىدىن نەزمىي ئەسەرلەر نەسرىي ئەسەرلەرگە نىسبەتەن شەكلى جەھەتتىن ئىخچام، تىلنىڭ قوللىنىلىشى جەھەتتىن جۇشقۇن، تەسىرچان بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئىخچام بولۇش ئۇنىڭ مەلۇم ئۆلچەمدە يېزىلىشىنى، مەلۇم ۋەزىندە يېزىلىشىنى، تۇراقلارنىڭ مۇۋاپىق بولۇشىنى، رېتىمدارلىققا ئىگە بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. مىسال ئۈچۈن ئالساق، ئالاقە شارائىتىدا بىز بايان قىلماقچى بولغان ئوبيېكت جۈملىدە ئىگە، مەلۇم ئوبيېكت توغرىسىدا بەرگەن بايانىمىز خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ. شۇڭا، يېزىق تىلىمىزدا جۈملىنىڭ ئەڭ ئاساسىي بۆلەكلىرى ئىگە بىلەن خەۋەر دېيىلىدۇ. ھەرقانداق بىر جۈملىدە بۇ ئىككى مۇھىم تەركىب بولماي مۇمكىن ئەمەس. لېكىن بىز نەزمىي ئەسەرلەردە، مەسىلەن، ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدا يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىخچام بولۇش تەلىپىدىن ئىگە ۋە خەۋەر تەركىبلىرىنىڭ چۈشۈرۈپ قالدۇرۇلغانلىقىنى كۆرىمىز. مەسىلەن:

بۇگۈن ئالتە، تاڭلا يەتتە،
مېھرىبان يار كەتكىلى.
ئۆيگە كىرسەم ئۆيدە يوق.
تالاغا چىقسام شامىلى.

بۇ قوشاقنىڭ بىرىنچى مىسراسىدا «بۈگۈن ئالتە كۈن بولدى، ئەرتە يەتتە كۈن بولىدۇ» دېگەن مەزمۇن ئىپادىلىنىدۇ. لېكىن «كۈن بولدى، كۈن بولىدۇ» دېگەن خەۋەر تەركىبلەر ئىخچاملاشتۇرۇلغان، شۇنىڭدەك،

تاشلاشقان، تاشلاشمىغان،
تاشلىشىپ چىداشمىغان.
ئالتە ئاي بىللە تورۇپ،
قانغۇدەك مۇڭداشمىغان.

دېگەن قوشاقتا جۈملىنىڭ ئىگىسى بولىدىغان «كىم» دېگەن سوئالغا جاۋاب بولىدىغان سۆز ئىپادىلەنمىگەن. لېكىن بۇ قوشاقتىكى ئىگىنىڭ قوشاقتىكى «تاشلاشقان، تاشلاشمىغان، مۇڭداشمىغان» قاتارلىق ئۆملۈك دەرىجىدە كەلگەن پېئىللاردىن «بىز» ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

چاغاتاي ئەدەبىياتى نەزمىي ئەسەرلىرىدىن مىسال ئالساق:

ئەي ساقىا خۇنرىز مۇژگانۇ بەلا ئەنگىز كۆز،
بىزگە مۇژگانىڭ سىنانى زەخمىدىن خۇنرىز كۆز.
(نەۋايى)

بۇ بېيىتنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى مىسراسىدا خەۋەر ئۈچۈن ئالاھىدە كەلتۈرۈلگەن سۆز يوق. لېكىن ئىنچىكىلەپ كۆزەتسەك، بىرىنچى مىسرا «ساقىا قان تۆكىدىغان كىرپىكلەر بىلەن، بالا قوزغايدىغان كۆز نېسىپ بوپتۇ (ياكى پۈتۈلۈپتۇ)، ئىككىنچى مىسرا «بىزگە كىرپىكلىرىڭنىڭ نەيزىسى زەخمىدىن قان تۆكىدىغان (قان يىغلايدىغان) كۆز نېسىپ بوپتۇ (ياكى پۈتۈلۈپتۇ)» دېگەن مەنىدە بولۇپ، ھەر ئىككىلا مىسرادا «نېسىپ بوپتۇ» دېگەن خەۋەر تەركىب قىسقارتىلغان.

نەزمى ئەسەرلەرنىڭ جۇشقۇن، روھلاندۇرغۇچ بولۇشى ئۇنىڭ قاپىيىلىرى، ئاھاڭ، ئىنتوناتسىيە قاتارلىقلارنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش، شۇنىڭدەك جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ ئورنىنى ئالاھىدە بىرخىل ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق، سۆزلەرنى ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنى ئالاھىدە مەقسەتتە، ئالاھىدە ۋەزىپىدە ۋە ئالاھىدە مەنىدە قوللىنىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ.

مۇشۇ پەرقلەر سەۋەبىدىن بەزىدە «نەسرىي ئەسەرلەر تىلى ۋە نەزمىي ئەسەرلەر تىلى» دېگەن ئاتالغۇلارمۇ قوللىنىلىپ قالىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك بۇ پەقەت بىر مىللىي تىلنىڭ ئىككى خىل شەكلى ۋە ئىككى خىل شەكىلدە قوللىنىشى خالاس.

چاغاتاي تىلىدا يېزىلغان نەزمىي ئەسەرلەر ئىنتايىن كۆپ. بۇ ئەسەرلەرنى چۈشىنىش ئۈچۈن تىل ئۆتكىلىدىن ئۆتىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. بىزنىڭ نەزمىي ئەسەرلەرنىڭ تىلى ئۈستىدىكى تەتقىقاتىمىز تېخى بەك يۇزە.

بىز بۇ ماقالىمىزدا چاغاتاي تىلى دەۋرىدە يېزىلغان نەزمىي ئەسەرلەرگە دائىر باشقا مەسىلىلەرنى بىر ياقتا قويۇپ تورۇپ، پەقەت نەزمىي ئەسەرلەردە جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ (ئاددىي جۈملىلەردە) ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ئۈستىدە دەسلەپكى مۇلاھىزىلىرىمىزنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

## 1. ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ ئورنى

1. ئومۇمەن ئىگە ئالدىدا خەۋەر ئاخىرىدا كېلىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال نەسرىي ئەسەرلەرگە ئوخشايدۇ. م:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ھۆرۈ پەرىلەر بەندەئى قولداشلىك ئولۇبدۇر.
(گۇمنام)
(ھۆر پەرىلەر سىنىڭ خىزمىتىڭنى قىلىدىغان قولداش بوپتۇ.)
چۈن نەۋائى كۆزى باغلىق قۇش ئېرۇر ئالەم ئارا.
(نەۋائى)
(نەۋائى ئالەمدە كۆزى باغلاقلىق بىر قۇش.)
2. (1) بەزى ۋاقىتلاردا خەۋەر ئالدىدا، ئىگە ئاخىرىدا كېلىدىغان ئەھۋاللار ئۇچرايدۇ.
م:
چىكىلدى بىر ئەلىف ھەرقەترە ئەشكىمدىن نىشان ئاندا.
(نەۋائى)
(ئۇ يەردە مېنىڭ ھەربىر تامچە كۆز يېشىمدىن بىر ئەلىف نىشان بولۇپ يېزىلدى.)
(2) بەزى ۋاقىتلاردا خەۋەر بىلەن ئىگىنىڭ ئوتتۇرىسىغا باشقا تەركىبلەر قوشۇلۇپ كېلىدۇ. م:
قاراڭغۇ بولۇپ كۆزگە رەۋشەن جەھان
(نىزارى)
(يورۇق جاھان كۆزگە قاراڭغۇ بولۇپ...)
قۇتۇلغايمۇ ئوشۇل بىدەردلەردىن مۇبتەلا بىركۆن
(گۇمنام)
(بۇ مۇپتىلا بولغان كىشى ئۇ دەردى يوقلاردىن بىر كۈنى قۇتۇلارمۇ)
كىم تەرەددۇدسىز ئالىشقايلار ئانى دىلخاھلار.
(نەۋائى)
(ئۇنى خالىغانلار ئىككىلەنمەستىن ئېلىشىدۇ)
يەر تۇتار كۆڭلۈمدە گەردۇندىن جۇدا بولغان بەلا،
جاندا دۇر دىۋانە كۆڭلۈمدىن خەتا بولغان بەلا.
(نەۋائى)
(پەلەكتىن ئايرىلغان بالا مېنىڭ كۆڭلۈمگە كېلىپ ئورۇنلاشتى. دىۋانە كۆڭلۈمدىن ئايرىلغان بالا مېنىڭ جېنىمدىدۇر.)
(3) بەزى ۋاقىتلاردا ئىگە خەۋەر بىر مىسرادا ئەمەس، ئىككى مىسراغا بۆلۈنۈپ كەتكەن ئەھۋاللارمۇ ئۇچرايدۇ. م:
ئاۋۇ قۇشقە ئاتلانماغىڭ بىر تەرەف
بولۇپ بارادۇر، جەمئىيەت بىر تەرەف.
(ئاياز)
(سىنىڭ ئوۋلاشقا ئاتلىنىشىڭ بىر تەرەپ، جەمئىيەت بىر تەرەپ بولىۋاتىدۇ.)
يەئقۇب بېكىن كۆپ يىغىدىن قالمادى سىنسىز،
نۇرى بەسەرىم خاھ ئىنەن خاھ ئىنەنمە
(لۇتفى)
(سېنىڭسىز ياقۇپقا ئوخشاش يىغلاپ كۆزىمنىڭ نۇرلىرى قالمىدى ياكى ئىشەن ياكى ئىشەنمە)

خىيال ئەيلەمەس ئېردىلەركىم فەلەك،
قىلور ئىشرەت ئەييامىنى ئۆزگەرەك.
(ئاياز)

(فەلەك ئىشرەت كۈنلىرىنى باشقىچىرەك قىلىدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرمەيتتى.)

## 2. ئېنىقلىغۇچى بىلەن ئېنىقلانغۇچىنىڭ ئورنى

1. بەزى ۋاقىتلاردا ئېنىقلىغۇچى ئاياقتا، ئېنىقلانغۇچى باشتا كېلىدۇ. م:

جان بېرۇردە بىر قۇلۇڭ يوق بەندەدىن چالاكرەك
(نەۋائى)

(جان بېرىش ۋاقتىدا مېنىڭدىن تېزرەك بولىدىغان بىرمۇ قۇلۇڭ يوق.)

دەھر ئارا چۈن يوق كىشى سەندىن ماڭا غەمخارراق
(بابۇر)

(بۇ دۇنيادا ماڭا غەمخورلۇق قىلىدىغان سېنىڭدىن باشقا ئادەم يوق.)

ئىزىندىن مەلىكزادەنىڭ قالمايىن.
(ئاياز)

(پادىشاھ شاھزادىنىڭ ئىزىدىن قالماستىن ......)

2. ئېنىقلىغۇچى ئېنىقلانغۇچىنىڭ ئالدىدا كەلسىمۇ، ئارىسىغا باشقا تەركىبلەر قوشۇلۇپ قالىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ. م:

مەقدەمىڭدە ساچقالى يۈزدىن ئۆگۈن يوق ئالتۇنۇم.
(لۇتفى)

(سېنىڭ قەدىمىڭگە چېچىشقا يۈزۈمدىن باشقا ئالتۇنۇم يوق.)

زۇلفى خىيالىدىن بۆلەك كۆڭلۈمە ئىستەمەم ھوزۇر.
(گۇمنام)

(ئۇنىڭ چېچىنى خىيال قىلىشتىن باشقا كۆڭلۈمگە ھوزۇر ئىزدىمەيمەن.)

3. (1) قاتار كەلگەن ئېنىقلىغۇچىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا ئومۇمەن قائىدە بولمايدۇ. لېكىن ئىگىلىك كېلىش بىلەن تۈرلىنىپ كەلگەن ئىگىلىگۈچى ئېنىقلىغۇچى كۆپىنچە ھەممىدىن ئالدىن كېلىدۇ. م:

تەڭرىنىڭ كۆزۈڭ قاراسىدىك بەلاسى بارمۇكىن
(گۇمنام)

(خۇدانىڭ سېنىڭ كۆزۈڭنىڭ قارىسىغا ئوخشاش بالاسىمۇ بارمىدۇ.)

چەرخنىڭ مېن كۆرمەگەن جەۋرۇ جەفاسى قالدىمۇ
(بابۇر)

(پەلەكنىڭ مەن كۆرمىگەن جەۋرۇ جاپاسى قالدىمۇ)

(2) بەزى ۋاقىتلاردا ئىگىلىگۈچى ئېنىقلىغۇچى ئاخىرىدا كېلىدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلىدۇ. م:

بۇ ئىكى ياڭلىغ سېنىڭ ھۆسنۈڭ گەداسى بارمۇكىن
(گۇمنام)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



(بۇ ئىككىسىدەك سېنىڭ ھۆسنۈڭ ئۈچۈن گادايى بولىدىغان نەرسىمۇ بارمىدۇ.)

## 3. تولدۇرغۇچى بىلەن خەۋەرنىڭ ئورنى

بۇ يەردە تولدۇرغۇچى دېگەندە، بىز پەقەت چوشۇم كېلىش بىلەن تۈرلىنىپ پېئىلغا باغلانغان تەركىبنى كۆزدە تۇتىمىز.

1. تولدۇرغۇچى ئالدىدا، خەۋەر ئاخىرىدا كېلىدۇ. نەزمىي ئەسەرلەردە مۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇش قارىماققا نەسرىي ئەسەرلەردىكىگە ئوخشاش بولسىمۇ لېكىن تولدۇرغۇچى بىلەن خەۋەر ئارىسىغا باشقا تەركىبلەر قىستۇرۇلۇشىمۇ مۇمكىن.

يۈز ئېچىشىڭ تۇفراغىغە سۈر تەئالغەيمەنمۇ دېب،
(نەۋائى)

(ئىشىكىڭنىڭ ئالدىدىكى توپىغا يۈزۈمنى سۈرەلەيمەنمۇ دەپ)

ئەيشۇ راھەت ئېلگە، دەردىن جانغە ئال گۇمنام كىم،
(گۇمنام)

(ئەي گۇمنام، راھەت - پاراغەت خەلققە بولسۇن، دەردنى ئۆزۈڭ تارت.)

خاكسارىن ئول قۇياش يۈزلۈك پەرى مەجنۇن دېمىش.
(نەۋائى)

(ئۇ قۇياش يۈزلۈك پەرى ئۆزىنىڭ بىچارىسىنى سارالڭ دەپتۇدەك)

كىم مېنى ئول ئوت بىلە سۇ ئىتتىفاقى كۆيدۇرۇر.
(نەۋائى)

(مېنى ئۇ ئوت بىلەن سۇنىڭ بىرلەشمىسى كۆيدۈرىدۇ.)

2. (1) خەۋەر ئالدىدا تولدۇرغۇچى ئاخىرىدا كېلىدۇ. مۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇش قىسمەن جانلىق تىلىمىزغا ئوخشاپ كەتسىمۇ، لېكىن بۇنىڭدىمۇ بەزىدە ئىككى تەركىب ئارىسىغا باشقا تەركىبلەر قىستۇرۇلغان بولىدۇ. م:

زەمانە كۆرگەنى يوق روزگارى مېن كەبى ھەرگىز
(گۇمنام)

(زاماندا ھېچكىم ماڭا ئوخشاش تۇرمۇشنى كۆرگەن ئەمەس)

بەلادەشتى ئارا مەجنۇن مېنىڭدەك كۆرمەمىش دەۋران
(نەۋائى)

(بالا دەشتىدە مەجنۇنمۇ ماڭا ئوخشاش دەۋر سۈرگىنى يوق.)

گەر فەلەك ئۆلتۈرسە يۈز قاتلا مېنى ھېچ باك ئېمەس.
(ئاتايى)

(پەلەك مېنى يۈز قېتىم ئۆلتۈرسىمۇ، ئۇ قورقۇنچلۇق ئەمەس.)

چېككىبدۇر مۇنۇڭ خوش ھەۋاسى مېنى.
(ئاياز)

(بۇ يەرنىڭ خوش ھاۋاسى مېنى ئۆزىگە تارتىپتۇ.)

## 4. ھالەت بىلەن خەۋەرنىڭ ئورنى

جۈملە بۆلەكلىرىدىن ھالەت بىلەن تولدۇرغۇچى ئۈستىدىكى تەتقىقاتتا مەلۇم مەنىدىن

ئالغاندا ھازىرمۇ تالاش ـ تارتىش داۋام قىلىنىۋاتىدۇ. بۇ تالاش ـ تارتىش كۆپىنچە جۈملىنىڭ پېئىلدىن بولغان خەۋىرىگە باغلىنىپ كەلگەن يۆنىلىش كېلىش، ئورۇن كېلىش، چىقىش كېلىش بىلەن تۈرلەنگەن سۆزلەر ياكى سۆز بىرىكمىلىرى ئۈستىگە مەركەزلەشكەن. بەزىلەر بۇ تەركىبلەرنى «تولدۇرغۇچى» دېگەن نام بىلەن ئاتاشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. لېكىن بىزنىڭ قارىشىمىزچە «تولۇقلىغۇچى» سۆزى بىلەن «تولدۇرغۇچى» سۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا مەنە پەرقى بار دېيىش مۇمكىنچىلىكى يوق.

بىز بۇ ماقالىمىزدا يۇقىرىدىكى ئۈچ خىل كېلىش فورمىسى بىلەن تۈرلىنىپ، پېئىللارغا باغلىنىپ كەلگەن تەركىبلەر ئومۇمەن پېئىللارنىڭ ئورۇن ھالىتىنى بىلدۈرىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى ھالەتلەر قاتارىدا ھېسابلاپ تۈزدۇق.

1. ھالەت خەۋەردىن ئالدىن كېلىدۇ. م:

چۇن جەمالىڭ جىلۋىسى ئالەمگە سالدى رۇستەخىز
(نەۋائى)

(جامالىڭنىڭ جىلۋىسى ئالەمگە قىيامەت سالغانلىقى ئۈچۈن ...)

بىزگە ئول مەھۋەش تىلىيۇ كۆڭلى بىرلە يار ئېمەس
(نەۋائى)

(بىزگە ئۇ ئايغا ئوخشاش تىلى ۋە كۆڭلى بىلەن يار ئەمەس)

بەزىدە ھالەت بىلەن خەۋەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا باشقا تەركىبلەر قىستۇرۇلۇپمۇ قالىدۇ. م:

ئەھلى زوھد ئىچرە نەۋائى تاپمادى مەقسەدغە يول.
(نەۋائى)

(نەۋائى زاھىدلارنىڭ ئىچىدە ئۆزىنىڭ مەقسىدىگە يول تاپالمىدى.)

بىركۈن ئاھىمدىن ئوشۇل بەدمېھىركۆڭلى يۇمشاغاي
(نەۋائى)

(ئۇ مېھرىسىزنىڭ كۆڭلى ئۇرغان ئاھىمدىن بىر كۈنى يۇمشىغاي)

بۇ ئىككى مىسالدا ھالەت بىلەن خەۋەر ئارىسىغا «نەۋائى»، «بەد مېھر كۆڭلى» دېگەن ئىگە تەركىبلەر قىستۇرۇلغان.

2. ھالەت خەۋەردىن كېيىن كېلىدۇ. م:

نەۋائى ئەسرۇك ئېسە سۇبھۇشام تاڭلاماكىم
(نەۋائى)

(نەۋائى كېچە ـ كۈندۈز مەست بولسا، ئۇنىڭغا ئەجەبلەنمەڭلار)

يۈز بەلا كەلسە چېك ئەمدى چۇ بىر ئىش مەنئى ئۈچۈن
(نەۋائى)

(شۇ بىر ئىشنى قىلمىغانلىقىڭ ئۈچۈن يۈز بالا كەلسىمۇ ئەمدى تارتقىن)

بەزىدە خەۋەر بىلەن ھالەتنىڭ ئارىسىغا باشقا جۈملە تەركىبلىرى قىستۇرۇلۇپمۇ كېلىدۇ. م:

ئاتەشىن رۇخسار ئىلە كۆيدۈرمە ئېلنى ئەسرۇكىم،
(نەۋائى)

(ئوتتەك چىرايىڭ بىلەن ئەلنى ئەمدى ئارتۇق كۆيدۈرمە.)

بۇ مىسرادا خەۋەر بىلەن ھالەت ئارىسىغا «ئەلنى» دېگەن تولدۇرغۇچى قىستۇرۇلغان.

www.uyghurkitap.com



نەيلەيىن قاندىن كېلۇر زۇلفۇڭ خىيالى باش ئۇرۇپ.
(ئاتايى)

(قانداق قىلاي، چېچىڭنىڭ خىيالى نەلەردىن باش ئۇرۇپ كىرىپ كېلىدىكىن؟) بۇ مىسرادا خەۋەر بىلەن ھالەت ئارىسىغا «زۇلفۇڭ خىيالى» دېگەن ئىگە تەركىب قىستۇرۇلۇپ كەلگەن.

3. (1) ئىككى ھالەتنىڭ ئوتتۇرىسىدا خەۋەر كېلىدۇ. م:

كۆرگەلى ھۆسنۈڭنى زارۇ مۇپتەلا بولدۇم ساڭا.
(نەۋائى)

(ھۆسنۈڭنى كۆرگەندىن بېرى ساڭا زار ۋە مۇپتىلا بولدۇم.)

كى دەست ئامۇز قۇشدېك ئانسىز ئېرمەس بىر زەمان كۆڭلۈم.
(نەۋائى)

(مېنىڭ كۆڭلۈم خۇددى قولغا ئۆگىتىلگەن قۇشتەك بىر زامانمۇ ئۇنىڭسىز تۇرالمايدۇ.)

(2) بەزىدە بىر بېيىتتا ئۇچرايدىغان بىرقانچە ھالەتلەرنى ئورنىغا قاراپ چېچىۋېتىش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ. م:

نەچەكۈندۇركى بىر شوخى ستەمگەر ئىشقى زورىدىن،
كېچىپمەن ھۆرمەتىمدىن گەرچە ھۆرمەتدارلىغ بىلمەس.
(ئەرشى)

(بىرقانچە كۈن بولدى. بىر ھۆرمەت قىلغاننى بىلمەيدىغان بىر شوخ زالىمنىڭ ئىشقىنى دەپ ھۆرمىتىمدىن كېچىپتىمەن.)

## 5. مۇستەقىل تەركىبلەرنىڭ ئورنى

مۇستەقىل تەركىبلەر ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى قاراتما سۆزلەر. يەنە بىرى، ئۈندەش سۆزلەر ئۇلارنىڭ شېئىرىي مىسرالاردىكى ئورنى ئوخشاش بولمايدۇ.

### ئۈندەش سۆزلەر

1. ئۈندەش سۆزلەرنىڭ جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىش ئەھۋالى. م:

ئەفغانكىم، كۆڭلۈم ئالغان دىلبەرىم دىلدارلىغ بىلمەس
(نەۋائى)

(ۋاي دات، مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئالغان دىلبىرىم كۆڭۈل ئېلىشنى بىلمەيدۇ.)

ۋاي، يۈزمىڭ ۋايكىم، تەركى مۇھەببەت قىلدى يار
(نەۋائى)

(ۋاي، يۈزمىڭ ۋاي، يار مۇھەببەتنى تەرك قىلدى)

2. ئۈندەش سۆزلەرنىڭ جۈملىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېلىش ئەھۋالى. م:

چۇ باردى، ۋايكىم، نې نەۋئى دۇشۋار ئېركەنىن بىلدىم.
(نەۋائى)

(ۋاي، ئۇ كەتكەندە بۇنىڭ نەقەدەر مۇشكۇل ئىكەنلىكىنى بىلدىم.)

3. ئۈندەش سۆزلەرنىڭ جۈملىنىڭ ئاخىرىسىدا كېلىش ئەھۋالى. م:

گىرىفتارى قەددى رەئنايۇ گۇلگۇن بۇش مەن ۋەھ ۋەھ
(نەۋائى)

(ۋاي ـ ۋاي، بىر قەددى رەنا ۋە گۇل رەڭلىك كىيىنگەنگە گىرىفتار بولۇپ قالدىم.)

## قاراتما سۆزلەر

1. قاراتما سۆزلەرنىڭ جۇملىنىڭ بېشىدا كېلىش ئەھۋالى. م:

تا، نەۋائى، قىسمەت ئولغان مەينى ئىچمەي چارە يوق،
(نەۋائى)

(ئەي ناۋائى، ماڭا تەقسىم قىلىنغان مەينى ئىچمەي چارە يوق.)

نەۋائى، مەي بىلە كوڭلۇمگە ئوت سالكىم زەمان ئەھلى
(نەۋائى)

(ئەي ناۋائى، مەي بىلەن مېنىڭ كۆڭلۈمگە ئوت سالغىن. چۈنكى زامان ئەھلى ...)

2. قاراتما سۆزلەرنىڭ جۇملىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېلىش ئەھۋالى. م:

ئىزدەگونچە، ئەي كۆڭۈل، ھەردەم دەۋا، دەرد ئىستەگىل.
(نەۋائى)

(ئەي كۆڭۈل، سەن ھەر دائىم داۋا ئىزدىمەي، دەرد ئىزدە.)

كېتۇر، ئەي ھورۋەش ساقى، مەيى كەۋسەر زۇلالىدېك.
(نەۋائى)

(ئەي ھورلەرگە ئوخشايدىغان ساقى، سۈزۈك كەۋسەر سۈيىدەك مەينى كەلتۈرگىن.)

3. قاراتما سۆزلەرنىڭ جۇملىنىڭ ئاخىرىسىدا كېلىش ئەھۋالى. م:

ھۇسنىدىن مىھر غەرەزدۇر، ئەي ئىشق.
(نەۋائى)

(ئەي ئىشق، ھۆسنى چىراي شەكلىدىن غەرەز مېھرىدۇر.)

ئول فۇش ئېرمەس سەن كى، ئەي خارىج نەۋا
(نەۋائى)

(ئەي نەغمە ـ ناۋانى بىلمەيدىغان، ئۇ قۇش سەن ئەمەس.)

## 6. ھۆكۈم ياردەمچىسى «دۇرۇر، تۇرۇر، دۇر، تۇر»

تۇرغۇن سۆزلەرگە ياكى تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ تۇرلەنگەن شەكىللىرىگە قوشۇلۇپ، مەزكۇر تۇرغۇن سۆزلەرنى خەۋەرلىك رول ئۆتەيدىغان ھالەتكە كەلتۈرىدۇ. چاغاتاي دەۋرى نەزمىي ئەسەرلىرىدە، بۇنىڭ قوللىنىش ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە:

(1) قائىدىگە مۇۋاپىق قوللىنىلىشى. م:

ئۆرتەنمەكۇ كۆز ياشمى تۆكمەكدۇرۇر ئىشىم
(لۇتفى)

(مېنىڭ ئىشىم كۆيۈش ۋە كۆز يېشىمنى تۆكۈشتۇر.)

تەلىبە قۇشدېكدۇر نەۋائى كۆڭلى سەۋدا دەشتىدە
(نەۋائى)

www.uyghurkitap.com



(ناۋائىنىڭ كۆڭلى بۇ سەۋدا دەشتىدە خۇددى بىر تەلۋە قۇشدەكدۇر.)
سەۋدىن ئۆزگە ئالەمدە يوقتۇر نىشان
(نىزارى)

(ئالەمدە سەۋدىن باشقا ھىچنەرسە كۆرۈنمەيدۇ)
بۇلبۇل بولۇشۇم ئول گۇلى خەنداننىڭ ئۈچۈندۇر
(گۇمنام)

(مېنىڭ بۇلبۇل بولغانلىقىم سېنىڭ ئۇ كۈلۈپ تۇرغان گۈلۈڭ ئۈچۈندۇر.)
دىلرەبالار ئىچرە ھەردەم كۆزگە باقماق نېدۇرۇر
(نەۋائى)

(دىلنى تارتىدىغانلارنىڭ ئىچىدە كۆزگە قاراش نېمە ئۈچۈندۇر.)

(2) بەزى ھاللاردا بۇ ھۆكۈم ياردەمچىسى خەۋەرلىك رول ئوينايدىغان تۇرغۇن سۆزلەرگە قوشۇلماي، شېئىرىيەت زۆرۈرىيىتىدىن جۈملىنىڭ باشقا تەركىبلىرىگە قوشۇلغان بولىدۇ. م:

كۆكرەكىمدۇر سۇبھىنىڭ پىراھەنىدىن چاكرەك.
(نەۋائى)

(مېنىڭ كۆكرىكىم سەھەرنىڭ ئېتىكىدىنمۇ چاك ـ چاك بولۇپ كەتتى.)
ئەي زەلىلى، كېچە كۈندۈزدۇر ئىشىم دىۋانەلىغ
(زەلىلى)

(ئەي زەلىلى، مېنىڭ كېچە ـ كۈندۈز قىلىدىغان ئىشىم دىۋانىلىق.)
گۈللارى ئېل ئىلكىدە جانۇ تەنىمدۇر خارىدە.
(گۇمنام)

(ئۇنىڭ گۈللىرى خەقنىڭ قولىدا، تىكىنى مېنىڭ جېنىمدا)
ھۇشمەندۇ دەردمەندۇ مەردۇ زەندۇرلەب چۇقەند
(گۇمنام)

(ھوشلۇقلىرى بولسۇن، دەردلىكلىرى بولسۇن، ئەرلىرى، ئاياللىرى بولسۇن ھەممىسىنىڭ لەۋلىرى قەنتەكدۇر.)

## 7. ياردەمچى پېئىللارنىڭ ئورنى

1. «بول ـ» ياكى «ئول ـ» پېئىلى

بۇ پېئىل چاغاتاي تىلى دەۋرىدە مۇشۇنداق ئىككى ۋارىيانتتا قوللىنىلغان. ئادەتتە مۇستەقىل مەنە ئاڭلاتقاندىن سىرت تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇپ، ئۇلارنى پېئىلغا ئايلاندۇرىدۇ ۋە جۈملىدە خەۋەرلىك رول ئۆتەيدۇ. نەزمىي ئەسەرلەردە بۇ ياردەمچى پېئىلنىڭ ھەرخىل رايلىق شەكىللىرى نورمال ھالەتتە تۇرغۇن سۆزلەردىن كېيىن قوشۇلسىمۇ، شېئىرىيەت ئالاھىدىلىكى سەۋەبىدىن تۇرغۇن سۆزلەردىن ئالدىن كېلىش ئەھۋاللىرىمۇ خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. م:

گۈلئۈزارىم كىشۋەرى ھۆسن ئىچرە بولدى پادىشاھ
(نەۋائى)

(مېنىڭ گۈل يۈزلۈكۈم ھۆسن مەملىكىتىدە پادىشاھ بولدى.)

كۆرمەدۈك زەخمىكى تېگكەن سارى بولغاي چاكرەك

(نەۋائى)

(تىغ تەككەنسېرى چاك بولۇپ كەتكەن بىر زەخمىنى كۆرمىدۈق.)

شەبىستانىڭدا ئەنجۇم مەھرەمۇ كۈن بولغالى مەھرۇم

(نەۋائى)

(سېنىڭ كېچەڭدە كۈن مەھرۇم يۇلتۇزلار ساڭا ھەمراھ بولغانلىقتىن ...)

جام ئۇلۇر گېتىنىما جەمشىد ئانى ئىچكەن گەدا

(نەۋائى)

(ئۇ جام جەمشىتنىڭ جامىدەك دۇنيانى كۆرستىدىغان بولىدۇ.)

چۈنكى زۇلفۇڭ بۇيىدىن كۆڭلۇم بولوبدۇر مۇشكدار

(گۇمنام)

(چۈنكى چېچىڭنىڭ پۇرىقى بىلەن مېنىڭ كۆڭلۇم خوش پۇراقلىق بولۇپتۇ.)

جۇ ئەفسۇنۇڭ ئۇلماس سېنىڭ سىھرۋار

(نىزارى)

(سېنىڭ ئەفسۇنىڭ سېھرى قىلالمايدۇ.)

سۇنبۇلۇڭ دىلبەندۇ خەندان غۇنچەڭ ئۇلمىش دىلگۇشاي

(نەۋائى)

(سېنىڭ سۇنبۇلۇڭ دىلنى كۆڭۈلنى باغلايدۇ. كۈلۈپ تۇرغان غۇنچىلىرىڭ دىلنى ئاچىدۇ.)

ئىكولەن بولۇپ تەخت ئۇزە ھەمنىشىن

(ئاياز)

(ئىككەيلەن تەختتە بىللە ئولتۇرىمىز...)

بۇ فانى دەير ئارا گەر شادلىق ئىستەر ئېسەڭ، بولغىل
گەدالىق نانىغە خۇرسەندۇ بولما شەھغە ھاجەتمەند.

(نەۋائى)

(بۇ فانى دۇنيادا شادلىق ئىزدەيمەن دېسەڭ، گادايلىقنىڭ نېنىغا خۇشال بول، پادشاھقا ھاجەتمەن بولما.)

2. ياردەمچى پېئىلمۇ يۇقىرىدىكى پېئىلغا ئوخشاش رول ئوينايدۇ. نەزمىي ئەسەرلەردە پېئىلغا ئايلاندۇرۇش° ئۈچۈن ئۇزى قوشۇلىدىغان تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ ئالدىدا كېلىشى مۇمكىن. م:

قىلماغىل ئۇز گە خىيال ئۇشبۇ خىيالىڭ بارىدا.

(ئۇبەيدى)

(مۇشۇ خىيالىڭ بار ۋاقتىدا باشقا خىيالنى قىلما.)

ماڭا قىلدى بۇ نۇكتە پەردازلىق.

(نىزارى)

(ماڭا بۇ ياخشى سۆزلەرنى ئېيتتى.)

كۆكسۇم ئاچتىم ھەر تەرەف قىلدى گۇمان ئول تىغلىكىم.

(نەۋائى)

(كۆكسۇمنى ئېچىۋېدىم ئۇ باللار شۇنداق دەپ خيال قىلدى ...)

www.uyghurkitap.com



قىلغىل تەرەھھۇم، ئەيلەپ شەفائەت.
(موللا بىلال)
(ماڭا بىر شاپائەت قىلىپ رەھىم قىلغىن.)
بەزى ھاللاردا تۇرغۇن سۆز بىلەن بۇ پېئىل ئارىسىغا باشقا تەركىبلەر قوشۇلۇپ قېلىشى مۇمكىن. م:
قىلىپ بىر قۇش ئانداغ نەۋا سازلىق.
(نىزارى)
(بىر قۇش شۇنداق سايراپ كەتتى.)
قىلاي سىزنى دۇنيا بىلە سەرفەراز.
(نىزارى)
(مال دۇنيا بىلەن قەددىڭىزنى كۆتۈرۈپ قوياي)
ئۆرتەپ ئەي ھىجران مېنى دۇدۇمنى قىل كويىدا مىغ.
(نەۋائى)
(ئەي ھىجران مېنى كۆيدۈر ۋە تۈتۈنۈمنى ئۇنىڭ كوچىسىدا بۇلۇت قىلغىن.)
مەي مېنى قىلدى رىيايى پارسالىغدىن خەلاس
(نەۋائى)
(مەي مېنى ساختا تەقۋادارلىقتىن خالاس قىلدى.)
3. «ئەيلە -» ياردەمچى پېئىلىنىڭ قوللىنىلىشى ۋە سۆز ياساش رولى «قىل -» پېئىلى بىلەن ئوخشاش، نەزمىي ئەسەرلەردە ئۇزى قوشۇلىدىغان تۇرغۇن سۆزنىڭ ئالدىدا كېلىشى ۋە ئارلىققا بەزى تەركىبلەر كىرىپ قېلىشى مۇمكىن. م:
ئىشق دەشتى موردىن ئەيلەر ھەزىمەت ئەژدەھا
(نەۋائى)
(ئىشقىڭىنىڭ دەشتىدىكى چۈمۈلىدىن ئەجدىھامۇ قورقىدۇ.)
ھەمە قوزغالىپ ئەيلەدى ماجىرا
(نىزارى)
(ھەممىسى قوزغىلىپ ماجىرا قىلىشتى.)
كىم ئۇچ ئايلىق ئەيلەپ ياراغ ئىبل بارى
(ئاياز)
(ھەممە خەلق ئۈچ ئايلىق تەييارگەرلىك قىلىشتى.)
ئۇيناي - ئويناي ئەيلەدىك كۇفر ئىلە دىنىمنى بەدەل.
(نەۋائى)
(ئويناپ - ئويناپ دىنىمنى كۇفرىلىق بىلەن ئالماشتۇرۇۋەتتىك.)
ئەيلەرەم لەيلىۋەشىمغە ئانى مەجنۇنۋار خەرج
(نەۋائى)
(ئۇنى لەيلىگە ئوخشايدىغان يارىمغا خۇددى مەجنۇندەك سەرپ قىلىۋېتىمەن.)
ۋەھكە ئەيلەي ئالماغۇم بىئىختىيار ئەفغانىنى ھىفز.
(نەۋائى)
(ۋاي، پىغانىمنى ئىختىيارسىز يوشۇرالمايمەن.)

شىشلادى ئىشق ئەيلەمەككە ئاتەشىن گۇلدىن كەباب

(نەۋائى)

ئىشق ئوتلۇق گۇلدىن كاۋاب قىلىشقا زىققا ئۆتكۈزدى.)

ئەيلەمەس تۇتى تەكەللۇم شەككەرىستاندىن جۇدا.

(نەۋائى)

(ئەگەر تۇتى شېكەرلىكدىن جۇدا بولۇپ قالسا، سۆز قىلالمايدۇ.)

فىغانكى، ھەجردە ئەيلەپ ئۆكۈش ئەلەم بىزگە.

(نەۋائى)

(ئۇ ئايرىلىپ كېتىپ بىزگە ناھايىتى نۇرغۇن ئەلەم قىلدى.)

4. «ئېت-» يارده‌مچى پېئىلىنىڭ سۆز ياساش رولى ۋە جۈملىدە قوللىنىلىشى «قىل-، ئەيلە-» پېئىللىرى بىلەن ئوخشاش، نەزمىي ئەسەرلەردە نورمال ھالەتتە قوللىنىلغاندىن باشقا ئۆزى قوشۇلىدىغان تۇرغۇن سۆزدىن ئالدىن كېلىشى مۇمكىن. م:

تەۋاچىلار ئېتتى رەۋان ھەر سارى

(ئاياز)

(جاكارچىلار ھەر تەرەپكە ماڭدى.)

5. «ئەر-، ئېر-» پېئىلى ئەسلىدە مۇستەقىل پېئىل بولسىمۇ، چاغاتاي تىلى دەۋرىدە ياردەمچى پېئىلغا ئايلىنىپ كەتكەن. بۇ پېئىلنىڭ ھەر خىل تۇرلەنگەن شەكىللىرى ئەگەر باشقا پېئىللارنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلسا ئومۇمەن تۇس كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ بولىدۇ ۋە جۈملىدە خەۋەرلىك رول ئوينايدۇ. جۈملىنىڭ ھەرقانداق ئورنىدا كېلىشى مۇمكىن. م:

نە سۆزنى دىپ ئېردىكى ئول دىلرەبا.

(نىزارى)

(ئۇ دىلرەبا قايسى سۆزنى دېيىدىكى)

قۇتۇلۇر ئېردىم بۇ غەمدىن ئول دىلئارامىم كۆرۈپ

(موللا بىلال)

(ئۇ دىلىمنىڭ ئارامىنى كۆرسەم بۇ غەمدىن قۇتۇلغان بولاتتىم)

ئەجەل فىراقىڭ ئىلە ئۆلتۈرۈر ئېرمىش ئۆچەشىپ

(نەۋائى)

(ئەجەل سېنىڭ پىراقىڭ بىلەن ئۆچەكىشىپ مېنى ئۆلتۈرىدىغان بوپتۇ.)

قىلغاي ئېردى تۇرفە خىدمەت چون سېنى مېھمان كوروب

(موللا بىلال)

(سېنى مېھمان كۆرۈپ ھەرخىل خىزمەتلەرنى قىلغان بولاتتى.)

قىلماغاي ئېردى كۆزۈم ئانى تەماشا، كاشكى

(نەۋائى)

(مېنىڭ كۆزۈم ئۇنى تاماشا قىلمىسا بولاتتى.)

ھۇسن ئەنجۇمەنى ئىچرە يۈزىن كۆرمەمىش ئېردىم

(نەۋائى)

(ھۆسن يىغىلىشىدا ئۇنىڭ يۈزىنى كۆرمىگەن ئىدىم)

پارساۋەش دىلستانىم بولغان ئېرمىش بادەنۇش

(نەۋائى)

(مېنىڭ ئۇ دىلىمنى تارتىدىغان تەقۋادارىم مەي ئىچىدىغان بولۇپ قاپتۇدەك.)

ئەگەر تۇرغۇن سۆزلەردىن كېيىن قوشۇلسا، مەزكۇر تۇرغۇن سۆزلەرنى پېئىلغا

uyghurkitap.com



ئايلاندۇرىدۇ. لېكىن نەزمىي ئەسەرلەردە تۇرغۇن سۆزلەردىن ئالدىن قوشۇلۇشى، ئارىسىغا باشقا تەركىبلەر قىستۇرۇلۇپ قېلىشى مۇمكىن. م:

(1) ئېرۇر

كۆيدۇرۇر ئەلبەتتە ھەر دارۇكى ئېرۇر سۇدمەند
(نەۋائى)

(ھەرقانداق پايدىلىق دورا كۆيدۇرىدۇ.)

فەلەك باغرى گۇمان ئېتكىم ئېرۇر خۇنبار مەن ياغلىغ
(گۇمنام)

(فەلەكنىڭ باغرىنى مېنىڭ باغرىمغا ئوخشاش قان ياغدۇرىۋاتىدۇ دەپ ئويلا)

دەرد ئەھلىغە ئۇجماقدىن ئېرۇر بەس تاموغ ئەۋلا
(نەۋائى)

(دەرتمەن ئادەملەرگە جەننەتكە نىسبەتەن دوزاق مۇۋاپىقدۇر.)

ئېرۇر بەدخۇلۇق ئەتسەك ئەسب بەدخۇ
(مۇھەممەت تۆمۈرى)

(خۇيۇڭ يامان بولسا، ئېتىڭمۇ بەدخۇي بولىدۇ.)

(2) ئېردى، ئېدى

بۇ ۋادى ئېدي ئانچە مېھنەتسەرا
(نىزارى)

(بۇ ۋادى ناھايىتى جاپا ـ مۇشەققەتلىك ئىدى.)

كى يايلاقتا مالى ئېدى بىھىساب
(نىزارى)

(يايلاقتا مېلى ھېساپسىز ئىدى)

(3) ئېرمەس، ئېمەس

بىز ئېمەس جەننەت تەلەب نې ۋەجھىدىن شاد ئولمالى
(گۇمنام)

(بىز جەننەتنى تەلەپ قىلىدىغانلار ئەمەس، نېمىشكە خۇشال بولمايلى...)

گەھ تۇتۇلسا، گەھ ئاچىلسا كۆڭلۇم ئېرمەس ئەيبكىم
(نەۋائى)

(مېنىڭ كۆڭلۇم بەزىدە تۇتۇلسا، بەزىدە ئېچىلسا ئەيىب ئەمەس.)

ئېمەس خىلۋەتنىشىنلەرگە تەماشايى چەمەن ھاجەت
(نەۋائى)

(خىلۋەتتە ئولتۇرغان كىشىلەرگە چەمەننى تاماشا قىلىشنىڭ ھاجىتى يوقتۇر.)

كىم دەۋا تاپماق ئېمەستۇر مۇمكىن، ئولماي دەردمەند
(نەۋائى)

(دەرتمەن بولماستىن، داۋا تېپىش مۇمكىن ئەمەس)

8. چاغاتاي تىلىدىكى نەزمىي ئەسەرلەردە ۋەزىن ئېھتىياجى بىلەن سۆز ـ ئىبارىلەرنىڭ مىسرالاردىكى ئورۇنلىرىنى ئالماشتۇرىدىغان بەزى قوشۇمچىلارنىمۇ ئالاھىدە بىرخىل ھۇنەر بىلەن ئىشلەتكەن ئەھۋاللارمۇ ئۇچرايدۇ. م:

جەمالىڭ ۋەسفىنى قىلدىم چەمەندە،
قىزاردى گۈل ئۇياتتىن، ئەنجۇمەندە.
(ئاتايى)

(سورۇندا چىرايىڭنىڭ سۆيىتىنى قىلىۋىدىم چىمەنلىكتىكى گۈللەرنىڭ ئىزا تارتقانلىقتىن يۈزلىرى قىزىرىپ كەتتى.)

بۇنىڭدا «چەمەندە» دېگەن سۆز «ئەنجۇمەندە» نىڭ ئورنىغا ئالماشتۇرۇلغان.

كەتمەگەي ئۆلسەم ئاتايىدەك بويۇڭ سەرۋى ئۈچۈن
تا قىيامەت سايەئى رەھمەت مەزارىمدىن يىراق.
(ئاتايى)

(مەن ئاتايى سەرۋىدەك بويۇڭ ئۈچۈن ئۆلۈپ كەتسەم، رەھمەت سايىسى تا قىيامەتكىچە مازىرىمدىن كەتمىگەي.)

بۇ نەزمىدە «ئاتايىدەك» دېگەن سۆزدىكى «دەك» ئەسلىدە «سەرۋى» غا ئۇلىنىشقا تېگىشلىك. لېكىن ۋەزىن تەلىپىگە ئاساسەن «ئاتايى» غا ئۇلانغان.

نەۋائى كوزلەرىنىڭ مەردۇمىدىن جەۋرى قان توكتى
(نەۋائى)

(نەۋائىنىڭ كۆزلىرى ئۇنىڭ كۆز قارىچۇقلىرىنىڭ جەبرىدىن قان تۆكتى.)

بۇ نەزمىدە «مەردۇمىدىن» دېگەن سۆزدىكى «دىن» ئەسلىدە «جەۋرى» غا ئۇلىنىشقا تېگىشلىك، «كۆزلەرىنىڭ» دېگەن سۆزدىكى «نىڭ»، «مەردۇم» سۆزىگە ئۇلىنىشقا تېگىشلىك ئىدى. لېكىن ۋەزىن تەلىپىگە ئاساسەن ئۇلارنىڭ ئورۇنلىرى يۆتكەلگەن.

## ئاخىرقى سۆز

بۇ مېنىڭ ئۇنىۋېرستېتنى پۈتتۈرۈش ئۈچۈن يازغان دېسىرتاتسيە ماقالەم ئىدى. چاغاتاي تىلىدا يېزىلغان نەزمىي ئەسەرلەرنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان تەتقىقاتتا ھېچقانچە پايدىلىنىش رولى بولمىغاندىمۇ، تەنقىدىي كۆزىتىلىش ئارقىسىدا پايدىلىق ماقالىلارنىڭ يېزىلىشىغا ۋە شۇ ئارقىلىق بۇ ساھەدىكى تەتقىقاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ئۈچۈن ئاز - تولا ئەھمىيىتى بولۇپ قالار دېگەن ئۈمىدتە بۇ يەردە ئېلان قىلدىم.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار

① «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى 1996 - يىللىق 4 - ساندىكى ئىبراھىم مۇتئىي «شېئىر تىلى توغرىسىدا».
② «چاغاتاي تىلى»، ئەركىن ئابدۇرېھىم، 1986 - يىل قەشقەر.
③ نەۋائى غەزەللىرى.
④ گۇمنام غەزەللىرى.
⑤ لۇتفى غەزەللىرى.
⑥ زەلىلى غەزەللىرى.
⑦ نىزارى غەزەللىرى.
⑧ موللا بىلال غەزەللىرى.
⑨ ئاتايى غەزەللىرى.
⑩ ئايازنىڭ «جەھاننامە».
⑪ بابۇر غەزەللىرى.
⑫ ئەرشى غەزەللىرى.
⑬ ئۇبەيدى غەزەللىرى.
⑭ مۇھەممەت تۆمۈرى «كەلىلە ۋە دېمنە».

www.uyghurkitap.com

# گۇلەمخان[1]

ئىبراھىم نۇرۇز

(ئالتە پەردىلىك سەھنە كىتابى)

## تۆتىنچى پەردە

**سەھنە:** دەريا بويىدىكى ئورمانلىق، ئەتراپ ھەممە دەرەخزارلىق، تۆردىكى بىر بۇلۇڭدا ئېگىز يارنىڭ بىر ئۇچى ئۇچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. سەھنە ئوتتۇرىسى بىر ئاز بوش سەينا بولۇپ ياپ-يېشىل چىمەنلىك.

سەھنىنىڭ بىر تەرىپىدە دەريا، ئىككىنچى تەرىپىدە سازلىق ھەم قارا سۇ بارلىقىنى سۆزدە بىلدۈرۈپ ئۆتىدۇ.

تازا كۈز پەسلى، دەرەخ يوپۇرماقلىرى ئارىسىدا ئارىلاپ سارغايغانلىرى كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ. ھاۋا ئۇچۇق، ئەتراپ جىمجىت، بىر خىل مۇڭلۇق مۇزىكا ئوينىلىپ تۇرغان ھالدا پەردە ئېچىلىدۇ.

سازلىق تەرەپتىن ھەربىرسى بىردىن تاياق تايىنىپ سۇلتان، گۇلەمخان، ئەھمەت، زىنەلباقى چىقىشىپ كېلىدۇ.

**زىنەل:** (توختاپ ئەتراپقا قاراپ) مانا، بۇ جايىنى «ئوغرى يانقان» دەپ ئاتايدۇ.

**ئەھمەت:** (بۇرۇلۇپ قاراپ) نېمە ئۇچۇن شۇنداق ئاتالغان.

**زىنەل:** مۇشۇ يېقىن ئۆتمۈشتە بۇ جايىنى ماكان تۇتۇپ ئالغان بىر ئوغرى قولغا چۈشۈپ زىندانغا قامالغان ئىكەن.

**سۇلتان:** ياخشىمۇ جاي ئىكەن، بىراق بىزمۇ تۇتۇلۇپ قالمىساق.

**گۇلەم:** (سۆزگە قۇلاق سالمايلا) ئۇھ، ھېرىپ كەتتىما (ئولتۇرىدۇ)

**ئەھمەت:** ياق، ئانداق دېمە، مانا گۇلەمخانمۇ ھېرىپ قاپتۇ، قېنى بىر ئاز دەم ئالايلى. (ئولتۇرىدۇ)

**زىنەل:** ئەلۋەتتە دەم ئالماي بولمايدۇ (ئولتۇرىشىدۇ) — ھەممە «ئۇھ» دەپ ئېغىنىشىدۇ، زىنەل ئۆزى چىققان تەرەپتە بىر نەرسىنى كۆرۈپ تىكىلىپ قاراپ قالىدۇ.

**گۇلەم:** (زىنەلگە تىكىلىپ قاراپ تەشۋىشلەنگەن ھالدا) ۋىيەي، نېمە كۆرۈۋاتىسىز؟ (تۇرۇپ كېتىدۇ، ھەممە تۇرىدۇ)

**زىنەل:** قورقماڭ، قورقماڭ (قول ئىشارىسى بىلەن) ئاۋۇ قارا سۇغا قاراڭ (باشقىلارمۇ قارىشىدۇ)

**گۇلەم:** (ئىلدام قاراپ ئەتراپنى ئىزدىگەن ھالدا) ھېچنەرسىنى كۆرەلمەيۋاتىمەن.

**زىنەل:** سۇدا ئۈزۈپ يۈرگەنلەرنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟

**گۇلەم:** ھە، ئۇ ئۆردەكقۇ.

**زىنەل:** ھە، بىرسى كەررەڭ.

**ئەھمەت:** (روھلانغان ھالدا)

---

① بېشى ئۆتكەن ساندا

قاراڭلار، بۇلار نېمە دېگەن ئەركىن
ئوينىشىدۇ ھە (سۇلتانغا قارايدۇ)
سۇلتان: ئىخ، جانىۋارلار،
ئويناڭلار - ئويناڭلار! (بىر ئاز خىيالدىن
كېيىن) كېلەر ... بىزگىمۇ شۇنداق
ئەركىن كۈنلەر كېلەر ... ئەنە شۇ چاغدا
بىزمۇ سىلەردەك ئويناپ - كۈلۈشەرمىز.
مۇزىكا ئۆزگىرىدۇ. × ×
(ئاھاڭغا) زىنەل خىيالدىن ئاستا باش
كۆتۈرۈپ ناخشا ئېيتىدۇ:

ئۆردەك بىلەن كەررەكنىڭ،
سۇ چېچىشىقىنى خوبدۇر.
ئاشىق بىلەن مەشۇقنىڭ،
يول تېپىشىقىنى خوبدۇر.
گۈللەر ئاچىلىپ تۇرسا،
بۇلبۇل سايرىشىپ تۇرسا.
ئاشىق بىلەن مەشۇقلار،
دائىم بىرلىشىپ تۇرسا.

(سۇلتان، ئەھمەت خىيالدا) ناخشا
توختىشىغا
گۈلەم: ۋىيەي، ناخشىغا ئۇستىكەن-
دىلا (زوقى بىلەن قارايدۇ)
سۇلتان: (ئاستا باش كۆتۈرۈپ)
ناخشىغا ئەمەس، قوشاققادەك، قوشىقىغا
چۈشەنگەنسىز.
گۈلەم: ھە، چۈشەنمەي.
ئەھمەت: بۇنى يادلاپ ئېلىشىمىز
كېرەك.
زىنەل: قويۇڭلار، ئەمدى ۋاقىتنى
بوش ئۆتكۈزمەيلى، ھە، سۇلتان ئەمدى
قەيەرگە بېرىشنى ئويلاپ تۇرسەن، بۇ ئارا
كۈن ئاللمايسەنغۇ.
سۇلتان: كۈرەگە كەتسەم دەيمەن،
بۇلار ئۇ يەرگە بېرىپ مۇنداق زورلۇق
قىلالمايدۇ.
ئەھمەت: تونۇشلۇرۇڭ يوقتە.
سۇلتان: بار، مېنى بۇلتۇرلا بۇلار
يۇرتتىن قوغلاپ چىقارغاندا شۇ يەردە بىر
تۈمۈرچىگە ئىشلىدىمغۇ.
زىنەل، ئەھمەت: ھە، ھە.
سۇلتان: مانا شۇ ھازىر كۈرەدە،

ئۆزەم كۆچۈرۈپ ئاپىرىپ قويغان.
زىنەل: بولدى، بولدى. ئۇ ياخشى
ئادەم، ئەمىسە مەسلىھەتىمىز پىشتى.
دەرياغا بەيبەزە باغلاپ سۇ بىلەن كېتىمىز.
ئۆزەم جايلاشتۇرۇپ قويۇپ كېلىمەن.
ئەھمەت: مەنمۇ بارىمەن.
زىنەل: ياق، سەن بارالمايسەن،
ھازىر سېنىڭمۇ بېشىڭدا خېلە جىق ئوت
كۆيۈپ تۇرىدۇ. قېنى، تۇر ئۇڭا، مەن
مەلىگە بېرىپ چوت ۋە باشقا كېرەكلىك
نەرسىلەرنى ئېلىپ كەلگىچە سەن دەريا
بويىدا ياخشىراق بىر ئورۇن كۆرۈپ ھەم
بەيبەزىگە لايىق ياغاچ بىر نېمىلەرنى كۆرۈپ
تۇرغىن.
گۈلەم: بىزچۇ.
زىنەل: سىلەر بىرئاز كۆز يۇمۇپ
ئارام ئېلىڭلار، كېچىدە ماڭىمىز. سۇنىڭ
خەتەرلىكلىكىنى بىلىسىلەر، ئۇخلاپ
قېلىشقا بولمايدۇ. (ئەھمەتكە) قېنى يۈر
(ئورنىدىن تۇرىدۇ، ئەھمەتمۇ) بولىدۇ
ماڭايلى، خەير دېيىشىپ ئىككىسى ئىككى
تەرەپكە چىقىپ كېتىشىدۇ. گۈلەم، سۇلتان
بىر - بىرسىگە ئىللىق قارىشىپ سۆز
تاپالماي تۇرۇشۇپ قالىدۇ.
گۈلەم: (بىر نەرسە ئېسىگە
كەلگەندەك ئىلدام يېنىدىن ھۆل ياغلىقنى
چىقىرىپ) راستلا، مۇنۇ قول روماللىڭىزنى
يېيىپ قويايمۇ (دەس تۇرۇپ بىر شاخقا
يايىدۇ ھەم ئەسنەپ كېرىلىدۇ)
سۇلتان: ھە، ھە، ئۇنىڭغۇ ياخشى
قىلدىڭىز، ئەمدى بىرئاز ئۇخلاۋېلىڭ،
كېچىلەپ سۇدا ماڭساق يەنە ئۇخلالمايسىز.
گۈلەم: (يېنىپ سۇلتانغا يېقىنلى-
شىپ) سىزچۇ.
سۇلتان: مەنمۇ ئۇخلايمەن، يې-
تىڭ. (ئىغىنايدۇ)
گۈلەم: خوپ ئۇخلايلى (سۇلتانغا
قارشى ياتىدۇ دەرەخ ئارىسىدا بىر - بىرىگە
قارىشىپ يېتىپ ئۇخلاپ قالىدۇ)
مۇزىكا كۈچىيىدۇ. بىر ئازدىن كېيىن
تۆردىكى يار ئۇستىگە بىر كىشى چىقىپ ھەر

تەرەپكە قاراشقا باشلايدۇ. يەنە بىر كىشى چىقىپ: ھە، ئەللىك بېشى بىر نەرسە كۆرۈنەي دەمدۇ دەپ يېقىنلىشىدۇ.

ئەللىك بېشى: ھېچنەرسە كۆرەلمەيۋاتىمەن.

2 ـ كىشى: (سىنچىلاپ قاراپ ياغلىققا كۆزى چۈشىدۇ) قاراڭ (قولى بىلەن كۆرسىتىپ) ئاۋۇ ... شاختىكى نېمە، كۆرۈۋاتامسىز؟

ئەللىك بېشى: ھە، ئۇ بىر لاتىغۇ، بىرگە ئادەم كېرەكتە.

2 ـ كىشى: ئاشۇنى ئادەم يايمىسا ئۆزى ئۈنۈپ چىقمايدۇ ـ دە، يۈرۈڭ، بېرىپ كۆرەيلى. (ياردىن يېنىپ ياغلىققا قاراپ قويۇپ چۈشۈپ كېتىدۇ)

مۇزىكا كۈچىيىدۇ (دەھشەتلىك ئاھاڭغا) گۈلەم پات ـ پات چۆچۈپ، سۇلتان مىدىراپ قويىدۇ. بىر ئازدىن كېيىن، بىر يايى كىرىپ، بۇلارنى كۆرۈش بىلەن ئارتقا قاراپ «ماڭ!» دېگەن قول ئىشارىسى.

لوزۇڭ باشلىق ئىمىن، ئەللىك بېشى يەنە بىر يايى ئېھتىيات بىلەن كىرىپ ياتقانلارنى ئايلىنىپ قاپسايدۇ، بىر يايى قىلىچىنى يالىڭاچلاپ تۇرىدۇ.

لوزۇڭ: (كۈلۈمسىرەپ) بەك ھارغان كۆرۈنىدۇ. (2 ـ يايىغا) سەن كويزىنى تەييارلا.

يايى: خوپ. (قويىنىدىن كويزىنى چىقىرىدۇ)

لوزوڭ: ئاۋۋال ئەرنى ئويغىتىڭلار!

ئەللىك بېشى: (سۇلتاننى نوقۇپ) ھەي، ھەي تۇر! سۇلتان ئىنجىقلاپ كۆز ئاچمايلا 2 ـ ياققا ئۆرۈلىدۇ.

ئىمىن: پاھ، ئانا قارنىدا ياتقاندەك يېتىپتۇ ـ دە، (كۈلكە) سۇلتان چۆچۈپ ئويغىنىپ ئەتراپقا قاراپ دەس تۇرۇپ يەردىكى تاياقنى ئېلىپ تايىنىپ قاراپ تۇرىدۇ.

لوزۇڭ: (غەررە كۈلكىسى بىلەن) ھە يىگىت، قېرىپ قالدىڭمۇ؟ سۇلتان يىرگىنىش بىلەن قاراپ تۇرىدۇ.

لوزۇڭ: تاياقنى تاشلاپ تاق تۇرغىن، بىز سېنى مۇبارەكلەپ كەلدۇق.

سۇلتان: (يىرگىنىش بىلەن) رەھمەت!

لوزۇڭ: (يايىغا) بۇلارغا ئەكەلگەن تۆھپىنى تەقدىم قىل!

يايى: خوپ (كويزىنى ئېلىپ سۇلتانغا يېقىنلىشىدۇ).

سۇلتان: (قەددىنى رۇسلاپ قايت، مەن ئانداق تۆھپىنى قوبۇل قىلالمايمەن.

لوزۇڭ: ئوھوي، تېخى خېلە غەيرىتىڭ بار كۆرۈنىدۇ. گۈلەم ئويغىنىپ، ئەتراپقا قاراپ، دەس تۇرۇپ، كۆزىنى ئۇگىلاپ بۇلارغا قاراپ تۇرۇپ قالىدۇ. (ھەممىنىڭ دىققىتى بۇنىڭغا كۆچىدۇ)

لوزۇڭ: (كۈلۈمسىرەپ) ياخشى ئۇخلاپسىزمۇ؟

گۈلەم: (يىرگىنىش بىلەن قاراپ قويۇپ، ئىمىنغا يېقىنلىشىپ بىر ئاز يېلىنغان ھالدا) ئىمىن ئاخۇن ئاكا، سىلى بىزنىڭ ئاتىمىزغۇ، بىزگە ئوخشاشلا ئوغۇل ـ قىزلىرى بارغۇ، شۇلارنى كۆز ئالدىلىرىغا كەلتۈرۈپ بىزگىمۇ رەھمى قىلساڭلار بولمامدۇ. (ئىمىن تەتۈر قارىۋالىدۇ)

سۇلتان: گۈلەمخان، قۇش يىغلىسا تورغا چۈشەر، ئەر يىغلىسا قولغا دەپ بىز ئۆزىمىز يىغلىدۇق، يېلىنماڭ، ئىشتىنىڭ ئاغزىغا چۈشكەن توشقاننىڭ زارلىنىشى پايدىسىز.

ئىمىن: (ئىلدام بۇرۇلۇپ) ھەي ناكەس، بايقاپ سۆزلە.

لوزۇڭ: تۇت بۇ ئەبلەخنى!

ھۇجۇم باشلىنىدۇ، سۇلتان تاياق بىلەن ھەممىگە جاۋاب قايتۇرۇپ تۇرىدۇ. 2 ـ يايى ھەم قىلىچىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ رەسمىي قىلىشۋازلىق بولىدۇ. سۇلتان تاياق بىلەن ھەر ئىككىسىنى قايتۇرۇپ تۇرۇپ، ئاخىر بىرسىنىڭ قىلىچىنى ئۇرۇپ چۈشۈرۈۋېتىدۇ.

ئىمىن: ھوي، ھوي، تۇتۇڭلار!

(ئۆزىمۇ ئېتىلىدۇ.)

**گۇلەم:** قايت! (ۋارقىراپ كېلىپ، ئىمىننى گەژگىسىدىن تارتىپ يىقىتىدۇ.)

**لوزۇڭ:** هاي ئەبلەخ! (گۇلەمگە يۇگىرەيدۇ.) سۇلتان بۇنى كۆرۈپ لوزۇڭغا هۇجۇم قىلىشىغا كەينىدىن ئەللىك بېشى قۇچاقلاپ تۇتۇۋالىدۇ.

**ئىمىن ۋە باشقىلار:** ۋاي بارىكاللا (ئولىشىپ تۇتىدۇ.)

**لوزۇڭ:** (گۇلەمنى چەتكە سۈرۈپ، كەينىگە قاراپ) باغلا، سال كويزىنى!

گۇلەم قولىغا تاياق ئېلىپ هۇجۇمغا ئۆتىدۇ. لوزۇڭ بىلەن بىر ئاز ئېلىشقاندىن كېيىن بىر يايى بىلەن ئەللىك بېشى تاياقنى ئۇرۇپ چۈشۈرۈپ گۇلەمخاننىمۇ تۇتۇپ باغلايدۇ. ئورمان ئىچىدىن ئەهمەت چىقىپ بۇلارنى كۆرۈپ هاڭ ـ تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قالىدۇ.

**ئىمىن:** (ئەهمەدنى كۆرۈش بىلەن) مانا ـ مانا بۇ هەم تېپىلدى، تۇتۇڭلار!

**سۇلتان:** (ئىلدام بۇرۇلۇپ قاراپ) ۋاي، ئەهمەدجان! (ۋارقىرايدۇ) ئەهمەد خېلى ئېتىشىپ ئاخىرى قولغا چۈشىدۇ.

**گۇلەم:** (غەزەپ بىلەن) ئەي زالىملار، ئۆلتۈرۈڭلار مېنى. ئۆلۈمگە رازىمەن. بەرىبىر ئۇ تازىنىڭ ئۆيىگە تىرىك ئاپىرالمايسىلەر.

**ئىمىن:** (تەنە بىلەن) پاه، تېخى خاتىرجەم بولسىلا خېنىم. ئۇ هەم مۇنداق ئەسكىلەرنى ئۆيىگە يولاتمايدۇ.

**ئەللىك بېشى:** ۋاي تېخى، ئۇ ئاللىقاچان زىلەمنى ئۆيىگە ئاپىرىپ بولدى خېنىم.

**سۇلتان:** گۇلەمخان، بولدى زارلانماڭ پايدىسى يوق.

**ئەهمەد:** (ئىمىن، لوزۇڭغا كۆز ئالايتىپ) ئامان بولساق كۆرۈشىمىز.

مۇزىكا × × (ئاهاڭغا كۆچىدۇ.)

سۇلتان ناخشا ئېيتىدۇ:

رومالىمنى يۇدۇردۇم،
تال شاخىغا يايدۇردۇم.
ئاران تاپقان يارىمنى،
قاراقچىغا ئالدۇردۇم.

گۇلەم ئىلدام ياغلىققا قاراپ گۇناهكارلارچە باش ئېگىپ يەرگە قاراپ تۇرىدۇ.

**سۇلتان:**

ئەمدى مېنى كەتتى دەپ،
ئەگمە ئەسلا باشىڭنى.
يىغلىما هەم ئاه ئۇرۇپ،
تۆكمە قەترە ياشىڭنى.

**گۇلەم:**

كۆزۈم تويسا تويغاندۇ،
كۆڭلۈم تويمىدى يارغا.
يات قولىغا چۈشكەندىن،
ئېسىلىپ ئۆلەي دارغا.

**لوزۇڭ:** (ئىشىنى تۈگىتىپ) بولدى، كاكىراشما (باشقىلارغا) بولۇڭلار، هايداڭلار!

**ئىمىن:** قەيەرگە ئاپىرىمىز تەخسىر.

**لوزۇڭ:** مەلىكە.

**ئىمىن:** هەممىسىنىما؟

**لوزۇڭ:** (ئەجەبلەنگەن هالدا قاراپ قالىدۇ.)

**ئىمىن:** مەنچە بولسا، سۇلتاننى مۇشۇ يەردىلا شەهەرگە هايدىساق، بۇنى مەلىدە بىر قانچىلار كۆرمىدى. ئەگەر كۆرۈپ قالسا يەنە چاتاق چىقارمىكىن.

**لوزۇڭ:** ئەهمەدنىچۇ؟

**ئىمىن:** بۇنى باي بىلەن هاشىم كۆرگىنى ياخشى.

**لوزۇڭ:** بولىدۇ، قېنى ماڭايلى، مۇنۇنى شەهەرگە ئېلىپ بار.

**ئىمىن:** جاڭگالدىن چىققۇچە ئەللىك بېشى بىللە بارسۇن، قېنى ماڭايلى!

بىر يايى بىلەن ئەللىك بېشى سۇلتاننى ئايرىپ مېڭىشقا باشلايدۇ.

**لوزۇڭ:** (بۇلارغا قاراپ) ئەللىك بېشىنى ئويمان بايتۇقايدىن قايتۇرۇپ، ئۆزەڭ كېچىلەپ بولسىمۇ يامۇلغا يەتكۈز. يەنە شاڭيۇنىڭ ئۆيىدە مېنىڭ خورجىنىم بار. ئۇنىمۇ ئالغاچ كەت!

No5 uyghurkitap.com



**يايى:** (خوپ) ماڭ (سۇلتاننى
ھايدايدۇ.)

**سۇلتان:**
غانجۇغامدا ئاغامچى،
تۇردىم سالمىنى ئاتقا.
مېنى دېسەڭ غەيرەت قىل،
كۆڭۈل بەرمىگىن ياتقا.
ئاستا مېڭىپ يارغا يېقىنلىشىپ
بۇرۇلۇپ كەينىگە قارايدۇ. گۈلەممۇ ھەم
سازلىق تەرەپكە ئاستا مېڭىپ بۇرۇلۇپ
سۇلتانغا قارايدۇ.

**گۈلەم:**
ئۆرۈلسەم تىكەن ئاللا،
چۆرۈلسەم تىكەن ئاللا.
سەندىن ئۆزگىنى دېسەم،
باغرىمغا تىكەن ئاللا.
ھەر تەرەپتىن «ماڭ - ماڭ!» دېگەن
ئاۋاز بىلەن پەردە چۈشىدۇ.

## بەشىنچى پەردە

**سەھنە:** ئانارخاننىڭ ئۆيى، ئۆي ناھايىتى ئاددىي، بىر بۇلۇڭدا كونا ساندۇق، ئۈستىگە تىزىلغان ئورۇن - كۆرپىلەردىن ئۆزلىرى ئىشلىتىپ قالغان قىسمى چۈكۈلۈپ تۇرىدۇ.

تامدىكى قوزۇقلاردا ئاددىي ئۆي ئەسۋاپلىرى، قاپاق چۆمۈچ، ماتا لۆڭگىلەر ئېسىقلىق تۇرىدۇ.

يېرىم كېچە، ئۆينىڭ باقا قارتىپ ئېچىلغان پەنجىرىسى بىلەن ئىشىكلەر مەھكەم ئېتىلگەن، بىر بۇلۇڭدا چىراغپايىدىكى جىن چىراغ غۇۋا يېنىپ تۇرىدۇ.

ئۆينىڭ بىر چېتىدە بىر ئەر ئىككىنچى چېتىدە ئىككى ئايال چالا يېشىنگەن ھالدا ئۇخلىشىپ ياتىدۇ.

ئۆي ئىچى جىمجىت، يىراق جايلاردا چىلىلاۋاتقان توخۇلارنىڭ ئۈنى بىلەن يېقىن بىر جايدا قاۋىغان ئىت ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرغان ھالدا پەردە ئېچىلىدۇ.

پەردە ئېچىلىش بىلەن مۇزىكا بىر ئاز بېسىلىپ ئانار ئويغىنىپ، تولغىنىپ ئىت ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئىلدام يېنىنى كۆتۈرۈپ تىڭشايدۇ.

**سىرتتا:** (پەنجىرىدىن ئېھتىيات بىلەن) ئانارخان ئاپا! (ئاۋاز)

**ئانار:** ۋېيەي قايسىڭلار (ئورنىدىن تۇرۇپ، پەرنجىرە تۈۋىگە بېرىپ) كىم بۇ.

**سىرتتا:** (ئاستا ئاۋازدا) مەن، مەن.

**ئانار:** (پەنجىرىگە تارتىلغان رەختنى بىر چەتكە سۈرۈپ) مەن دېگەن كىم زادى، ئېيتىڭىز نېمە؟

**سىرتتا:** تونالماي تۇرامسىز، ئاۋۇ ياتقان كىم؟

**ئانار:** (ياتقان ئەرگە قاراپ) ئاۋۇما، ئۇ، ئوسمان.

**سىرتتا:** ۋاي بەللى، ئۆزىمىزنىڭ كىشىسى ئىكەن - دە، مەن ئەخمەتجان!

**ئانار:** نېمە؟ (كۆكسىنى بېسىپ داجىيدۇ.)

**سىرتتا:** نېمە، مەندىن قورقۇۋاتا-سىز؟

**ئانار:** ۋېيەي، قورقماي، ئۇ ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتتىغۇ.

**سىرتتا:** يالغان گەپ، كىم كۆرۈپتۇ.

**ئانار:** نېمىشكە يالغان بولسۇن، يايى - لوزۇنلار ئۆزلىرى خەۋەر قىلىپ ھەتتا نەزىر - چىراغلىرىنى بېرىپ بولدى.

ئوسمان ئويغىنىپ تىڭشايدۇ.

**سىرتتا:** ئاۋۋال ئىشىكنى ئېچىڭ، مەن ئۆيگە كىرگەندە كۆرۈپ ئىشىنەرسىز.

تاغاملارنىڭ ئۆيى قالايمىقان كۆرۈنىدۇ.

**ئوسمان:** (ئورنىدىن دەس تۇرۇپ) كىمۇ ئۇ (پەنجىرە تۈۋىگە كېلىدۇ.)

**ئانار:** ۋاي تاڭەي، مەن «ئەخمەتجان!» دەيدىغۇ.

**سىرتتا:** ئوسمان ئاكا، سالامەتمۇسىز.

**ئوسمان:** (خۇشاللىق بىلەن) هوي، ئەخمەتجان، ئەخمەتجان تىچمۇسەن ئۇكا، هەدە ئاچ - ئاچ، بول ئىشىكنى ئاچ!

**ئانار:** (هودۇققان هالدا تەمتىرەپ قالىدۇ.)

**ئوسمان:** توختا - توختا، پەنجىرەنى ئاچايلى (دەررۇ پەنجىرىنىڭ كىشىكنى تارتىپ ئىچىپ يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.) سىرتتىن ئەخمەتجان سەكرەپ چۈشىدۇ، هەجەرمۇ ئويغىنىپ كىتىدۇ.)

**ئوسمان:** (ئىلدام ئەهمەتجاننى ئۆزىگە تارتىپ) قىنى ماڭا قارىغىنا. ئايالار ئەجەبلەنگەن هالدا قاراپ قالىدۇ.

**ئەهمەتجان:** (باش كۆتۈرۈپ كۇلۇمسىرەپ) هە، مانا ئەمدى ياخشى قاراڭلار!

**ئوسمان:** مانا - مانا، تاق شۇنىڭ ئۆزى، كەل باغرىم (قۇچاقلايدۇ.)

**ئانار:** ۋاي توۋۋا (كۆكسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ قالىدۇ.)

- هەجەر دەس تۇرۇپ يۈگۈرەپ كىلىپ ئانارخانغا چىرمىشىۋىلىپ ئەخمەتجانغا قاراپ تۇرىدۇ.

**ئەهمەت:** (ئوسماندىن بوشاپ، ئانارخانغا قاراپ) قانداق ئەهۋالىڭلار، هەجەر قىز ياخشى تۇرامسىز؟

**ئانار:** ئاه، جىنىم باللىرىم (ئەهمەتنى قۇچاقلاپ باش - كۆزىنى سىلاپ يىغلايدۇ.)

**هەجەر:** ئاه، ئاكام (يۈگۈرەپ كىلىپ ئۇن سىلىپ يىغلايدۇ.)

**ئەهمەت:** (ئاناردىن بوشاپ هەجەرنىڭ بىشىنى سىلاپ تۇرۇپ) يىغلىماڭ، سەۋرى قىلىڭ!

**ئانار:** ۋاي جىنىم باللىرىم، سۇلتانىمۇ تىرىك بولغاندا مۇشۇنداق كىلىپ قالارىدى.

**ئەهمەت:** (چۆچۈگەندەك) نىمە، سۇلتان هايات ئەمەسمىكەن؟

**ئانار:** ياق (يىغلاپ) ئۆلۈپ كەتتى.

**ئەهمەت:** (هەجەرنى بەزلەپ، ئۆزى ئولتۇرۇپ، باغرىغا بىسىپ) يىغلىماڭ، هەجەر قىز يىغلىماڭ، يالغان گەپ، ئۆلمىدى.

**ئانار:** (قاتتىق يىغلاپ) ۋاي ئۆلۈپ كەتتى بالام، ۋاي، باغرىم ئۆلۈپ كەتتى، مەن ئۆز قولۇم بىلەن كۆمدۈم.

**ئوسمان:** (تەسەللى بىرىپ) هەدە بولدى، بىر ئاز ئۇنۇتقىنى باس، قىنى ئولتۇرايلى، تاڭ يىقىنلىشىپ قالدى. (هەممە سۆزسىز ئولتۇرۇشىدۇ.) يىغىلار بىر ئاز بىسىلىدۇ. هەجەر ئەهمەتنىڭ تىزىغا بىشىنى قويۇپ، دۈم يىتىپ يىغلايدۇ.

**ئەهمەت:** (ئۇنىڭ بىشىنى سىلاپ ئولتۇرۇپ) بۇ يالغان گەپ دىسەم ئۆزەم كۆمدۈم دەيسىز، قەبرىسى قەيەردە؟

**ئانار:** (ئۆپكىدەپ تۇرۇپ) گۆركرەتمىنىڭ يىنىدىكى دۆڭدە.

**ئوسمان:** قەدەم جايى دىگەن ئۇۋۋانىڭ ئۈستىدە، هەممە (توختاپ قالىدۇ.)

**ئەهمەت:** هە، هە، توختاپ قالدىڭىزغۇ.

**ئوسمان:** (بىشىنى ئىگىتىپ) بۇنى باشتىن سۆزلەش كىرەك.

**ئەهمەت:** هە، هە، سۆزلەڭ، مەنمۇ شۇنى ئاڭلىسام بولاتتى.

**ئوسمان:** (ئايالارغا قاراپ قويۇپ) بىراق.

**ئانار:** سۆزلە، سۆزلە، بىزدىن قورقۇۋاتامسەن.

**ئوسمان:** بىرقانچە يوشۇرىدىغان جايلىرى بار ئىدى.

**ئانار:** بولدى، بولدى ئۇلارنى مەنمۇ بىلىمەن، زىننەلباقى هەجەربۇۋۇگە دەپ ئىككى دانە ماتا يەنە بىر نەرسىلەرنى بەردى.

**ئوسمان:** هە، ئەمسە، باشقىنى ياخشى سۆزلىدى. سۆزلەي، سىلەر سۆز

www.uyghurkitap.com

ئارىلىماي تىڭشاڭلار. - ھەممە خوپ دەپ كۆز ياشلىرىنى ئېتىپ تىڭشايدۇ.

**ئوسمان:** سىلەر تۇتۇلغاندا بىر زىنەل ئاكام ئىككىمىز كەلسەك يېڭى ئېلىپ ماڭغان ئىكەن. شۇ يەردىنلا سۇلتاننى قۇتقۇزۇش يولىغا چۈشۈپ ماڭدۇق. چوڭ يولغا چىققاندا ئۆمەر ئۇرۇشۇپ قالدى. ئۇنىمۇ قايتۇرۇپ گۈكىرەتمىگە بارغاندا بىز بۇرۇلۇپ ئالتۇنغا باردۇقتە بىر ئات، بىر جۇگا شالۋۇر، بىر تىزىق قوڭغۇراق تېپىپ بۇلارنىڭ ئالدىدا كېسىلگەن يارغا بېرىپ جايلاشتۇق. زىنەلباقى يار ئۈچىدە بىر ئۆڭكۈرگە كىرىپ، جۇگىلارنى تەتۈر كىيىپ قوڭغۇراقنى بەلگە باغلاپ ئولتاردى. بىز ئىككى چەتكە جايلاشتۇق. چاقماقتا ئوت ياندۇرۇپ دالدا يەرگە قالاپ قويدۇق. بىر تۇتامدىن چىغ قولىمىزدا قارىشىپ تۇردۇق. كۆز باغلىنىپ رەسمىي قاراڭغۇ چۈشكەندە ئۇلارمۇ يېتىپ كەلدى. باش تەرەپتە ئۆمەر بار ئىدى. ئۇ گەپسىز ئۆتكۈزۈۋەتتى. ئۇ چەتكە چىقاي دېگەندە مەن چىغقا ئوت يېقىپ يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا چىقىپ تۇسىدىم. يايى چىپ توختاپ قالدى ـ دە، ۋاقىراپ «ئەيتال كۆرسى» نى ئوقۇشقا باشلاپ «سۇ - سۇ» دەيتتى. مەن ئالغا مېڭىشىم بىلەن يايىمۇ كەينگە ياندى. ئۇ تەرەپتە ئۆمەرنىڭ ئوتى پەيدا بولدى، يايى تەمتىرەپ قالدى. شۇ ئارىدا جاراڭ - جۇرۇڭ قىلىپ زىنەل چىقىشى بىلەن ئات ئۈركۈپ يايىنى يەرگە باغرىچە ئۇردى.

**ھەممە:** ئۇھ، ئۇھ، ئۇھ.

**ئەھمەت:** سۇلتانچۇ.

**ئوسمان:** توختا، ئۇ باغلاقتا. يايى ھۇشسىز يېتىپ قالدى. بىز يۈگۈرۈشۈپ كەلدۇقتە، سۇلتاننى يايىنىڭ ئېتىغا مىندۇرۇپ، ئۆز ئاتلىرىمىزنىڭ يېنىغا كەلدۇق. ھەش - پەش دېگۈچە جاڭگالغا كىرىپ كەتتۇق. ئۇ يەردە كويزا چېقىلىپ سۇلتان بوشىدى. يايىنىڭ بۆكتۈرگەن خورجۇننى ئاختۇرساق تازا ياخشى بەقەسەن چاپاندىن تۆت دانە، ئىككى دانە سىماۋا پەشمەت، يەتتە دانە ماتا چىقتى. ئۇنىڭ تېگىدىن بىر ياغلىققا ئورالغان ھىرقانچە ياچەن پۇل چىقتى.

**ئەھمەت:** ۋاي بەللى، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى يايىلارنىڭ بىزگە ئوخشاش كەمبەغەللەرنىڭ پۇت - قولىنى باغلاش ئۈچۈن بەرگەن پارىلىرى - دە.

**ئوسمان:** ھە، شۇنداق بولماي، ئاندىن چاپانلاردىن ئىككىسىنى كىيگۈزدۇق. پۇلنى يانچۇقىغا سېلىپ يايىنىڭ ئېتىغا مىندۇرۇپ يولغا سالدۇق.

**ئەھمەت:** (خۇشاللىق بىلەن) مانا ھايات دېگەن شۇ ئەمەسمۇ. (ئىلدام تۇرۇپ كېتىدۇ.)

**ئانار:** ياق، بالام توختا، ئايىقى بار. (ئوسمانغا قاراپ) سۆزلەپ بەرگىن.

**ئوسمان:** (كۈلۈمسىرەپ ئانارغا بىر قارىۋېلىپ) ماقۇل، (ئەھمەتكە) قېنى ئولتار.

**ئەھمەت:** قېنى سۆزلەڭ (ئولتۇرىدۇ.)

**ئوسمان:** شۇ كۈننىڭ ئەتىسى مەلىدە «كېسىلگەنياردا يايىغا ئالۋاستى يولۇقۇپ ئاتتىن ئېتىپ تاشلاپتۇ، سۇلتاننى ئېلىپ كېتىپتۇ» دېگەن پاراڭ پۇر كەتتى ھەم شۇ كۈندىن باشلاپلا يارنىڭ ئىسمى «يامانىيار» ئاتىلىپ قالدى.

**ئەھمەت:** ۋاي بەللى، ئەمدى «يامانىيار» دەيدىكەنمىز دە.

**ئوسمان:** ھە، شۇنداق، بۇ توغرىلىق زىنەل قوشاقمۇ قېتىۋالدى.

**ئەھمەت:** (قىزىقىش بىلەن) نېمە دەپ.

**ئوسمان:**

يامان يارنىڭ نېرىسىدىن،
جىرغىلاڭنىڭ بېرىسىدىن.
ئۇنىمگەن چىغ تۇۋىدىن،
تۆرەلمىگەن توشقان چىقتى.
يوتىسىغا چوماق بىلەن بىر ئۇرسام،
كولىمىغان ئورىغا چۈشتى،
ئالتە پاتمان يېغى چىقتى،
يەتتە پاتمان چاۋىسى.
قىشتىن بېرى يەۋاتىمىز،

ھېلىمۇ بار تەڭ ياتىسى ـ دەپ.

**ئەھمەت:** پاھ، نېمە دېگەن كېلىشكەن ـ ھە. (ھەممىسى باش ئىغتىشىپ تەستىقلەيدۇ.)

**ئوسمان:** دېمە، بۇ ۋەقە ئۆتۈپ ئۈچ كۈندىن كېيىن دەريادا بىر ياش بالا ئېقىپ ئۆلۈپتۇ، ئىگىسى چىقمايۋاتقىدەك. مۇشۇ سۇلتان بولۇشى كېرەك دېگەن سۆز تارقالدى. بۇنى ئاڭلاپ زىنەل ئىككىمىز ھارۋا ئېلىپ بارساق باشقا بىر بالا. ھەجەر دەس تۇرۇپ كېتىدۇ. ئانار چۆچىگەندەك ئىلدام ئوسمانغا قاراپ تۇرۇپ قالىدۇ.

**ئەھمەت:** (ئالدىراپ) ھە، ھە.

**ئوسمان:** زىنەل بۇنى سۇلتان دەپ ئاپىرىپ كۆمىمىز. ئىزدەش بېسىلىدۇ دېدى. خوپ دەپ ئەكىلىپ كۆمدۇق، شۇ.

**ھەجەر:** ۋاي ئاكام! (يىغلايدۇ.)

**ئانار:** ئاھ، بالام! (ئوڭدىسىغا ئۆرۈلۈپ يىقىلىدۇ.) سۆۋەت ئۆزگىرىپ، ئۆي يورۇيدۇ. ھەممە ئانارغا ئولىشىپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ يۆلەپ تۇرىدۇ.

**ئوسمان:** ھەجەرقىز سۇ، سۇ ئەكىلىڭ!

**ھەجەر:** (ئىلدام چىقىپ سۇ ئەكىرىپ ھەم يۈزىگە چاچىدۇ.)

**ئانار:** (سەسكىنىپ كۆزىنى ئېچىپ، ئەتراپقا قاراپ ئاستا ئوسمانغا) سەن نېمە ئۈچۈن ماڭا ئېيتمىغان؟

**ئوسمان:** بولمايتتى. خاتىرجەم بولۇپ قالاتتىڭ. ئۇلار يەنە ئىزدەيتتى. (ئەھمەتكە قاراپ) ھوي راستلا سېنىمۇ ئېقىپ ئۆلدى دېگەنغۇ.

**ئەھمەت:** راست، مەن زىندانغا چۈشۈپ تۆت ئايدىن كېيىن ئۈچ كىشى بىر قاچتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە زوجىڭسەي دېگەن يېقىن ئاغىنەممۇ بار ئىدى. مېنى جىق زورلىدى. مەن قورقۇپ ئۇنىمىدىم. ئۇ ماڭا بىر ئىكەك، بىر كەكىنى تاشلاپ كەتتى. ئارىدىن يەنە بەش ئاي ئۆتتى. ياز بولۇپ كۈن ئىسسىپ قالدى. بىزمۇ بەش كىشى بىر قاچتۇق. باشقىلارنى بىلمەيمەن. مەن توغرا دەريا تەرەپكە قاچتىم. دەرياغا يېقىن كەلگەندە قوغلاپ كېلىپ قالدى. بىر يادىن ئۆزەمنى دەرياغا ئاتتىم ـ دە، قۇتۇلدۇم. مانا مېنىڭ ئۆلدى خەۋىرىم شۇنىڭدىن چىقتى.

**ئوسمان:** ھە، بۇلار يالغان ئېيتمىدىغان ئىكەن. (ئەتراپقا قاراپ) ھوي، ۋاخ بولۇپ قاپتۇ، چىقاي ئىزدەپ كىرىپ قالمىسۇن، بىر ئايلىنىپ كىرىمەن (چىقىپ كېتىدۇ.)

**ھەجەر:** چوڭ ئاپا، مەن چايغا ئوت ياقايمۇ؟

**ئانار:** ھە، ھە، شۇنداق قىل جېنىم قوزام، مەن مەيەرلەرنى بېسىقتۇرۇۋالاي. ھەجەر چىقىپ كېتىدۇ.

**ئانار:** (ئىشلەپ تۇرۇپ) بالام تاغاڭلارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋىرىڭ بارمۇ؟

**ئەھمەت:** ياق، راستلا ئۇلارنىڭ ئۆيىدە نېمە ئىش بولىۋاتىدۇ. قارىسام قالايمىقان، ئاندىن بۇ يەرگە كەلدىم.

**ئانار:** (ئويلىنىپ تۇرۇپ ئاخىر) توي بالام، توي.

**ئەھمەت:** نېمە توي.

**ئانار:** چىمەننى بايغا بەرمەك بولۇۋاتىدۇ.

**ئەھمەت:** (چۆچىگەندەك) نېم (تۇرۇپ قالىدۇ.)

**ئانار:** ۋاي خۇدايىم، تەڭشەلمىگەن ئالەم، نېمە دېگىنى بولىدۇ، دەيسەن بالام.

**ئەھمەت:** تاغام ماقۇل دەپتۇما، چىمەنچۇ؟

**ئانار:** ياق، باي بۇلارنى بەك قىينىدى، ئاخىر ھاشىمنى يامولغا سولىماق بولغاندا ئىلاجىسىز ماقۇل دېدى.

**ئەھمەت:** نېمە، قىزىڭنى بەرمىدىڭ دەپ سولامدىكەن.

**ئانار:** ۋاي جېنىم بالام باي دېگەندە ئار ـ نۇمۇس، ئىنساپ، مېھىر ـ شەپقەت دېگەن نەرسە زادىلا بولمايدىكەن. بۇلارنىڭ ھەممە قىلمىشى يۈزسىزلىك، ھىلىگەرلىك ئىكەن. بىچارە ھاشىمنى يالغاندىن تاق گېلىغىچە قەرزگە بوغۇپ ئاپتۇ.

**ئەھمەت:** شۇنىڭ ئۈچۈن باي

uyghurkitap.com


بولىدۇ ـ دە.

**ئانار:** شۇنى دە بالام. يە ئىشلىمە-سە، ئۆمرىدە بىر كەتمەن چاپمىسا، ئەل يىمىگەننى يەپ ئەل كىيمىگەننى كىيىپ يەنە قانداق بايلىقى كۆپىيىدۇ دەيسەن.

**ھەجەر:** چوڭ ئاپا، ئىشىككە بىرى كەلدى. رەم ئاچىمەن دەيدۇ.

**ئانار:** ۋاي جېنىم بالام باشلاپ كىر. سۇلتان ئاكاڭغا ھەم ئەھمەت ئاكىلىرىڭغا رەم ئاچتۇرىمىز. ھەجەر ئىلدام چىقىپ كېتىدۇ. ئانار چالا قالغان ئىشلارنى ئالدىراپ قىلىپ تۇرۇشقا ئىشىكتىن بىر خەنزۇچە ئۇزۇن چاپان، بېشىغا سەككىز تالا بوك كىيگەن، ئۇزۇن بىر ئۆرۈم چېچى بار، كۆزىگە كۆز ئەينەك تاقىغان، بىر كۆك لاتىغا ئورالغان بوپىنى بېلىگە ئىلغان خەنزۇ بىلەن ئۈستىگە كولا جەندە كىيىپ، بېلىگە بىر قاپچۇقتا رەم ئېچىش كىتابىنى باغلىغان ئۇزۇن قارا چاڭگال ساقال، چاچلىرى مۈرىگە چۈشكەن بىر قەلەندەر سالام بېرىپ كىرىدۇ. كەينىدىن ھەجەر كىرىپ ئىشىك تۈۋىدە تۇرىدۇ. ئەھمەت، ئانار ئەجەبلەنگەن ھالدا خەنزۇغا قاراپ تۇرۇپ قالىدۇ. كىرگۈچىلەرمۇ ئەجەبلىنىپ تۇرۇپ قالىدۇ، ئاخىر

**قەلەندەر:** ئەھمەتجان! (ۋارقىرايدۇ.)

**ئەھمەت:** (دەررۇ يېنىدىن پىچاقنى سۇغۇرۇپ، ھۇجۇمغا تەييارلىنىپ تۇرىدۇ.)

**خەنزۇ:** ۋەي ـ ۋەي، تاتا، تاتا (كېلىپ سۇلتاننىڭ بېشىدىكى كولا ۋە چاچ ساقاللىرىنى سىرىپ ئېلىپ) قاراپ باقە، بۇ سەندى ئاداشما:

**ئەھمەت:** (ئاجايىپ ئۆزگىرىپ، لاسسىدە بوشاپ، قولىدىكى پىچاق يەرگە چۈشۈپ كەتكەننى تۇيما قاراپ قالىدۇ.)

**سۇلتان:** جېنىم دوستۇم، ھاياتمۇ سەن (قوللىرىنى كىرىپ يېقىنلىششىغا ئەھمەتمۇ كېلىپ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشىدۇ.)

**ئانار:** ۋاي جىگەرىم بالام! (دېيىشىگە سۇلتان ئەھمەتتىن بوشاپ ئانارغا ئېتىلىدۇ.) ئانار سۇلتاننى قۇچاقلاپ باش كۆزىنى سىلاپ يىغلايدۇ. ھەجەر تامغا يۆلەنگەن پېتى يىغلايدۇ. ھەجەر تامغا يۆلەنگەن پېتى داڭقىتىپ مىدىرلىماي قاراپ تۇرىدۇ.

**سۇلتان:** (ئانارنىڭ بوشاپ «ھەجەرقىز» دېيىشىگە ھەجەر «ئاھ، ئاكام!» دەپ ئېتىلىپ كېلىپ، قۇچاقلاپ يىغلايدۇ. سۇلتان ئۇنىڭ باش ـ كۆزىنى سىلاپ بەزلەيدۇ.) ئەھمەت سۇلتانغا يېقىنلىشىپ خەنزۇنى ئىشارە قىلىپ) بۇ كىم؟

**سۇلتان:** مېنىڭ شېرىكىم، ئىككىيلەن بىللە تۆمۈرچىلىك قىلىمىز، بۇ ھەم غولجا تەۋەسىدە قاچقۇن.

**خەنزۇ:** (ئەھمەتكە يېقىن كېلىپ) ھە، ھە، سەن مەندى بىلمەيدۇما ئەھمەت ئەجەبلىنىپ قاراپ قالىدۇ. ئانار، ھەجەر بىر ئاز بېسىلىپ بولارغا قارىشىپ تۇرىدۇ.

**خەنزۇ:** (سۇلتانغا) بۇ ئەخمەتى مەندىن ئاداشما، مەن بىلدى. شۇ مەندى بىلگەن يوخما. بىز يامۇلغا بىر ياتتى. مەن قاشتى، يوقالدى ئەمەسما.

**ئەھمەت:** نېمە (ئەجەبلىنىپ قارىشىغا) خەنزۇ كۆز ئەينەك، چاچلىرىنى قولىغا ئېلىپ)

**خەنزۇ:** قاراپ باقە.

**ئەھمەت:** زوجىڭ سەي! (ۋارقىرايدۇ.)

**زوجىڭ سەي:** لاسما ـ لاسما. تاپتى ـ تاپتى.

**ئەھمەت:** كەل كۆرۈشەمىز. (قۇچاقلايدۇ.)

پەردە چۈشىدۇ.

# ئالتنچى پەردە

**سەھنە:** نادر باينىڭ ئۆيى. يەنى يېڭى خوتۇن ئۇچۇن تۇزۇلگەن ئۆيى بولۇپ، تۆردن ئىشك تۇۋگىچە سېلنغان گلەم كۆرپلەر بر بۇلۇڭدا بوگۇلۇك ئالدغا ئارتلغان تاۋار كۆشۇگە، ئۆي تۆردە باغقا قاراپ ئېچلغان چوڭ پەنجرنىڭ ئككى يېنغا ئېسلغان كەشتلك لۆڭگلەرنىڭ برسنىڭ ئۇستدە چرايلىق ساپلانغان بر قامچا، ئككنچسنىڭ ئۇستدە كۇمۇچ ساپلىق پچاق غلاپ بلەن ئېسقلىق تۇردۇ.

يېڭىدن كەچ كرىپ ئۆي بر ئاز قاراڭغۇلاشقان، ئەتراپ جمجت، يالغۇز گۇلەمخان يالاڭ ئاياغ، تۆشلرى ئوچۇق، چاچلرى چۇۋۇلغان، سەۋدايى مسالى، ئشك تۇۋدە تۆرگە قاراپ تۇرغان هالدا پەردە ئېچلدۇ.

مۇزىكا كۇچىيدۇ. × × (ئاهاڭدا)

گۇلەم ئاستا مېڭپ كېلىپ، كۆشۇگنى قايرىپ بر ئاز قاراپ تۇرۇپ، پەنجرە تەرەپكە ماڭدۇ. پەنجرىدن سرتقا بر ئاز قاراپ، كلتاڭنى تارتپ پەنجرنى كۆتۇرۇپ ئېچپ، قايتا بېسىپ قويۇپ، قوزۇقتكى پچاقنى كۆرۇشى بلەن ئلدام قولغا ئالدۇ - دە، ئۇياق - بۇ يېقغا قاراپ قويۇپ، كۆكسگە بېسپ تۇرۇپ ئاجايب ئۆزگەرگەن هالدا بوشراق ئاۋازدا ناخشا ئېيتدۇ:

مەن ئۆلەرمەن، مەن ئۆلەرمەن،
يولدا قويماڭلار مېنى.
يولدا قويساڭلار قويۇڭلار،
چۆلدە قويماڭلار مېنى.
مەن ئۆلۇپ تۇپراقتا ياتسام،
كم مېنى ياد ئەيلسۇن.
دوستلۇرىم غەمكن بولۇپ،
دۇشمەنلرىم شاد ئەيلسۇن.

**ئخلەم:** (ناخشا ئاخرلاشمايلا قولدا ياندۇرۇلغان شامنى كۆتۇرۇپ كرىپ گۇلەمنى كۆرۇشى بلەن ئاجايب تەسرلەنگەن هالدا قاراپ تۇرۇپ قالدۇ. ناخشا تۇگشى بلەن) ۋايىەي، گۇلەمخان، سز بۇ يەردە ئكەنسزغۇ، (ئخلەم شامنى بر جايغا قويۇپ ئهتيات بلەن ئەتراپقا قاراپ، گۇلەمگە يېقن كېلىپ) بولۇڭ، تويچلارنىڭ كېلش ۋاقتى يېقنلشىۋاتدۇ. دەيبونىڭ سۆزلرىنى ئۇنتۇپ قالدڭزمۇ؟

**گۇلەم:** (ئخلەمگە تكلىپ قاراپ) نېمگە بولۇڭ دەيسز.

**ئخلەم:** هازرلىق كۆرمەمسز؟

**گۇلەم:** مانا مەن تەييارغۇ، باشقا نېمەم بار دەيسز، بىراق (توختاپ قالدۇ.)

**ئخلەم:** هە، هە، سۆزلەڭ.

**گۇلەم:** سۇلتانلارنىڭ بۇ يەرگە كرشگە كۆزۇم يەتمەيۋاتدۇ.

**ئخلەم:** هوي، دەيبو ئېيتتغۇ، ئاۋۋال ئۇلار چمەننى قاچۇردۇ. ئاندن چمەننىڭ ئورندا قز بولۇپ كېلدۇ.

**گۇلەم:** توختاڭ، ئۇ يالغۇز كرىپ ئۆزنى ئۆلۇمگە تۇتۇپ بېرەرمكن دەيمەن.

**ئخلەم:** قويۇڭە باشقلارچۇ، بايا باغنىڭ تۆردە بر تام ئۆرۇلگەننى بلدڭزمۇ؟

**گۇلەم:** (ئالدراپ) ياق، ياق، شۇنداق بولدمۇ؟

**ئخلەم:** هە، ئۇ تام ئۆزى ئۆرۇلدى دەمسز.

**گۇلەم:** (جانلنىپ) بولدى، بولدى. ئەمدى كۆڭلۇم ئمن تاپتى، كېلىڭ هەدە، قۇچاقلشپ كۆرۇشۇپ ئالايلى. (قۇچاقلايدۇ) سلەرنىڭ ياخشلقلرىڭلارنى ئۆلسەممۇ ئۇنۇتمايمەن،

№5

رازى بولۇڭلار!

**ئىخلەم:** (يىغلاپ) ۋاي، قېرىندىشىم، ئاق يوللۇق بولۇڭلار. (بوشاپ تۇرۇشىغا سىرتتىن يىراقتا يۆلەن ئاۋازى)

**ئىخلەم:** (چۆچۈپ) ۋاي، ئەنە توي كېلىۋاتىدۇ. بولۇڭ، يوشۇرۇنۇڭ.

**گۈلەم:** نېمىشكە يوشۇرۇناتتىم.

**ئىخلەم:** ۋاي قىززىققۇسىز، ھازىر بىر توپ ئەرلەر كېلىدۇ. بۇ ئۆيدە بەزىمىز بولارمىكىن.

**گۈلەم:** ۋاي تېخى، شۇنداقمۇ گەپ بارمۇ.

**ئىخلەم:** سىز توي قائىدىلىرىنى كۆرمىگەندە. تا خەقلەرگە قىز بىلەن باي يالغۇز قامىغۇچە كۆرۈنسىڭىز بولمايدۇ. بولۇڭ، بۇگۈلۈك ئاستىغا كىرىڭ. ئۆلەن يېقىنلىشىپ ئاي ـ ھاي دېگەن چوقانلار.

**ئىخلەم:** (ئالدىراپ) مانا، مانا كەلدى، بولۇڭ (گۈلەمنى ئىتتىرىپ بۇگۈلۈك ئاستىغا يوشۇرۇنۇپ) خەير، ئامان بولۇڭلار. (چىقىپ كېتىدۇ.)

ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلار بىلەن ئىمىن ھەم باي باشلىق بىرقانچە ياشلار داپ ـ دۇمباقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ كىرىپ كېلىدۇ. ھەممە قائىدە بىلەن ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن دۇئا قىلىشىپ بولۇپ: «ۋاي مۇبارەك بولسۇن! خۇدا مۇبارەك قىلسۇن!» دېيىشىپ چوقۇرىشىدۇ. باي ئىشىك تۈۋىدە ئۆرە تۇرۇپ، ھەممىگە «رەھمەت، ئېيتقىنىڭلار كەلسۇن!» دەپ مەغرۇرلۇق بىلەن كۈلۈمسىرەيدۇ.

**ئىمىن:** باي ئاكا، ئەمدى قالغان قائىدىلەرنىمۇ ئۆز يولىدا ئۆتكۈزۈشىمىز كېرەكقۇ دەيمەن.

**كۆپچىلىك:** ھە، ھە، ھە شۇنداق بولماي.

**باي:** ھەممە ئىختىيار ئوتتۇز ئوغۇلدا.

**پاشاپ:** (تايىقىنى ئالقىنىغا ئۇرۇپ قويۇپ) باي ئاكا، ياغلىق تەيياردۇ.

**باي:** بار، بار. (يانچۇقىنى ئاختۇرىدۇ.)

**پاششاپ:** (دەس تۇرۇپ) «ياپىرىم!» (باينىڭ ئالدىغا كېلىپ، ياغلىقنى ئالىدۇ ـ دە،) قېنى قايسىڭلار چىگىسىلەر.

**ئىمىن:** بولدى، بولدى، ئۆزەڭ چىگە. «ھە، ھە، سەن ياخشى!» دېگەن ئاۋازلار.

**پاششاپ:** خوپ ئەمىسە (تاياقنى قولتۇقىغا قىسىپ تۇرۇپ چىگىشكە باشلايدۇ، يېنىدا تۇرغان بىرسى ئاستا تاياقنى تارتىدۇ. پاششاپ تۇيۇپ قېلىپ ئىلدام قاراپ) دات! بەگلىرىم پاششاپنىڭ ئىتىنى ئوغۇرلىماقچى بولغان ئوغرى تۇتۇلدى. (كۈلكە)

**ئىمىن:** بۇنىڭغا ئىناۋەتلىك ئىككى شەھىد كېرەك.

**پاششاپ يېنىدىكىلەر:** مانا، مانا بىز قازى ئالدىدا توغرىلىق بىلەن شاھىدلىقنى بىلدۈرەلەيمىز.

**ياشلاردىن بىرى:** بولىدىغان گەپ، بۇنى قازى بېگىم داڭزىغا ئېلىپ قويسۇن.

ھە، ھە شۇنداق قىلسۇن دېگەن ئاۋازلار. سىرتتىن يىراقتا يۆلەن ھەم قىزنىڭ يىغا ئاۋازى، مانا، مانا كەلدى دېگەن ئاۋازلار بىلەن ئىشىك تۈۋىدە ئولتۇرغانلاردىن بىرقانچىسى ئۆرە تۇرۇشۇپ كېتىدۇ.

**ئىمىن:** ھە، پاششاپ تەييار بولدىمۇ؟

**پاششاپ:** تەييار تەخسىر، كەسلە باي ئاكا، (باينىڭ بوينىغا ياغلىقنى سالىدۇ. باشقىلار «ۋاي ئىشككە ئوت ياقايلى، ئوت ياقايلى دېيىشىدۇ.) بىرقانچەيلەن «مانا بىز ياقىمىز» دەپ يۈگۈرۈشۈپ چىقىپ كېتىدۇ.

پاششاپ: (تاياقنى ئالقىنىغا ئۇرۇپ) قېنى ئوتتۇز ئوغۇل تەرتىپ تۈزەيلى. (ھەممە تۇرىشىدۇ، باينى كوشۇگە يېنىغا ئۈتكۈزۈپ، باشقىلار چەتكە داجىپ يول بوشىتىپ، ئىشىككە قارىشىپ تۇرىدۇ. ئۇلەن توختاپ قىزنىڭ يىغىسى بىلەن ۋارۋۇر - جارجۇر، چوقانلار...

ئىككى نەپەر ئەر كىشى قىزنى بىر كىگىزگە يۆگەپ، كۆتۈرۈپ كىرىپ ئۆي ئوتتۇرىسىغا تاشلايدۇ. ئۇلارنىڭ چىقىپ كېتىشى بىلەن ئىككى نەپەر يەڭگە كىرىپ، قىزنى كىگىزدىن بوشىتىپ، ئۆرە تۇرغۇزۇپ، كىيىملىرىنى بىر قۇر جۆندەپ، قولىقىغا بىر نېمىلەرنى دەپ قويۇپ چىقىپ كېتىدۇ.

پاششاپ: ھە، باي ئاكا، ئەمدى نۆۋەت سىلىنىڭ، (ھە، ھە، باشلايلى، باشلايلى دېگەن ئاۋازلار)

باي: (ئاستا مەغرۇرلۇق بىلەن) قىزغا يېقىن كېلىپ ئۆزىگە تارتىپ) ھوي، ھوي، مۇنۇ، ياغلىقنى يەش! (قىز تەتۈر قارىۋالىدۇ.)

باي: (سىلكىپ تارتىپ) ھوي بەغەرەز، يەش دەيمەن. (قىز كەينىگە داجىيدۇ.)

باي: (ئالدىغا تارتىپ، قىزنىڭ بېشىغا بىرنى ئۇرۇپ) يەش دەيمەن. (قىز ئىلاجىسىز قالغاندەك قولىنى سوزۇپ يېشىشكە باشلايدۇ.)

ۋاي باركاللا، ۋاي باركاللا، مەردانە بولۇڭ دېگەن ئاۋازلار، قىز ياغلىقنى يېشىۋالىدۇ. ۋاي بەللى، ۋاي بەللى دېگەن چوقانلار.

باي: ئەكەل! (ياغلىقنى تاشلىۋېتىپ قولىنى سوزۇپ) ماۋۇ چاپاننى يەش!

قىز چاپاننى ھەم چاپسان سالدۇرۇۋالىدۇ. «مانا يارايدۇ، باركاللا!» دېگەن چوقانلار.

ئىمىن: خەير، ئاقىۋەتىڭلار ئابات بولسۇن ئامىن!

(ھەممە قوزغىلىدۇ، دۇئادىن كېيىن قايتىشقا ھەرىكەت قىلىشىدۇ.)

باي: ھاي ئوتتۇز ئوغۇل (ئىمىنغا قاراپ) ئىمىن ئاخۇن ئوتتۇز ئوغۇلنى مېھمانخانىغا باشلايلى، بىر ئاز بەزمە قىلىمىز.

«ۋاي رەھمەت، بولىدۇ» دېگەن ئاۋازلار.

ئىمىن: خوپ، قېنى ئوتتۇز ئوغۇل، يۇرۇڭلار! (چىقىپ كېتىشىدۇ، باي ھەم كەينىدىن چىقىپ كېتىدۇ. گۈلەم ئاستا بېشىنى چىقىرىشىغا يەڭگىلەر كۈلۈشۈپ كىرىپ كېلىدۇ، گۈلەم يەنە يوشۇرۇنۇۋالىدۇ.)

1 - يەڭگە: چاپسان تۈزەيلى. (كوشەككە ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ، ئىككىنچى يەڭگە كىرىپ بىر ئازدىن كېيىن بىرى يېنىپ چىقىپ قىزنىڭ قولىقىغا بىر نېمىلەرنى دەپ قايتىدۇ. يەڭگىلەر: «خۇدا، ئاقىۋەتىڭلارنى بەرسۇن، قوش - قوش ئوغۇللارنى بەرسۇن! دېيىشىپ چىقىپ كېتىشىدۇ.)

قىز بېشىدىكى ياغلىقنى پىقىرىتىپ تاشلاپ ئىلدام پەنجىرىگە كېلىپ، ئىشىكنىڭ ئوچۇقلىقىنى كۆرۈپ ئەتراپقا قارىشىپ گۈلەم يۈگۈرۈپ چىقىپ سۇلتانغا قاراپ تۇرۇپ قالىدۇ.

گۈلەم: ۋىيەي، سۇلتانجان!

سۇلتان: گۈلەمخان (ئىككىسى قۇچاقلىشىدۇ.)

گۈلەم: (يىغلاپ) بارمۇسىز، ھاياتمۇسىز!

سۇلتان: قانداق ئۆزىڭىز سالامەت يۈرەمسىز.

گۈلەم: (سۇلتاندىن ئاجراپ ھەم ئالدىرىغان ھالدا) ياخشى، بولۇڭ ۋاقتىدا قاچايلى!

سۇلتان: توختاڭ! (ئوچىسىدىكى

ئايالچە كۆينەكنى سېلىشقا باشلايدۇ.)
سىرتتا «ھەي سەمەت، ئىشكىلەرنى بېكىت، ئىچكەركى قورادا ئادەم قالمىسۇن!» دېگەن ئاۋاز.

**گۈلەم:** بولۇك (يۈگۈرەپ كېلىپ كۆينەكنى سالدۇرۇپ ئالىدۇ.)

**سۇلتان:** بولۇك، تېز يوشۇرۇنۇك!

**گۈلەم:** ياق، ئەمدى يوشۇرۇنمايمەن. (ئىلدام كېلىپ بۇگۈلۈك ئاستىدىن پىچاقنى ئېلىپ ئىشىك كەينىگە ئۆتۈپ ماراپ تۇرىدۇ.)

**سۇلتان:** تەگمەك، ماقۇلمۇ. (ئىلدام ياغلىقنى بېشىغا ئارتىپ، تەتۈر بۇرۇلۇپ، يىڭنىچە ئىشىككە قاراپ تۇرىدۇ. باي سىرتتىن يۆتىلىپ قويۇپ ئىلدام كىرىپ سۇلتاننىڭ يېنىغا كېلىشىگە، سۇلتان ئىلدام بۇرۇلۇپ، ياغلىقنى تاشلاپ بايغا ھومىيىپ قارايدۇ.)

**باي:** (سۇلتاننى كۆرۈشى بىلەن: «سۇبھانەئاللا!» دەپ قالىدۇ.)

**سۇلتان:** ئەي توشقان يۈرەك، مۇشۇ ئەھۋالىڭ بىلەن نېمە ئانچە چوڭ ئىشلارغا قول ئۇزاتتىڭ. ئەمدى ئۆنۈڭنى چىقارما! (ياندىن پىچاقنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ) كۆرۈپ قوي، ئاغزىڭنى ئاچساڭ جېنىڭ بىللە چىقىدۇ.

**باي:** (تىترەپ) بالام ... بالام سەن ھايات ئىكەنسەن، شۈكرى، قوي، قوي بالام!

**سۇلتان:** بولدى، لولىلىق قىلما!

**باي:** قوي بالام، گۈلەمنى ساڭا بېرەي، مىراسخورۇم بول!

**گۈلەم:** (ئىلدام كېلىپ) ئەي ئۇياتسىز ھىلىگەر! باي چۆچۈپ كەينىگە داجىپ، تىترەپ، ھەيران بولۇپ قالىدۇ.

**گۈلەم:** مېنى بۇنىڭغا بېرىپ، لوزۇڭغا نېمە دېمەكچىسەن.

**باي:** (باي ئۆزىنى توختىتىپ ھۇجۇمغا تەييارلىنىپ غەزەپ بىلەن) ھوي، ھاياسىز، بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىسەن (ماڭىدۇ.)

**سۇلتان:** توختا، قايت (بايىنىڭ مۈرىسىدىن تارتىدۇ.) باي ئىلدام بۇرۇلۇپ سۇلتاننىڭ پىچاق تۇتقان قولىنى تۇتۇۋالىدۇ. چېلىشىش باشلىنىدۇ. يىقىلىپ دومىلىشىپ كېتىدۇ. گۈلەم ھەم قاتنىشىپ ئاخىرى بايىنىڭ بىر تېپىشى بىلەن ئۇڭدىسىغا يىقىلىپ چۈشىدۇ. پەنجىرىدىن زوجىڭ سەي بىلەن ئەھمەت سەكرەپ چۈشۈپ بايىنى تۇتۇپ باغلاشقا باشلايدۇ.

**گۈلەم:** (دەس تۇرۇپ، پىچاقنى كۆتەرگىنىچە تۇرۇپ قالىدۇ. بىر دەمنىڭ ئىچىدە بايىنىڭ پۇت - قولى ھەم ئاغزى باغلىنىدۇ. گۈلەم يۈگۈرۈپ كېلىپ بايغا پىچاق ئۇرماق بولغاندا زوجىڭ سەي تۇتۇۋالىدۇ.

**گۈلەم:** تۇتماڭلار! مەن بۇ قانخوردىن ئانامنىڭ ئىنتىقامىنى ئالىمەن!

- ئەھمەت، سۇلتان بايىنى گىلەمگە يۆگەشكە كىرىشىدۇ.

**زوجىڭ سەي:** (گۈلەمگە) ھە، ھە، توغوتا.
بومايدۇ، مابولدى، گۈلەمخا، جۇر كېتىدۇ.

**ئەھمەت:** (بوشاپ) بولدى گۈلەمخان، يۈرۈك!

**گۈلەم:** ۋاي، ئەھمەتجان، بارمۇسىز!

**ئەھمەت:** بار، بار، ئۆزىڭىز ياخشىمۇ، بولدى، يۈرۈك!

**گۈلەم:** بۇنى قالدۇرساق يەنە ئىزىمىزغا چۈشىدۇ، ئۆلتۈرۈش كېرەك!

**سۇلتان:** (بوشاپ) ياق، ئەمدى پايدا ئالالمايدۇ، يۈرۈك!

(ھەممە پەنجىرىگە ماڭىدۇ.)

پەردە چۈشىدۇ.

٤٥

باری سینک تنکلی غنچه و تبسم ایلهسام ایلهاسام
تاریب یشندا بولادرلار زنارکه بوز مینک ایرجی بر اشیم
قاپیب سنجاغیم سنجاغ دودن بولادر
قول قولاق لارکه اسلینجه سیم دیدیب نغماشی
پادشاه لار بو جواهرلارنه دیبیک ایرور
برکوبک زنقاره نینک الدیدا بوبیکا راتش
باغی اول معتبر لیک ابرین نان دور تاشنی اوماغ دیب دور قدیم
آرفه غور جاق آتش اولار نه تاشنی یموبیکنی تلاشی
تاشغن او فخاشنی کیشنه قیلنا تلاشور
تاشنیغ تانما غانلار نه خلایق باشی
قیلدی حق عنایت و یک تا نشنا تعجب ایرنی بوبیان
بابیسن عبد الله بو اشلیغ دین عیا نغه بول بیان
سیبان کیره ناتاب خاتون انکو سینکی جی بنغاشی
فاخته

اجیلیب کان هر طرف اندین جواهرلار عجیب
شاد و خرم ییکید ایتدی قانجه پیرلار دیدین باشی
کوب جواهر بیلکی یاشنی کورو دور یا شلار وزی
بولارلار کمکه منظور بولوب ایتیلدی کی قاشی
المسجی ایستام بولاردین قاشنی تاریخ یاقوت عقیق
تج زبرجد لعل مروارید نه بلکیل ای اوداشی
بونجی مرجان لار جواهر قیمت ولا اهنک دوا
شیشه آیینه صدف گوهر نه کورسام ایراوی
یره فیروزه زمرد قالمکون ابدیع کونیشی
تا بو مظلوم لارایکی کیدوتنه دیب ایتی فید اتشی
بارفلا قت الماسی بیدیلکی کوز ممکنا تاشنی قاپیق سیبا
موج زر بوز دو ساکی جواهر بردم برجیبن جحی قوزاشی

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



源泉（布拉克）（维吾尔文）总 74 期

MAGAZINE OF BULAK UIGHUR LANGUAGE

新疆人民出版社编辑出版
（乌鲁木齐市解放南路 348 号）
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

国内统一刊号：CN65—1050/1
本刊代号：58—108 定价：4.50元
ISSN 1005—0876/国外代号：Q1118

بۇلاق (قوش تىللىق ژۇرنال) ئومۇمىي 74-سان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348-نومۇر)
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدى
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەتئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN65—1050/1
ۋاكالەت نومۇرى: 58—108. باھاسى: 4.50 يۈەن
چەتئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: Q1118

ISSN 1005-0876
10 >
9 771005 087006